ئابدۇللاھ

# تۈركىستانلىقلارنىڭ دۆلەتچىلىك تارىخىدىكى سىياسىي تەجرىبە ـ ساۋاقلار

( 1 ـ قىسىم )

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات مەركىزى

بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد لله وحده والصلاة والسلام على من لا نبي بعده:

# كىتابخانلارغا

مەن بۇ كىتابىمنى ئىسلام دىنىنى ھاكىمىيەت ئورنىغا چىقىرىشىمىزغا سىياسىي جەھەتلەردىن مەنپەئەتى تېگەرمىكىن دېگەن ئارزۇدا يېزىپ چىقتىم ھەمدە مۇسۇلمان ياكى كۇپپارلاردىن ئىبارەت ئېتىقادىي مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي تائىپىلەرنىڭ بىرسى بولغان تۈركىستانلىقلارنىڭ دۆلەتچىلىك تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە تاللاپ ئالدىم.

شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن تۈركىستانلىقلارنىڭ جاھىلىيەت ۋە ئىسلام تارىخى سىياسىي بىلىم ئېلىش نۇقتىسىدىن ئوخشاشلا تەھلىل قىلىندى ھەم تارىخىي ۋەقە، شەخس، سىياسەت، تاكتىكىلارغا ساپ ئېتىقادىي نۇقتىدىنلا ئەمەس بەلكى سەۋەب نۇقتىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ باھا بېرىلدى.

شۇنداقلا مۇشۇ ئۇسۇل ئاساسىدا پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان، كۇپپار تائىپىلەرنىڭ تارىخىدىن ھەم مىساللار كۆرۈپ ئۆتۈلدى.

شۇڭا بۇ ماقالىنى ئوقۇغىنىڭىزدا پىقىرنى، ياكى مۇسۇلمانلارنى سۆكۈۋاتقان، ياكى كاپىرلارنى ماختاۋاتقان، ياكى مىللەتچىلىك قىلىۋاتقان ھالەتتە چۈشۈنۈپ قالماسلىقىڭىزنى سەمىمىيەتلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

ئوقۇرمەنلەرگە ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نوقتا شۇكى ـ تۈركىستان خەلقى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ھەرتەرىپلىمە تارىخىي تۆھپىلەرنىڭ ساھىبى بولغان بىر قەۋم. بۇ توغرىدا نۇرغۇن ماتېرىياللار ھەم ئېلان قىلىندى. بىرىنچىدىن ـــ تاللىۋالغان تېمىمىزنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە، ئىككىنچىدىن ـــ دېيىلىپ بولغان سۆزلەرنى يەنە قايتىلاپ

ئولتۇرماسلىق نىيىتىدە، بۇ ماقالىدا ئوموُمەن تۈركىستانلىقلارنىڭ دۆلەتچىلىك تارىخىدىكى سىياسىي نۇقسانلارنىلا ئاساس قىلىپ تەھلىل يۈرگۈزدۈم.

خاتالىقلارنى كەچۈرگۈچى الله دىنلا مەغپىرەت تىلەيمەن.ئى الله! سېنىڭ مەغپىرىتىڭ مېنىڭ ئىبادىتىمدىن ئۈمىدلىك، سېنىڭ مېھرىبانلىقىڭ مېنىڭ دۇئايىمدىن كەڭرى. ئى الله! مەن بۇ كىچىككىنە ئەرزىمەس ئىبادىتىم ئارقىلىق پەقەتلا سېنىڭ رازىلىقىڭنى تىلەيمەن، مەندىن ھەر ئىككىلى دۇنيادا رازى بولغىن، ئامىين!

# مۇقەددىمە

دۆلـەتچىلىك سىياسـىتى ــ بىـر دۆلـەت رەھبـەرلىك ئورگـىنىنىڭ ئـۆز ئېتىقادىنى ۋە دۆلىتىنى ساقلاپ قېلىش، گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش يولـــدا قوللانغـــان ئـــەڭ ئاساســـلىق سىياســـي تـــاكتىكىلىرىنىڭ ئـــومۇمىي يىغىندىســـىنى كۆرســـىتىدۇ. ئـۇ قايسـى دۆلـەت، قايسـى قەۋمـدە تـەرەققىي قىلىدىكەن ۋە ئۇنتۇلمايدىكـەن؛ شـۇ دۆلـەت، شـۇ قـەۋمنىڭ مۇسـتەقىللىقى، ئىنشاللە، مەڭگۈ جەۋلان قىلىدۇ ھەم ئۇلار تەدرىجى ھالدا خەلقئارا سىياسىي ئىشلار مۇنبىرىدىن رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالالايـدۇ. ئەگـەر ئەكسـىنچە بولسا شۇ دۆلەت، شـۇ قـەۋمنىڭ مۇسـتەقىللىقى يىللارنـىڭ ئۆتىشـى بىلـەن قۇللۇققا ئايلىنىدۇ؛ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۆككەن قانلىرى بىكار كېتىپ ئىنقىلابىي ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بىز تۈركىستانىنىڭ تارىخىنى ياخشىلاپ تەتقىق قىلـدىغان بولسـاق، بـۇ ساھە بويىچە نۇرغۇن ئەمەلىي ئىسپاتلارغا ئىگە بولالايمىز.

ھازىرقى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستانىنىڭ(1) ئـەڭ ئاساسـلىق پۇقراسـى بولغان تـۈرك خەلقلـەر مـەيلى ئىسـلامدىن بـۇرۇن بولسـۇن، مـەيلى ئىسـلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن بولسۇن قۇدرەتلىـك بىـر سىياسـىي كـۈچ سـۈپىتىدە دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا چىقارغان. شـۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ نۇرغۇن تارىخى تۈركىستانلىقلارنىڭ قولىدا يېزىلغان.

ئەمما، « قۇلان قۇدۇققا چۈشسە پاقا ئـايغىر بـوپتۇ » دېگـەندەك، ئـەينى ۋاقىتتا تۈركىسـتانلىقلارنىڭ قۇدرىتىـدىن قـورقۇپ، ئـۆزىنى مۇداپىئـە قىلـىش ئۈچۈن دۆلەت چېگراسىغا 6 ـ 7 مىڭ كىلومېتىرلىق سېپىل سوقۇپ چىققان، « كۈچلۈك چىققان بورانلىرىمىزمۇ سەددىچىنگە بارغاندا تۈركلەرنىڭ زېمىنىغا ئۆتىشكە جۈرئەت قىلالماي كەينىگە قايتىـدۇ » دەپ شـېئىرلارنى يېزىشـقان، تۈركلـەرنى ئۆزىگـە نىسـبەتەن بىـر ئىلاھـىي كـۈچ ھېسابلاشـقان خىتـايلار بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تۈركىستانىنىڭ شەرقىگە خـان. خىتـايلارنى قـۇل

قىلىشقىمۇ ئەرزىتمىگەن بويىنى قاتتىق خانلارنىڭ ئەۋلادى بولغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار خىتايلارغا قۇل. ئۇلار ھازىر دىنىي ۋە ئىنسانىي ئىززىتىنى ئەمەس بەلكى دۇنيادا ياشاش ھوقۇقىدىن ئىبارەت ئەڭ تۆۋەن بىر ئىنسانىي تەلىپىنىمۇ قاندۇرالمايدىغان ئىچىدە تىپىرلىماقتا.

16 - ئەسىرلەردە ياۋروئاسىيا قورۇقلۇقىدا پەيدا بولغاندىن باشلاپ 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىمالىي تۈركىستان خەلقىگە ئولپان تۆلەپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان، شىمالىي تۈركىستاندىكى تۈرك ھاكىمىيەتلىرى تەرىپىدىن ئۇنىۋان بېرىلمىسىمۇ كېنەزلىكىمۇ ئېتىراپ قىلىنمايدىغان ئورۇسلار، پۈتۈن شىمالىي - غەربىي تۈركىستاننى يەتكىچە پايمال قىلدى ۋە شۇ تۈرك پەرزەنتلىرى ئىچىدىن ئۆزىگە ئوخشاش، ئىسلامغا قارشى يول تۇتۇپ بارلىق كۈچى بىلەن كۈرىنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان سىياسىي ئىزباسارلارنى تەربىيەلەپ چىقتى. بۈگۈنكى كۈندە رۇسلار ۋە شۇ قانخورلارنىڭ سىياسىي ئىزباسارى بولۇپ تۇرىۋاتقان تاغۇت ھاكىمىيەتلەر ئوخشاشلا ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا قولىدىن كېلىدىغان بارلىق پەسكەشلىكلەرنى قىلماقتا. شانۇشەۋكەتلىك شىمالىي - غەربىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسلامىي ئېتىقادى يەنىلا كىرىزىس خاراكتېرلىك خەتەرگە دۇچ كەلمەكتە.

مانا شۇنداق كۆتۈرۈپ قويغۇسىز دەرد، دېيىشكە ئېغىز كۆيگىدەك ئىزا - ئاھانەت ئاستىدا كۆزىمىز ياش، باغرىمىز قان، يەلكىلەر ئېغىر، مۇشتۇملار تۈگۈك ھالەتتە ياشاش؛ دۇنيادىكى ئەسلى ئورنىنى يوقۇتۇپ قويغان بىز تائىپىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەمەلىي ئەھۋالى.

بىر نەچچە يۈز يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن مانا بۇ ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىشلەرنىڭ، « قۇلى خاقانىغا شاھ بولغان » غەلىتە ھادىسىنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟

سەۋەبى — تۈركىستانلىقلارنىڭ دۆلەتچىلىك سىياسىتىنى ئۇنتۇغان، تەتقىق قىلمىغان، ئۆزلەشتۈرمىگەنلىكىدە. نەتىجىدە باتۇرلۇقنىڭ،

جەسۇرلۇقنىڭ قارىغۇلارچە قارىملىقىقا ئايلىنىپ قالغانلىقىدا. ئەۋلاتلارنىڭ كۆنسېرى ئەقىلسىز يولۋاس بولۇپ كەتكەنلىكىدە.

يۇقىرقى بايانلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى دۆلەتچىلىك سىياسىتىدىن ئىبارەت بىر ئىستراتېگىيىلىك تاكتىكا تۈركىستانلىقلار بىلەن خىتاي ۋە رۇسلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي ئەسلىي مۇناسىۋەتنى ئەنە شۇنداق ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىپ تاشلىدى. ماددىي، جىسمانىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئۆز دۈشمىنى بولغان تۈركىستانلىقلارغا تەڭ كېلەلمىگەن خىتاي ۋە ئورۇسلار تۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئىنقىلاب ۋە ھاكىمىيەتنىڭ ئەنگۈشتەرى بولغان دۆلەتچىلىك سىياسىتىگە مەھكەم يېپىشتى. ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى. نەتىجىدە ئارزۇيى ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ نوپۇسى كۆپ، زېمىنى چوڭ، تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرگە ئايلىنىشتى. تۈركىستانلىقلار بولسا دەل ئۇلارنىڭ قارشىسىغا يول تۇتقىنى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تارىخىي دۈشمىنى بولغان خىتاي ۋە ئورۇسنىڭ ئالدىدا قۇل ۋە كىچىك قەۋمگە ئايلىنىپ قالدى.

ﷲ نىڭ كاتتا ئىلتىپاتى بىلەن ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان ئەشۇ ھاقارەتلىك تەقدىرنى ئۆزگەرتىپ مۇستەقىل، تەرەققىي قىلغان، قۇدرەتلىك بىر ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق يىقىلغان ئىسلامىي خىلاپەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر تۈركۈم جىگەرلىك مۇسۇلمان پەرزەنتلەر يەنە بىر قېتىملىق بۈيۈك جىھادقا تەييارلىق كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىز. ئىنشاﷲ، قاينام دەريا كېچىكسىز بولمايدۇ. ئەمما بۇ جەرياندا قەتئىي ئۇنتۇماسلىقىقا تېگىشلىك تارىخىي ھەقىقەت شۇكى؛ بىر جىھادىي گۇرۇھتا دۆلەتچىلىك سىياسىتىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى ياكى مۇكەممەل، ئىلمىي بولۇش ـ بولماسلىقى؛ ئۇلارنىڭ سىياسىي ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ـ ئاشماسلىقىنى تۈپتىن بەلگىلەپ قويىدۇ (ﷲ بىلگۈچىراق). چۈنكى ئۇنىڭ بولىشى پۈتكۈل سىياسىي بوشلۇقلارنى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئەمما ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولغان بىر كۈچ

بىلەن تولدۇرۇپ، ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ سىياسىي ھاياتنى غەلبىگە ئىگە قىلغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. يوقلىقى بولسا بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

شۇڭا دۆلەتچىلىك سىياسىتىنى پۈتكۈل جىھادىمىزنىڭ مەركىزىي نوقتىسى سۈپىتىدە ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز، راۋاجلاندۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى پۈتكۈل جىھادىي ھەرىكىتىمىزنىڭ سىياسىي قىبلىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.

تۈركىستانلىقلارغا تەئەللۇق بولغان دۆلەتچىلىك سىياسىتى« قۇرئان » ۋە « ھەدىس » نى يېتەكچى، تارىخىي سىياسىي تەجرىبىلىرىمىزنى ئاساس، باشقىلارنىڭ تارىخىي ۋە ھازىرقى سىياسىي تەجرىبىلىرىنى قوشۇمچە تولۇقلىغۇچى قىلىپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش، يەكۈنلەشتىن شەكىللىنىدۇ.

مەن تۈركىستاندىكى بۇ نۆۋەتلىك جىھادىي ھەرىكەتكە، ئەمىرلىرىمىزنىڭ تۈركىستاننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولغان دۆلەتچىلىك سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا پايدىسى تېگەر دېگەن مەقسەتتە «تۈركىستانلىقلارنىڭ دۆلەتچىلىك تارىخىدىكى سىياسىي تەجرىبە - ساۋاقلار» ناملىق سەككىز قىسىملىق بۇ ماقالەمنى يېزىپ چىقتىم. اللە نىيەت ۋە ھەرىكەتلەرنى قۇرئان ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھقا ئۇيغۇن بولغىلى، ھاياتىمىزنى غەلبە بىلەن شاتلانغىلى نەسىب قىلسۇن. ئامىن!

# 1 ـ قىسىم. ئومۇمىي تارىخىي تەجرىبىلەر

تۈركىستانلىقلار ئۆزىنىڭ قەدىمدىن تا ھازىرغىچىلىك بولغان غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت بىلەن تولغان ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسى جەريانىدا، نۇرغۇنلىغان سىياسىي تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولدى. بۇ بىزنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا دۆلەتچىلىك سىياسىتىمىزنى بەرپا قىلىشىمىزدىكى ئەڭ ئاساسلىق مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1 ـ باب. سىياسىي جەھەتتىكى پروگراممىسىزلىق

خەلقىمىز ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق كەچمىشى جەريانىدا بويسۇنماس، جەڭگىۋار قەۋم ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ؛ لېكىن يىلىمىزى دۇنياۋىي سىياسىي ئورنى تۆۋەنلەپ، بۈگۈنكى كۈندە ھەتتا ئىستىقبالى خەتەرلىك ھالغا كېلىپ قالدى. بۇنىڭغا نۇرغۇن سەۋەبلەر قاتارى تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ئامىل ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى:

بىرسى، خەلقىمىز تارىخىدا ئەمەلىيەتتىن، ھەققانىيەتتىن يىراق بولغان رەڭگا ـ رەڭ ئاساسىي سىياسىي پروگراممىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ؛ سىياسىي ھەرىكەت يۆنىلىشىمىزدىكى تارىخىي ۋارىسچانلىق، تەرەققىيات بۇزۇلدى. ھەتتا ئىسلامىي تارىخىمىزدا، ﷲ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزۈپ قويغان، ئاساسىي سىياسىي پروگراممىسىز ياشىغان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بار بولۇپ، نەتىجىدە ئادىمىيلىكتىن چىقىپ ئۆزىمىزنى ـ ئۆزىمىز كۆپ خارلىقلارغا سالدۇق.

ئىككىنچىسى، ھەرقانداق ۋاقىتتا پۈتكۈل سىياسىي ھەرىكەتلىرىمىزنى بىر قېلىپقا سېلىپ ئۇنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان مۇكەممەل، ئىلمىي سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلماسلىقى بولدى. بۇ ئەلبەتتە بىزنىڭ يېمىرىلىشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىۋەتتى.

ئورنىنى ھېچ نەرسە تولدۇرالمايدىغان بۇ ئىككى سىياسىي بوشلۇقتا ئەزەلدىن شەخسلەر تۇرۇپ كەلدى. خەلقىمىز مەيلى ئىسلاھات، مەيلى جىھاد مەزگىللىدە بولسۇن دائىم پەقەتلا شۇ شەخسلەرنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ھەرىكەت قىلىپ كەلدى. شۇ كىشىلەر ناۋادا خاتا قىلسا، سۇسلۇق قىلسا، خائىنلىق قىلسا، بۆلىنىپ چىقسا، ئۆلسە؛ سىياسىي ھەرىكىتىمىزمۇ، دۆلىتىمىزمۇ دەرھال ۋەيران بولدى.

بىر ئادەمنىڭ شەخسىي ئارزۇسى دۆلەتنىڭ، جامائەتنىڭ ئاساسىي سىياسىي پروگراممىسىنىڭ ئورنىنى باسالامدۇ؟ ھەققانىيەتتىن يىراقلاپ كەتكەن ئاساسىي سىياسىي پروگراما دۆلەتنى گۈللەندۈرەلەمدۇ؟ ئاساسىي سىياسىي پروگراممىسىز قەۋم دۇنيادا ئىنسانلەك ياشىيالامدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىش يۈزدە ـ يۈز شۇنداق بولدى.

ئەجدادلارنىڭ، ياتلارنىڭ ۋە ھايات سىياسىيونلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاق، بىلىم توپلانمىسىدىن ئەمەس؛ بەلكى بىر ئادەمنىڭ شەخسىي لاھىيەسىدىن كەلگەن سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى بىرەر مىللەت، بىرەر زېمىننى گۈللەندۈرەلەمدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىش يۈزدە ـ يۈز شۇنداق بولدى.

چوڭ ـ كىچىك بارلىق سىياسىي ھەرىكەتلىرىمىز پەقەتلا شۇ رەھبەرلەرگە تايىنىپلا، شۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپلا ئىلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن؛ ئەگەر ئۇلار ئالماشسا بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزدىمۇ دەرھال ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. تارىخىي ۋارىسچانلىقى يوقالغان قالايمىقان سىياسىي ھەرىكەت بىرەر گۈللىنىشنى مەيدانغا كەلتۈرەلەمدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىش يۈزدە ـ يۈز شۇنداق بولدى.

ھە دېگەندىلا ھەققانىي ئىش قىلىمەن دەپ بۆلگۈنچىلىك قىلىش، يېڭىلىق يارىتىمەن دەپ توپىلاڭ پەيدا قىلىش، شەخسىي ھەسەتخورلۇقنى سىياسىي سۇيىقەستكە ئايلاندۇرۇپ بىرلىكنى بۇزۇش؛ بىزنى قىلالايدىغان

نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدى. سىياسىي جەھەتتە بىرلىكنى يوقاتقان سەۋەبلىك ھەقىقانىي ۋە ئەمەلىي ئاساسىي سىياسىي پروگراممىا ۋە سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشمىغان قەۋم ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي نىشانىغا يېتەلەمدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىش يۈزدە ـ يۈز شۇنداق بولدى.

ئۇنداقتا، ئىنسانىيەتنى ھەر ئىوي، ھەر كويلارغا سالىدىغان ئاساسىي سىياسىي پروگراممىا ۋە سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى دېگەن زادى نېمە؟ بىز تۆۋەندە بۇنى تەھلىل قىلىپ ئۆتەيلى.

ئاساسىي سىياسىي پروگراممىا دېگىنىمىز ــ بىرەر قەۋم تەرىپىدىن ئېتىقادىنى، خەلقىنى، ۋەتىنىنى ھەممىدە باشقا ھەرتەرەپلىمە ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشنى، گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ ھەقىقانىيەتكە، شۇ خەلق ۋە شۇ ۋەتەننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تولۇق ئۇيغۇن بولغان؛ ئومۇمىي، ئىلمىي، مۇكەممەل، يىغىنچاق سىياسىي قارارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى كىچىكلەپ كەتسە يۇرتۋازلىق، قەبىلە ۋازلىق، مىللەتچىلىك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. دائىرىسى كېڭىيىپ كەتسە ۋەھشىيانە تاجاۋۇزچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى دېگىنىمىز ــ بىرەر قەۋم تەرىپىدىن ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شۇ قەۋمنىڭ مەركىزىي رەھبەرلىك ئورگىنى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىشى كېرەك بولغان؛ ئىلمىي، يېتەرلىك، مۇكەممەل ھەرىكەت تاكتىكىلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مۇتلەق ھالدا ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

پۈتكۈل سىياسىي ئىشلارنىڭ جان تومۇرى بولغان مانا شۇ ئىككى نەرسىگە ياخشى ئېتىبار بەرمەسلىك دېمەك خەلقىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى ۋە خاتالىقى بولۇپ كەلدى.

## 1 ـ ئاساسىي سىياسىي پروگراممىغا ئېتىبار بەرمىگەن خاتالىقلىرىمىز توغرىسىدا

بىزنىڭ ئاساسىي سىياسىي پروگراممىغا تۇتقان مۇئامىلىمىز تارىختىن بۇيان ئۈچ خىل شەكىلدە بولۇپ كەلدى.

بىرىنچى، ئۇنى ياخشى تەتقىق قىلمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، مۇۋاپىق ۋە يېتەرلىك سىياسىي پروگراممىغا ئىگە بولالماسلىق. ئاقىۋەتتە ياخشى ئىستىقبالنىڭ يىلىپىرى گۈللەپ ياشنىشىغا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئۆكسۈپ قالماسلىقىغا ياكى ۋەيران بولماسلىقىغىمۇ كاپالەتلىك قىلالماسلىق.

ئىككىنچىسى، ئۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇش. ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان رەسۋا ھالەتكە چۈشۈپ قېلىش.

ئۈچىنچىسى، دىنىي ـ سىياسىي جەھەتتىكى ساۋاتسىز قېلىش، چۈشەنچىدە مايماق كېتىش، ئەخلاقىي جەھەتتە ئىچى تارلىق قىلىش سەۋەبلىك؛ ھەققانىي ۋە ئەمەلىي بولغان ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويغان رەھبەر، ھاكىمىيەت، تەشكىلاتلاردىن ئورۇنسىز ئايرىلىش ياكى بۆلۈنۈپ چىقىش؛ ئۇنىڭغا قاتناشماسلىق ۋە ھەتتا قارشى تۇرۇش. نەتىجىدە بارلىق ياخشى پۇرسەتلەرنى يوق قىلىپ تاشلاش.

بىرىنچى خىل مۇئامىلە ھاكىمىيەت ئىگىسى بولغان پەيتلىرىمىزدە سادىر بولدى.

ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان قەۋم مۇستەقىل ھاكىمىيەتكە باش بولۇپ تۇرغاندا ئىچكى جەھەتتە ئىسلاھات بىلەن دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، تاشقى جەھەتتە ئۆز دۈشمەنلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك بويسۇندۇرۇپ، خەلىپىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ياكى خەلىپىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتقانلارغا بەيئەت قىلىپ يېقىندىن ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يۈتكۈل كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ (ئەگەر اللہ شۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلسا).

ھەرقانداق بىر كاپىر قەۋم مۇستەقىل ھاكىمىيەتكە باش بولۇپ تۇرغاندا بۇ دۇنيالىق ئەيش - ئىشرىتى ئۈچۈن ئىچكى جەھەتتە ئىسلاھات بىلەن دۆلىتىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، تاشقى جەھەتتە ئۆزى دۈشمەن دەپ قارىغانلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، خەلقئارانىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئېلىشنى ئۆزىنىڭ بىردىن - بىر مەقسىتى قىلغان ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ پۈتكۈل كۈچ بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ (ئەگەر شۇ پىكىرگە كېلەلىسە).

بىز مۇشۇ ئاساستا ئۆز تارىخىمىزنى ياخشىلاپ تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولساق ناھايىتى نۇرغۇن ئەپسۇسلۇق ۋەقەلەرگە ئىگە بولىمىز. مەسىلەن:

ئوتتۇرا ئەسىردە مەركىزىي ئاسىيادا دەۋران سۈرگەن قارلۇق خانلىقى (مىلادىيە 766 ـ 942)، سامانىيلارخانلىقى (مىلادىيە 875 ـ 999)، قاراخانىيلار خانلىقى (مىلادىيە 870 ـ 1212)، غەزنەۋىيلەر خانلىقى (مىلادىيە 961 ـ 1192)، سەلجۇق ئىمپېرىيىسى (مىلادىيە 1037 ـ 1157)، خارەزىم خانلىقى (مىلادىيە 1040 ـ 1220)، گۇرىيلار خانلىقى (مىلادىيە 1148 ـ 1206) قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ(2) ھەممىسى تاكى يىقىلغۇچىلىك بىر - بىرىگە نىسبەتەن ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋېلىش نىشانىدا ھەرىكەت قوللىنىپ كەلدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق جەڭلەر توختىماي داۋاملىشىپ تۇردى ۋە مەركىزىي ئاسىيا تەۋەلىكىدە پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلگەن بىرەر ئىسلامىي ھاكىمىيەت مەيدانغا كەلمىدى. نەتىجىدە چىڭگىزخان ئىستېلاسىغا(3) ئوخشاش كافىرلارنىڭ تاجاۋۇزانە ھەرىكەتلىرىگە مۇۋاپىيەقىيەتلىك قارشى تۇرۇش، كاپىرلارنىڭ يۇرتلىرىنى فەتىھ قىلىپ ئىسلام رايونلىرىنى كېڭەيتىش بۇلارغا ئۇنچە كۆپ نەسىپ بولمىدى.

بارلاس قەبىلىسىنىڭ(4) باشلىقى ئەمىر تۆمۈر مىلادىيە 1366 - يىلى خۇراساندىن باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن تارتىپ تاكى مىلادىيە 1404 - يىلى

مىڭ سۇلالىسى ( مىلادىيە 1368 ـ 1644 ) نى فەتھ قىلىش ئۈچۈن 800 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن سىر دەريادىن ئۆتۈپ، ھازىرقى قازاقىستاندىكى ئوترار شەھىرىگە كەلگەندە ئوتتۇرا يولدا ۋاپات بولغانغا قەدەر، پۈتكۈل ھاياتىدا نوقۇل دۆلەتنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت خاتا سىياسىي پروگراممىسى ئاساسىدا ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە قولغا كىرگۈزگەن رايونلىرى كۆپ بولغان بولسىمۇ لېكىن بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنىغا چوڭراق تۆھپە قوشۇش ئۇيانىدا تۇرسۇن بەلكى زىيان سالدى. يەنى — ئوسمان تۈركلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا خىلاپەت سىياسىتىدە بۇرۇنراق باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنى قاتتىق توسۇپ قويدى. ئورۇسلارنىڭ دۇنيادا مىللەت سىياسىتىدە مەيدانغا چىقىپ ئىسلام دۇنياسىغا زىيان سېلىشىغا كەڭ ـ كەڭرى شارائىت ھازىرلاپ قويدى. ھەتتا ئۆز دۆلىتىنىڭ بىر نەچچىگە پارچىلىنىپ كېتىشىگە ئىدىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەردى.

مىلادىيە 1747 ـ يىلى ئافغانىستاندا ئەھمەدشاھ باشچىلىقىدا كۈچلۈك بىر ئىسلامىي ھاكىمىيەت مەيدانغا كەلدى ۋە ئىران، ھىندىستان تەرەپكە قاراپ تېزلىكتە كېڭىيىشكە باشلىدى. بۇنى ئۆزىنىڭ خىلاپەتلىك ئورنىغا ناھايىتى چوڭ تەھدىت دەپ ھېسابلاشقان ئوسمان خەلىپىلىكى ( 1299 ـ 1923 )، پاتىمىيە خانلىقىدىن * كېيىنكى مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىتتا دۇنيادا سىياسىي جەھەتتە پەقەتلا ئورنى يوق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان شىئەلەرنى كۈچلۈك ياردەم بىلەن ئىراندا ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئەھمەدشاھقا قارشى قويدى. بۇ شىئەلەر كېيىنكى مەزگىللەردە ئوسمان خىلاپىتىنىڭ يىقىلىشىغا قاتتىق سەۋەب بولۇپلا قالماستىن، تا بۈگۈنگىچە ئىسلامىيەت ئالىمىنىڭ دۈشمىنى بولۇپ كەلمەكتە.

* مىلادىيە 1171 ـ يىلى سالاھىددىن ئەييۇبى تەرىپىدىن يىقىتىلغان.

ختايلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 204 ـ يىلى باتىل دىن بولغان شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈرك قەۋملىرىنىڭ دۆلىتى بولغان ھۇن ئىمپېرىيىسىنى** دۇنيادىن يوق قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن، 300 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ھونلارنىڭ خانى باتۇر(5) بۇ ختايلارنى ھازىرقى سەنشىنىڭ بەيدىڭ تېغىدا مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىپ يەتتە كۈن ئېچىدە ھەممىسىنى دېگۈدەك قىرىپ تاشلىدى. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىقى خان ۋە گېنېراللاردىن تەشكىل تاپقان قىرغىندىن ئېشىپ قالغان بىرتۈركۈم ختايلارنى« سەتەڭلەر ھيلىسى» دىن ئىبارەت قىلتاق سەۋەبلىك ئۆز قولى بىلەن قويۇپ بەردى.

بىراق ختايلار ۋەتىنىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن 180 يىل سىياسىي تەييارلىق(6)، 90 يىل ۋەھشىيانە قانلىق ھەربىي يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق ھون ئىمپېرىيىسىنى يەر شارىدىن يوق قىلىپ تاشلىدى. ئەمما شۇنچە ئۇزۇن جەرياندا ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك بولغان ھونلار ختايلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق پىلانلىق تەدبىر قوللانمىدى، ھەتتا بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلدى.

كېيىنكى پەيتلەردە ھونلارنىڭ ئەۋلادى بولغان ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنى* قۇرۇپ چىققان ئۇيغۇرلار، تارىخي دۈشمىنى بولغان ختايلارغا قان تۆكۈپ ياردەم بېرىپ ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى قايتىدىن مۇستەقىل قىلىپ تىكلەپ بەردى. يەنى مىلادىيە 757 ـ يىلدىن 763 ـ يىلغىچە بولغان ئارلىقتا قوزغىلاڭ سەۋەبلىك(7) دۆلىتى يىقىلىپ سەرگەردان بولۇپ كەتكەن تاڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 618 ـ 907 ) پادىشاسىنى نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ، ختاي تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك بىر دۆلەتنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئەمما ختايلار بۇنىڭغا جاۋابەن

---

** مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 204 ـ يىلدىن مىلادىيە 216 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

* مىلادىيە 627 ـ يىلدىن مىلادىيە 846 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

840 ـ يىلى قىرغىز ئىسيانى بىلەن ھاكىمىيتى يىقىلىپ ئۆزىدىن پاناھ تارتىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاسى ۋە سانسىزلىغان پۇقرالىرىنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن پۈتۈن دېگۈدەك قىرىپ تاشلىدى.

قىسقىسى، ھەققانىيەتكە ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىلمىي بىر ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز ئىجرا قىلىشقا ئىنتىلمىگەنلىكنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولدى.

ئىككىنچى خىل مۇئامىلە مۇستەقىل بىر ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىپ، سىياسىي جەھەتتە بېقىندى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندا سادىر بولدى.

ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان قەۋمنىڭ قۇللۇق دەۋرى ـ بار كۈچى بىلەن ئەقىدىسىنى توغرىلاش ئارقىلىق پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن الله قا ئىنتىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئىلاھىي ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشنى ھەمدە ئىچكى — تاشقى جەھەتلەردە ئەستايىدىل تېرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىسلامىي ئەركىنلىكنى قولغا ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان؛ ئەمەلىي، ئىلمىي، ئىلغار ۋە مۇكەممەل بولغان ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باتۇرلۇق ۋە سادىقلىق بىلەن جىھاد ئېلىپ بارىدىغان دەۋردۇر. بىز مۇشۇ ئاساستا ئۆز تارىخىمىزنى ياخشىلاپ تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولساق، يەنىلا ناھايىتى نۇرغۇن ئەپسۇسلۇق ۋەقەلەرگە ئىگە بولىمىز. مەسىلەن:

شەرقىي تۈركىستاندا 1912 ـ يىلى تۆمۈر خەلپە(8)، 1930 ـ يىللار خۇجىنىياز ھاجىلار(9) ھەققانىيەتكە ئۇيغۇن ھېچقانداق تۇتاملىق ئاساسىي سىياسىي پروگراممىسى يوق ھالەتتە ئۇرە توۋلاپ ئۇرۇش قىلىشۇىدى؛ نۇرغۇن جەڭلەرنى مۇۋاپپەقىيەتلىك قىلغىنىغا قارىماي ئەڭ ئاخىرى ئىسلام دىنىغا ۋە خەلققە ھېچقانداق كۆزگە كۆرۈنەرلىك سىياسىي مەنپەئەت ئېلىپ كېلەلمىدى. ھەتتا ھەر ئىككىلىسى رەھبەر سۈپىتى بىلەن تېزلا تەسلىمچىلىك يولىغا كىرىپ كەتتى.

1940 ـ يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان قوزغىلىڭى مەزگىلىدە ھەققانىيەتكە، ئەمەلىيەتكە، تارىخىي ئىزچىللىققا خىلاپ ھالدا؛ بىر ئۇبدان قايىتا ئومۇملىشىۋاتقان ئىسلامىي ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى بىكار قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سوتسىيالىزم بىلەن سۇغىرىلغان سوۋېتقا چوقۇنۇشنى ئاساس قىلغان، مىللەتچىلىك لىنىيىسى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كوممۇنىستىك ئاساسىي سىياسىي پروگرامما ئاستا ـ ئاستا ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. نەتىجىدە كۆرەش ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇپ بولۇپلا قالماستىن بەلكى بۇ خاتا سىياسىي ھەرىكەت شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ روھىيىتىگىمۇ تەسۋىرلىگۈسىز بۇلغىنىشلارنى ئېلىپ كەلدى.

1917 ـ يىلدىن 1926 ـ يىلغىچە غەربىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە قارشى جىھادتا، باشقىرتلارنىڭ قوماندانى بولغان مەشھۇر تۈركولوگ زەكىي ۋەلىدى توغان(10) ئاساسىي سىياسىي پروگرامما جەھەتتىكى بىلىمسىزلىكلىرى تۈپەيلى تەسلىمچىلىك قىلىپ، جىھاد ھەل قىلغۇچ پەيتتە تۇرغاندا پۈتۈن ئەسكەرلىرى بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە ئۆزلىكىدىن قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ، مۇجاھىدلارغا نىسبەتەن ھەر جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ سەلبىي تەسىر ئېلىپ كەلدى. جىھادنى مۇكەممەل سىياسىي نىشانغا، تەرتىپلىك سىياسىي تەرەققىياتقا ئىگە قىلىشنىڭ پەقەت بىردىن ـ بىر شەرتى بولغان ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى ئەستىن چىقىرىش ياكى ئۇنى ھەققانىيەتكە ۋە ئەمەلىيەتكە لايىقلاشتۇرماسلىق ئەنە شۇنداق ئاقىۋەتنى ئېلىپ كەلدى.

ئۆچۈنچى خىل مۇئامىلە ھاكىمىيەت ئىگىسى بولغان پەيتلىرىمىزدىمۇ، مۇستەقىل بىر ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىپ سىياسىي جەھەتتە بىقىندى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتتىمۇ ئوخشاشلا سادىر بولدى. بىز تۆۋەندە تارىخىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن بۇنىڭغا ئائىت مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

تۈركىستان تارىخىدا تۇنجى قېتىم قۇرئاننى قانۇن قىلغان، تۈرك مىللەتلىرىدىن چىققان مۇسۇلمان پادىشاھ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان(11) قەشقەردە، ئەي ئىمامىدىن قەشقىرى،* مۇشۇ باشباشتاق، ئىتتىپاقسىز، راھەتپەرەس كاشغىرلەر قاچانمۇ ئۆزگىرەر؟! دەپ دەرت تۆككەن ئىكەن.

ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ (12) ئۆز زامانىدىكىلەردىن قاقشاپ «ئادەم قىسلىقى باشلاندى»، «ۋاپا قەھەتچىلىكى بولدى»، «مەن چىن ئادەم تاپالماي يالغۇز مۈكۈنۈپ قالدىم»، «ھەممە ياخشىلىق كېتىپ قالدى»، «كىشىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنى قالدى»، «چايانىدەك چاقىدۇ، چىۋىنىدەك شورايدۇ، ئىتتەك ھاۋشىدۇ»، «ئىلاھىم سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە نىسىپ قىل» دەپ يازغان ئىدى.**

1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئۇلۇغ بىر ۋەزىپىنى تاماملاش يولىدا خېلى كاتتا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى سابىت دامولللىنى(13) ئۆز قولىمىز بىلەن كاپىرلارغا تۇتۇپ بەردۇق.

ئىسلامدىن بۇرۇن مىلادىيە 721 ـ يىلى كۆك تۈرك خانىدانلىقىنىڭ (14) رەھبىرى كۆلتېكىن: «ئەي تۈرك بەگلىرى، سىلەر ئىلگىرىمۇ بىر قېتىم تابغاچلارغا (يەنى بېقىندىمىز خىتايلارغا) ئۆزلىكىڭلاردىن بويسۇنۇپ دۆلىتىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار. كۆرگەن كۈنىڭلار شۇ بولدىكى قانلىرىڭلار دەريادەك ئاقتى، سۆڭەكلىرىڭلار تاغدەك دۆۋىلەندى، خاقان بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل بولدى، خانىش بولىدىغان قىزلىرىڭلار دېدەك بولدى. ئاتام ئىلتەرىش خاقان تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاچ ـ يالىڭاچ، سەرگەردان

---

* قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا ياشاپ ئۆتكەن دىنىي ئالىم، دۆلەت ئۇستازى.

** «قۇتادغۇبىلىك» ئىلاۋە 16

بولۇپ ئاجىزلىشىپ ھالى قالمىغان سىلەرنىڭ ئۈستىگىلارغا خان بولدى. تەرەپ ـ تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ تىزى بارلارنى تىزلاندۇردى، بېشى بارلارنى باش ئەگدۈردى. سىلەرنى باي خەلقلەردىنمۇ باي، قۇدرەتلىك دۆلىتى بار خەلقلەردىنمۇ قۇدرەتلىك قىلدى. ئەي تۈرك بەگلىرى سىلەر يەنە ئازماقچىمۇ؟!» دەپ بىز خەلقتىن زارۇ ـ زار قاقشىغان ئىدى.

ھازىر بىز مۇ «بۇ خەلقنىزە ... » دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ياشاۋاتىمىز.

ھەقىقانىي، ئەمەلىي ئاساسىي سىياسىي پروگراممىا ۋە سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى ئاستىدا ھەردائىم ئۆزۈلدۈرمەي سىستېمىلىق تەربىيەلىنىپ تۇرمىغان خەلق ئەنە شۇنداق ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ خاپا قىلىدۇ، قاقشىتىدۇ. لېكىن ئۇلاردا نېمە گۇناھ!؟ ئىگىز ياردىن يولۇچىلار ئاپتوۋۇزىنى غۇلىتىۋەتكەن شوپۇر جىنايەتچىمۇ ياكى سەپەرگە چىقىشنى نىيەت قىلغان يولۇچىمۇ؟! خەلقنى ئۆز لايىقىدا ۋاقتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتىدىغان تۇتامىلىق ئاساسىي سىياسىي پروگراممىا ۋە سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى بىلەن يېتەرلىك تەرزدە تەمىنلەپ تۇرماي؛ ئەۋلاتلارنى شۇ ئاساستا سىستېمىلىق تەربىيەلىمەي؛ ئاندىن ئۇلارنى سىزغان سىزىقىمىزغا ئېلىپ كىرەلمەي؛ يەنە تىللايمىزمۇ؟! قاقشايمىزمۇ!؟ كىچىككىنە بىرەر ياخشىراق لاھىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان ئادەتتىكىدەك ئويغانغان، ئانچە ـ مۇنچىلا سىياسىي بىلىمى بار يېتەكچىلەر؛ ھەتتا بەزىدە ئەقىللىقراق خائىن، مۇناپىقلار باشلامچىلىق قىلىمەن دەپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقسا خەلقىمىز نېمە كارامەتلەرنى كۆرسەتمىدى؟!

بۇندىن كېيىن خەلقىمىزمۇ ئۆزىگە نوقۇل ھالدىكى شائىر، ناخشىچى، يازغۇچى، قارى، ھاجىلارنى ئەمەس؛ بەلكى ھەر تەرەپلىمە مۇكەممەل بىلىم ـ قابىلىيەتكە ئىگە يۈكسەك سىياسىيونلارنى باش قىلىپ سايلىشى ھەم شۇ سىياسىيونلارمۇ خەلقىمىزنىڭ كەملىك قىلىۋاتقان جىھاد ئەنگۈشتەرى بولغان

مۇۋاپىق ئاساسىي سىياسىي پروگرامما ۋە سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېرىشى، ئۇنى ياخشى ئىجرا قىلىشقا ئۇبدان يېتەكچىلىك قىلىپ بېرىشى كېرەك.

## 2 ـ سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىغا ئېتىبار بەرمىگەن خاتالىقلىرىمىز توغرىسىدا

بىزنىڭ سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىغا تۇتقان مۇئامىلىمىز ھەم تارىختىن بۇيان ئىككى خىل شەكىلدە بولۇپ كەلدى.

بىرسى، ئۇنى ئەڭ ھەلقىلغۇچ سىياسىي پەن سۈپىتىدە تەتقىق قىلىپ؛ ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى مۇۋاپىپەقىيەتلىك ياكى تېزراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ياخشى يوللىرىنى بايقاپ، لاھىيەلەپ چىقماسلىق ياكى باشقا كەلگەن سىياسىي قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىللىتىشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىقماسلىق. نەتىجىدە ئۆلچەمسىز بولسىمۇ ھەر ھالدا دىن، خەلقنىڭ ئىستىقبالىغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغان ئاساسىي سىياسىي پروگراممىلارنىمۇ يېتەرلىك ۋاقىت، يېتەرلىك شەكىلدە روياپقا چىقىرالماسلىق ياكى زىيان ۋە جاپا ـ مۇشاقەتلەرنى ئورۇنسىز ھالدا تەسۋىرلىگۈسىز كۆپەيتىپ، خەلقنىڭ يۈكىنى، مەسئۇلىيىتىنى ھەسسىلەپ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىش.

ئىككىنچىسى، ئۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇش. نەتىجىدە جىھادنى پەقەت روبىرو تۇرۇپ كاللا كېسىپ قان تۆكىدىغان؛ ياۋايىلارچە، قارىغۇلارچە ئېلىپ بېرىلىدىغان؛ دىنىي جەھەتتە قىممىتى تۆۋەن، سىياسىي جەھەتتە نەتىجىسى يوق، ئەھمىيەتسىز ۋەھشىيانە ئورۇشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇش.

بۇ ئىككى خىل سىياسىي كېسەللىكنىڭ شەكىللىنىشىگە ماھىيەت جەھەتتە دەل ئاساسىي سىياسىي پروگراممىغا سەل قارىغانلىقىمىزدىن ئىبارەت سىياسىي خاتالىقىمىز سەۋەبچى بولدى.

بۇ ئىككى خىل مۇئامىلە ھاكىمىيەت ئىگىسى بولغان پەيتلىرىمىزدىمۇ، قۇللۇقتا قالغان پەيتلىرىمىزدىمۇ، قىسقىسى پۈتكۈل تارىخىي مۇساپىمىز جەريانىدا بىزدىن سادىر بولۇپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن تارىخىمىزغا نۇرغۇن ئېچىنارلىق ۋەقەلەر خاتىرىلىنىپ قالدى. چۈنكى ئاساسىي سىياسىي پروگىراممىا ساھەسىدىكى خاتالىقلىرىمىز تۈپەيلى بىزنىڭ تارىختىكى ناھايىتى كۆپ سىياسىي ھەرىكەت پروگىراممىمىزنىڭ نىشانى مايماق، ۋارىسچانلىقى ھەم ۋاقتچانلىقى تۆۋەن، مەزمۇنى قىممەتسىز بولدى. ئاقىۋەتتە دۆلەتچىلىك ئىشلىرىمىزدىكى ناتوغرىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇيان‍دا تۇرسۇن، تۆپىلەپ تېرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۇنى ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقىرىپ قويدۇق. بەزى ۋاقتىلاردا قىلغان ھەرىكىتىمىز ھەتتا سىياسىي ھەرىكەت پروگىراممىسىدىن خالىي ھالەتتە ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن تالاپەت ۋە ئەھمىيەتسىزلىك ئىشلىرىمىزنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

بىز بۇلارغا سېلىشتۇرما بولسۇن ئۈچۈن تۆۋەندە، الله بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئوتتۇرىسىنى ۋەھىي ئارقىلىق باغلاپ تۇرۇش شەرىپىگە ئىگە بولغان پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ(15) ۋە ئۇنىڭ يېقىن سەبداشلىرى بولغان ساھابىلارنىڭ ھەممىدە باشقا تائىپىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تېرىشچانلىقلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى.

مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاساسىي سىياسىي پروگىراممىا ساھەسى بويىچە مۇسۇلمانلاردا گاڭگىراش، بۆلۈنۈش، چېكىنىش يۈز بەردى. ئىش شۇنداق خەتەرلىك باسقۇچقا يېتىپ قالغان ئىدىكى، ناۋادا تېزلىك بىلەن تەدبىر قوللىنىلمىسا بۇ سىياسىي چېكىنىش غەلىبە قىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە «قۇرئان قانۇن قىلىنغان قۇدرەتلىك ئىسلام خەلىپىلىكىنى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق، پۈتۈن دۇنيانى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىش» تىن ئىبارەت ئاساسىي سىياسىي پروگىراممىنىڭ ئۈزۈل-

كېيىن ۋەيران بولىدىغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. دەل ئەشۇنداق ئىنچىكە پەيتتە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، (16)«« پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار ...»» * دېگەن ئايەتنىڭ روھىغا مۇۋاپىق، قىسقا ئەمما كەسكىن بولغان بىر سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ جان دىلى بىلەن ئىجرا قىلدى - دە، غەلىبە قىلدى.

ختايلار مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن تا ھازىرغىچە مەيلى مەغلۇپ بولسۇن، مەيلى قۇللۇققا چۈشسۇن، مەيلى غەلىبە قىلسۇن، مەيلى گۈللەنسۇن قەتئىي تۈردە«« مىللىي دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مىللىي دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش»» تىن ئىبارەت ئاساسىي سىياسىي پروگراممىسى ئاستىدا ياشاپ كەلدى، ئۇنى ھېچقانداق ۋاقىتتا ختاي زىيالىلىرى ئەستىن چىقارمىدى، ئۇنتۇمىدى. بەلكى مۇشۇ جەرياندا يۇقىرقى ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن سىياسىي تاكتىكىلارنى ئىجات قىلدى، قوللاندى ۋە غەلىبە قىلدى. بۇ تاكتىكىلار دەل بىز ئېيتىۋاتقان سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى بولۇپ، ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەرياندا ئۇ كۆپ ئىلمىيلاشتى ياكى مۇكەممەللەشتى.

بۇ تاكتىكىلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1- يىراقتىكىلەر بىلەن دوست بولۇپ ئاۋۋال يېقىندىكىلەرنى يوقىتىش.

2 - قۇدرەتلىكلەرنى پارچىلاپ جېدەلگە سېلىش، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاجىزىغا ياردەم بېرىپ ئاۋۋال كۈچلىكىنى يوقىتىش، ئاندىن قالغانلىرىنى قول سېلىپ بىر - بىرلەپ يوق قىلىش.

3 - قۇدرەتلىك دۆلەتلەرگە قىز - خوتۇنلىرىنى ئېكسپورت قىلىپ تۇغۇلغان باللارنى تايانچ خەلق قىلىش. بولۇپمۇ ھاكىمىيەت

* سۈرە ئەنفال، 39 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ساھاسىدىكىلەرگە خوتۇن تارتۇق قىلىشىنى چەك تۇتۇپ، سۆيەتلىك ئايال جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ، تۇغۇلغان باللارنى ھاكىمىيەت تالىشىشقا كۈشكۈرتۈپ دۆلەتلەرنى پارچىلاش.

4 ـ ھەممە ئائىلە ئۆز جەمەتىنىڭ، زىيالىيلار مىللەت ـ ۋەتەنىنىڭ تارىخىنى يېزىشنى توختۇتۇپ قويماسلىق، شۇ ئارقىلىق مىللىي دۆلەتنى، ھوقۇقنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق.

5 ـ ھەر قانداق ئىدىيۋى يېڭىلىقنى ماھىيىتى مىللەتچىلىك بولغان ئەجدادىنى چوقۇنۇش دىنىغا تولۇقلىغۇچى قىلىپ قوبۇل قىلىش. ھەر قانداق شارائىتتا ئۆز ئېتىقادىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىسمۇ ئۆزىنى قەتئىي ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك.

6 ـ غۇرۇرسىز، نومۇسسىز، ئېتىقاد ـ ئىرادىسى كۈچلۈك بولۇش. ھەر قانداق نەرسىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا رازى بولۇپ ھاكىمىيەت ئۈچۈن تېرىشىش.

7 ـ قاتتىق قوللارغا چەكسىز يۇمشاق بولۇپ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ياكى پەيت كۈتۈپ، ئېپىنى تېپىپ قول سېلىش. يۇمشاقلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوق قىلىپ تاشلاش.

8 ـ پىلاننى مۇكەممەل ھەم ۋاقتىنى ئىنتايىن ئۇزۇن قىلىش، ئۆزى قاتتىق سەۋرچان بولۇپ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى قارشى تەرەپكە ھېس قىلدۇرماسلىق. شەرتى ئادا بولغاندا بىراقلا قول سېلىش.

9 ـ چەتتىن كەلگەن، يات قەۋمدىن بولغان، باشقىلاردىن نىكاھلىنىپ تۇغۇلغان ھەر قانداق كىشىنى قابىلىيەتلىك بولسىمۇ ھاكىمىيەتكە ئارىلاشتۇرماسلىق.

10 ـ ئۆز ئىچىدە ئەجدادىغا قاراپ رەھبەر سايلاش.

11 ـ ياتلاردىن دوست تاپماي تۇرۇپ ئۇلارغا قول سالماسلىق.

12 ـ دېھقان ئەسكەرلەر بازىسى قۇرۇپ ۋەتىنىنى كېڭەيتىش.

13 ـ قارشى چىققۇچىلارنى جەمـەتى، دوسـت ـ بۇرادەرلـرى بىلـەن قوشۇپ قىـرغىن قىلىـپ شۇ ئـارقىلىق ئۇنـداق ئـىدىيىلىك كىشىـلەرنى تـۆپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاش ھەم باشقىلارنى قاتتىق چۆچۈتۈش.

14 ـ ياتلارنى ياتلار بىلەن باشقۇرۇپ، قارشىلىق نىشانىنى بۇرىۋېتىش.

15 ـ ياتلار ئارىسىغا زىدىيـەت سېلىپ ئـۆزى تايـانغۇچى بولـۇۋېلىش، شۇ ئارقىلىق سىياسىي تەسىرىنى كېڭەيتىش.

16 ـ دۆلەت زېمىنىنى كېڭەيتىشـنى مەڭگـۈلۈك دۆلـەتلىك سىياسـىي ھەرىكەت نىشانى قىلىش.

17 ـ ياتلارغـا ئـۆز مىللـتى ئىچىـدىكى بىلىمىـىز، بـۇزۇق، يـاۋۇز كىشىلەرنى باش قىلىش ئـارقىلىق ئـۇلارنى قـاتتىق كـونترول قىلـش، ئـۇلارنى ۋەيران قىلىش.

18 ـ مۇستەملىكە قىلغان يەر ـ جاي نـاملىرىنى خىتايچىغـا ئالماشـتۇرۇپ ياتلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئويغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

19 ـ ئىقتىســاد، مائارىــپ، مەدەنىيــەتنى ھــەر قانــداق شــارائىتتا سېستىمىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قەتئىي قولدىن بەرمەسلىك.

20 ـ توپلىشــــپ ئولتۇراقلاشــــقانلارنى چېچىــــۋېتىش ئــــارقىلىق خىتايـلاشتۇرۇش.

21 ـ ھــەر خىــل باھانــە ـ سـەۋەبلەر بىلـەن يـەرلىك مىللەتلـەرنىڭ ئـەرلىرىنى تـارتىۋېلىش، ئىقتىسـادىنى ۋەيـران قىلـش يـولى بىلـەن ئـۇلارنىڭ ئاياللىرىنى تارتىۋېلىش.

22 ـ يەرلىك مىللەتلەرنى قۇۋۋەتلىـك كەسـىپلەردىن يىراقلاشـتۇرۇش يولى بىلـەن ئـۇلارنىڭ ئـۆز ـ ئۆزىگـە بولغـان ئىشـەنچ، پـەخىر ـ غۇرۇرىـدىن ئايرىپ تاشلاش ئارقىلىق؛ خىتـايلاردىن ھېيىقىـدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىـدىغان قىلىپ تاشلاش.

23 ـ جاسۇسلارنى سىياسىي غەلىبىنىڭ ئاساسىي قىلىپ چىڭ تۇتۇش.

24 ـ ھەر قانداق جايدا توپلىشىپ بىرگە ياشاش ئارقىلىق تىلى، ئېتىقادى، مەدەنىيىتىنى قەتئىي ئۇنتۇماسلىق.

25 ـ يەرلىك مىللەت رايونلىرىغان ختاي تۇسىدىكى يېڭى شەھەرلەرنى قۇرۇپ، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ شەھەرلىرىنى ھەر جەھەتتىن ۋەيران قىلىپ؛ ئۆزىنىڭ بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيىتىنى شۇ تەرەققىي تاپقان شەھەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن تېز ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق يەرلىك مىللەتلەرنى ختايلاشتۇرۇپ تاشلاش.

26 ـ ھەر تەرەپلىمە سىياسىي سۈيىقەستلەر ئارقىلىق مىللەتلەرنى قەبىلە، يۇرتلارنى ئاساس قىلغان بۆلۈنمىچىلىك ھالەتتىكى تارىخىي چېكىنىش يولىغا باشلاپ؛ ئۇلارنى يېڭى ـ يېڭى مىللەتلەرگە پارچىلاپ تاشلاش.

27 ـ زىيالىيلارنى، يولباشچىلارنى، پۇلدارلارنى يوقىتىش ئارقىلىق يات مىللەتلەرنىڭ سىياسىي تەرەققىياتىنى بوغۇش.

بۇ تاكتىكىلارنى ختاي سىياسىيونلار ساقمۇ ـ ساق 3 مىڭ يىل ئۈزۈپ قويماي ئىجرا قىلىش نەتىجىسىدە سەددىچىنىنىڭ ئەتراپىدىكى قۇدرەتلىك ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. بۇ جەرياندا يۇقىرقى سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىدىن يىراقلىغانلار رەھبەرلىكتىن قالدۇرۇلدى، خىلاپلىق قىلغانلار جازالاندى، پۈتۈن ختاي سىياسىيونلىرى مۇشۇ پروگراممىغا بوي سۇندى ۋە ئىجرا قىلدى، ۋارىسلار ئېزىپ كەتمىدى، خەلق ھەرىكەتتىن توختاپ قالمىدى.

كوممۇنىستلارنىڭ يۇقىرقىلارغا قوشۇپ ئىجرا قىلغان:

1 ـ ئاقىللارنى ھەر خىل يوللار بىلەن بىر يەرگە توپلاش.

2 ـ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى ئاساس، مۇنتىزىم ئۇرۇشىنى ھەل قىلغۇچ ۋاستە قىلىپ پايدىلىنىش.

3 ـ يېزىلار ئارقىلىق شەھەرنى ئېلىش.

4 ـ ھەر تەرەپلىمە شارائىتى ئەۋزەل ئورۇنلارغا تايانچ بازا قۇرۇۋېلىش.

5 ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئۇرۇش لاھىيىسىنى سەبرچانلىق بىلەن ئىجرا قىلىش.

6 ـ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلىنىپ خەلقئارا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئىچكى ئىشلىرىنى مۇستەقىل ئۆزى قىلىپ ھېچكىمنى ئارىلاشتۇرماسلىق.

7 ـ يەرلەرنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىش ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك ئۇلارنى قوزغاش.

8 ـ ئارمىينى پارتىيىگە بويسۇندۇرۇپ قارىغۇلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خائىنلىققا ئىمكان قالدۇرماسلىق.

9 ـ يوشۇرۇن خىتاي تەۋەلىكىگە جاسۇس، يەر ئاستى سىياسىي خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش.

10 ـ سىياسىي بول بىلەن جەڭسىز غەلىبە قىلىشقا تىرىشىش.

11 ـ پارتىيىگە ئىلغارلارنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئىناۋىتىنى ئاشۇرۇپ باشقىلار ئارىسىدا ئىنتىلىش پەيدا قىلىپ، خەلقنى ئۆز سىياسىي پروگراممىسىغا يۈزلەندۈرۈش.

12 ـ« جۇڭگودىن ئىبارەت بىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ چىقىمىز» دېگەن يوتكۇل سىياسىي، ھەربىي تەشكىلاتلارنى« بىرلىك سەپ » دېگەن قالپاق ئاستىغا يىغىپ ئۆز كۈچىنى زورايتىش. ئەمما ئارمىيە بىلەن جاسۇسلۇق ھوقۇقىنى مەھكەم ئۆز قولىدا تۇتۇپ، باشقىلارنى قورچاققا ئايلاندۇرۇپ قويۇش. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىن ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىشىنى ھەرخىل ئامالار بىلەن يوق قىلىپ تاشلاش.

13 ـ قورال ـ ياراغ لازىمەتلىكلەرنى دۈشمەندىن تارتىۋېلىشنى ئاساس، سېتىۋېلىشنى قوشۇمچە قىلىش.

14 ـ ئىش غەلىبە قىلغان ھامانلا باشقا سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ كاتتۋاشلىرىنى سۈيىقەست بىلەن يوقۇتۇپ ئەگەشكۈچىلىرىنى تارتىۋېلىش، بۇ ئارقىلىق ھەم ئۇلارنى كونترول قىلىۋېلىش ھەم ئۆز مەقسىدىگە تېز يېتىش، قاتارلىق سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى « مىللىي دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مىللىي دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش » تىن ئىبارەت ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى غەلىبە ئىچىدە جەۋلان قىلدۇردى.

بۇ جەرياندا كوممۇنىست غالچىلارنى كۆرۈۋېمۇ باقمىغان، ئەمما بۇ سىياسىي پروگراممىدىن خەۋەر تاپقان ھەر قانداق بىر مىللەتچى ختاي ياكى ختايپەرەس يات تائىپىلەرمۇ ئۆز يېرىدە تۇرۇپ شۇ پروگراممىلارنى قوللۇنۇپ سىياسىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. دېمەك، تەشكىلىي مۇناسىۋىتى يوق پارتىيە ئەزالىرى بار بولۇشتەك غەلىتە ئەۋزەللىك شەكىللەندى. ختاي تەۋەلىكىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نىشانى، ھەرىكىتى ئۆزلىكىدىن سېستىمىغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرەيلەن بىرەيلەننىڭ ئىشىنى تولۇقلىدى. بىرسى بىرسىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. قالايمىقان سىياسىي پائالىيەت، ئورۇنسىز قۇربان بېرىش، تەكرار ياكى قوش بىر خىل شەكىلدىكى ھەر خىل ھەرىكەتلەر ئاستا ـ ئاستا تۈگەپ كەتتى. قوماندانلاردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە بىر لىنىيە ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. تەشكىلىي مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالغان شەخس ياكى گۇرۇپپىلارمۇ مەركەز بىلەن كېلىشىۋالغاندەكلا بىر خىل كۆرەش ئۇسۇلى بىلەن شۇغۇللاندى، ئاقىۋەتتە بۇلار غەلىبىگە سەۋەب بولدى.

يەھۇدىيلارنىڭ 1870 ـ يىللىرى ئۆيچۆرىسىدە رەسمىي ھالەتتە ئىجرا قىلىشقا باشلىغان « يەھۇدىي تىرىلمىچىلىك ھەرىكىتى » دىن ئىبارەت سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى 1948 ـ يىلغىچە ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش نەتىجىسىدە ئىسرائىلىيەدىن ئىبارەت بىر سۈنئىي يەھۇدىي دۆلىتىنى مەيدانغا چىقاردى. ئىئوردانىيە، سەئۇدىيەدىن ئىبارەت ئىنگىلىزپەرەس دۆلەت

رەھبــەرلىرى بــاش بولغــان دۆلەتلــەر قۇرۇلــدى. ئــەرەب دۆلــەتلىرى بىرلەشمىســدىن ئىبــارەت مۇســۇلمانلارنى ســاتىدىغان خــائىنلىق تەشــكىلاتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى قىبلىسىنىڭ بىرى بولغان، ئـۈچ ھـەرەمنىڭ ئۈچۈنچىسى بولغـان، سـاھابىلەر تەرىپىدىن قان تۆكۈپ ئازات قىلىنغان، ئۆمـەر t تەرىپىـدىن « يـەھۇدىيلارنىڭ ياشىشـغا رۇخسـەت يـوق » دەپ ھۆكـۈم چىقىرىلغـان مۇقـەددەس ئىسـلام زېمىـــنى پەلەســـتىن، يـــەھۇدىيلارنىڭ راھـــەت بېغىغـــا ۋە يـــەھۇدىيلارنىڭ مۇسـۇلمانلارنى يـوق قىلىـپ تاشـلاش يولـدا تايىنـدىغان سىياسـىي بازىسـغا ئايلاندى. غەربتىكى ئامېرىكا، ئەنگىلىيە كـەبى مۇسـۇلمانلارنىڭ ئـەڭ چـوڭ دۈشمـەنلىرىنىڭ ئىسـلام دۇنياسـىنى، بـولۇپمۇ ئـەرەب ئىسـلام دۇنياسـىنى كونترول قىلىپ تۇرۇشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق كوزىرى بولۇپ قالدى.

يـەھۇدىيلارنىڭ بـۇ سىياسـىي ھەرىكـەت پروگراممىسـىنىڭ ئاساسـىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى:

1 ـ ئىسلام دۇنياسىدا ھەر خىل سىياسىي سەۋەبلەرنى، يوشۇرۇن ئـەمما كـەڭ ـ كەڭـرى تارقالغـان بىدئـەت ـ شـېرىكلەرنى پەيـدا قىلىـش ئـارقىلىق مۇسۇلمانلارنى كەبىدىن، قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئايرىپ تاشـلاش، بـۇ ئـارقىلىق مۇسـۇلمانلارنىڭ ئىسـلام دىنىغـا اللە رىـزالىقى ئۈچـۈن، ئىنتىپـاق، چاقمـاق تېزلىكـدە خىزمـەت قىلىـدىغان ئـۈچ چـوڭ ئـارتۇقچىلىقىنى ئومۇمىيۈزلـۈك گۇمران قىلىش. ئـۇلارنى – مەنپەئەتپـەرەس، ئىنتىپاقسـىز، كۆيۈمسـىز، لـەقۋا ھالەتكە كەلتۈرۈش.

2 ـ ئـۇلارنىڭ ھـاۋايى ـ ھـەۋەس ۋە راھـەت ـ پاراغەتكـە بېرىلىـدىغان ئىككـى چـوڭ ئاجىزلىقىـدىن قـاتتىق پايـدىلىنىپ ئـۇلارنىڭ بـاتۇر، جەسـۇر، ساداقەتمەنلىكىنى گۇمران قىلىش.

3 ـ ئەنگلىيەدىن ئىبارەت قۇدرەتلىك غەرب دۆلىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەرەب ئىسلام دۇنياسىدا ئىنگلىزپەرەس پادىشاھلارنى تەختكە چىقىرىش ئارقىلىق يەھۇدىيلارغا سىياسىي بوشلۇق پەيدا قىلىش.

شۇنداق قىلىپ يەھۇدىيلار يۇقىرقى يىرگىنىشلىك سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى ئارقىلىق «ئىسرائىلىيىدىن ئىبارەت مۇسۇلمان دۇنياسىنى خېلى كۆپ كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قۇدرەتلىك، تەرەققىي قىلغان يەھۇدىي مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇش» تىن ئىبارەت ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشۇردى.

دېمەك، ئاساسىي سىياسىي پروگرامما ۋە سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى ساھەسىدە باشقا تائىپە ـ گۇرۇھلار ناھايىتى كۆپ مۇۋاپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، بىز خېلى كۆپلىگەن مەغلۇبىيەتلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدۇق. قان تۆكۈش، كۆپ جاپالارنى تارتىش، زار ـ زار يىغلاش جىھادنىڭ مەقسىدى ئەمەس. ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا كېرەكلىكى لەپىلدەپ تۇرغان غالىپ ئىسلام بايرىقى، جەۋلان قىلىپ تۇرغان قۇدرەتلىك ئىسلام قانۇنى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ جىھادىمىزنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن ياخشى تېرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

ئۇنداقتا بىز ئاۋال گەپنى ئاساسىي سىياسىي پروگراممىدىن باشلايلى.

بارچىمىزغا ئېنىقكى بىزنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئاساسىي سىياسىي پروگراممىمىز ــ «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىسى رەسۇلۇللاھ» قانۇن قىلىنغان، تەرەققىي قىلغان ۋە قۇدرەتلىك ھەقىقىي بىر ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى خىتاي ۋە باشقا تاغۇت ھاكىمىيەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، يىقىلغان دۇنياۋىي خەلىپىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچ چىقىرىش.

بۇنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمىزنىڭ ئۆزى ئەلبەتتە سىياسىي ساھەدە ئاساسىي سىياسىي پروگراممىسى بولماسلىقتەك خاتالىقا يول قويمىغانلىقىمىز بولۇپ، بۇ تۈركىستان جىھادىنىڭ« پالانى مىللەت قوزغىلىڭى، پالانى ھاجى قوزغىلىڭى» بولۇشتەك تارىخىي كەمچىلىكىنىڭ ئاخىرلىشىپ، ھەقىقىي بىر تۈركىستان ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ (ئىنشائاللا ) ۋە بىزنىڭ شۇ مىللەت، شۇ شەخسلەرنىڭ ئەتراپىغا ئەمەس؛ بەلكى ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ھالدا شۇ پروگراممىغا بويسۇنۇپ، شۇ پروگراما ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ جىھاد قىلىدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

يۇقىردا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىن ـ بىر يولى تەقۋالىق بىلەن اللە قا ئىبسلىش ۋە مۇۋاپىق، يېتەرلىك، ئىلمىي، ھەققانىي بولغان سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىغا ئىگە بولۇش، ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلىش.

ئۇنداق بولسا قانداق قىلغاندا مۇۋاپىق، ئىلمىي، ھەققانىي بولغان سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىغا ئىگە بولالايمىز؟

1 ـ تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى بارلىق تاغۇت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ جىھادىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر تەرەپلىمە ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىدىن؛ ئەڭ ئاجىز ۋە ئەڭ كۈچلۈك يەرلىرىدىن؛ ھەرخىل سىياسىي قىيىنچىلىقلىرىدىن ياخشى خەۋەردار بولۇش.

2 ـ تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى بارلىق تاغۇت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ تۈركىستاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بارلىق چوڭ ـ كىچىك ھەر تەرەپلىمە ئاساسلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەر تېپىش.

3 ـ تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى بارلىق تاغۇت ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە يېڭى سىياسىي يۈزلىنىشلىرىدىن سەزگۈرلۈك بىلەن پۈتۈنلەي خەۋەر تېپىپ تۇرۇش.

4 ـ تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى بارلىق تاغۇتلارنىڭ پۈتكۈل دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدا مۇكەممەل چۈشەنچە ھاسىل قىلىش.

5 ـ ئۆزىمىزنىڭ ئىسلامىي مۇستەقىللىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىمىز، ئەڭ ئاجىز ۋە ئەڭ كۈچلۈك يەرلىرىمىز، ھەر تەرەپلىمە سىياسىي قىيىنچىلىقلىرىمىز توغرىسىدا مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولۇش.

6 ـ تۈركىستان خەلقىدىكى ھەر تەرەپلىمە يېڭىچە يۈزلىنىشلەردىن ياخشى خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش.

7 ـ تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ۋە سىياسىي جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى توغرىسىدا مۇكەممەل يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇش. (17)

8 ـ خەلقئارانىڭ، جۈملىدىن مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ يېڭىچە سىياسىي يۈزلىنىشلىرىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئەستايىدىل خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش.

9 ـ جىھادىمىز جەريانىدا خەلقئارا بىلەن بولغان ئۆز ـ ئارا ئۆتتۈشمە تەسىرنى ناھايىتى ياخشى مۆلچەرلەپ تۇرۇش، بىلىپ تۇرۇش.

10 ـ جىھادىمىز جەريانىدا تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى تاغۇت ھاكىمىيەتلەر بىلەن بولغان ئۆز ـ ئارا ئۆتتۈشمە تەسىرنى ناھايىتى ياخشى مۆلچەرلەپ تۇرۇش، بىلىپ تۇرۇش.

مانا بۇلار بىزنىڭ بۇ قېتىملىق تۈركىستان جىھادى ئۈچۈن ئۆز لايىقىدا سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويالىشىمىزنىڭ ئەمەلىي شەرتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز بۇ شەرتلەرنى تولۇق ئادا قىلغان ھالدا چوقۇم ئەتراپلىق لاھىيەلەرنى كۆپلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ تېزلىك بىلەن ئۇنى يەكۈنلەپ چىقىشىمىز كېرەك ھەمدە بۇنداق سىياسىي پائالىيەتنى مەڭگۈ توختىتىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

مەن بۇ تەلەپ بويىچە، ھېچ بولمىسا قېرىنداشلارنىڭ ئىجابىي تەجرىبىلىرىنى قىلىپ ياخشى يەكۈنلەرنى چىقىرىشىغا پايدىسى بولار دېگەن ئۈمىدتە ئۆز كاللامدىكى بىر تۈكۈم لاھىيەلەردىن قىسمەن نەمۇنىلەرنى ئەسكەرتىپ قويماقچى. مەسىلەن:

1 ـ تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى خائىنلارنىڭ بارلىق تىزىملىكىنى ئىلاجى بار قولغا چۈشۈرۈش.

2 ـ تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى تاغۇت ھاكىمىيەتلەرنىڭ بارلىق ھەربىي ئاساسلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات ئىگەللەش.

3 ـ تۈركىستان تەۋەلىكىدە تەۋھىد ئىسلاھاتىنى ھەقىقىي كۈچايتىپ ۋە سېستىمىغا سېلىپ خەلق ئىچىدىكى جىھادىمىزغا قارشى چىقىشتەك ناچار ئىللەتنى ئومۇمىيۈزلۈك يوق قىلىش، شۇ ئارقىلىق تۈركىستاننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي بىرلىكنى كېڭەيتىش.

4 ـ تۈركىستان ۋە تۈركىستان جىھادى ھەققىدىكى ئىچكى ـ تاشقى تەشۋىقاتنى قاتتىق كۈچەيتىش.

5 ـ ئافغانىستان جىھادىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن بارلىق تېرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش.

ۋاھاكازا...

بۇلار ئەلبەتتە بىزنىڭ تۈركىستاندا ئېلىپ بارماقچى بولغان جىھادىمىزغا يېتەرلىك سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى ئەمەس، بەلكى جىھادىمىزنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تەييارلىق ئىشلىرىمىزدا يولغا قويىدىغان باشلانغۇچ سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىلىرىنى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان قوشۇمچە ماتېرىيال خالاس. ئىنشا الله، مۇكەممەل

سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى جىھادىمىز جەريانىدا كۆپچىلىك قېرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن ئاستا - ئاستا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مۇكەممەللەشكۈسى.

ئەمدى تۆۋەندە بىز سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى قانداق شەرتلەرنى ئورۇندىغاندىن كېيىن تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالايلى.

ھەر قانداق بىر جىھاد جەريانىدا سىياسىي ھەرىكەت پرگراممىسى ۋە ئۇنىڭ ئىجراسى قانچىدىن - قانچە ئۈنۈملۈك بولسا ئىشلار شۇنچە تېز ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ ( ئەگەر الله شۇنداق بولۇشىنى خالىسا )، بۇ ھەممىگە مەلۇم. شۇڭا بۇ توغرىدا مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك.

مەنمۇ شۇنداق مەسئۇلىيەت يەلكىسىگە يۈكلەنگەن بىر مۇسۇلمان پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ ساھە بويىچە ھېس قىلغان بىر تۈركۈم چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن. يىغىنچاق قىلغاندا ئۇ تۆۋەندىكىچە:

1 - سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىنى تۈزگەن پەيتىمىزدە چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغاندەك ھېسسىياتتا تۈزۈش، ئىجرا قىلىدىغان ۋاقىتتا چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغاندەك ھېسسىياتتا ئىشلەش؛ مۇجاھىدلارنى ھەم قەتئىي شۇ تۇيغۇغا كەلتۈرۈش. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقىدىن ئىجراسىدا مەيدانغا كېلىدىغان يەڭگىلتەكلىكنىمۇ، ئىشقا كېرىشكەندە ئۈمىدسىزلىك ۋە قورقۇنچاقلىق سەۋەبىدىن مەيدانغا كېلىدىغان ئورۇنسىز مەغلۇبىيەتنىمۇ ساقلىنىش كېرەك.

2 - سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرسى، رولى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغان؛ ۋاقىتقا، ئىشقا قاراپ يېڭىلىنىپ تۇرۇدىغان ۋاقىتلىق سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى. ئىككىنچىسى، تاكى پۈتكۈل جىھاد غەلبە قىلغانغا قەدەر ئىزچىل ۋە

سادىقلىق بىلەن ياخشى ئىجرا قىلىنىدىغان سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى. بىز جىھادىمىز جەريانىدا ئۇنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىرىنى دەل ۋاقتىدا كېچىكمەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تېزلىك بىلەن ئورنىغا يېڭىدىن لاھىيەلەنگەنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ؛ ئۇزۇن مۇددەتكە تۈزۈلگەنلىرىنى جان كۆيدۈرۈپ پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئىشلىرىمىزنى پەللىمۇ ـ پەللە يۇقىرى كۆتىرىپ غەلىبىگە شارائىت ھازىرلىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئۇ بىزدىكى تارىخىي كەمچىللىك.

بۇ جەھەتتىكى دىققەت قىلىدىغان ئاساسىي نۇقتىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

( 1 ) ئۇزۇن مۇددەتكە تۈزۈلگەن سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىنى يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن توختىماي راۋاجلاندۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. بولمىسا ئۇ ئاستا ـ ئاستا دەۋرگە ماسلىشالماي ھاياتىي كۈچىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ ( بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان گەپ ئۇنىڭ نىشانى ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى  ئەمەس، بەلكى مەزمۇنىنى بېيىتىپ ياكى تېخىمۇ تولۇقلاپ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ ).

( 2 ) ئەجداتلاردىن چوقۇم ئۆرنەك قوبۇل قىلىپ، سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىمىزنى تارىخىي ۋارىسچانلىققا ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىشىمىز كېرەك. بىزدە بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى. مەسىلەن:

سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ[*] تۇنجى خانى سۇلتان سەئىدخاننىڭ تىبەتنى فەتھە قىلىشتىن ئىبارەت ناھايىتى ئەھمىيەتلىك مۇقەددەس سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى ئۇ شەھىد بولغاندىن كېيىنلا ئەۋلاتلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرىلدى.

---

[*] 1514 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان، 1682 ـ يىلى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ رەھبىرى ھىدايىتۇللاھ ئىشان جۇڭغار موڭغۇللىرىنى باشلاپ كېلىپ يىقىتقان.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1759 ـ يىلىدىن كېيىنكى قۇللۇق تارىخىدا مەيدانغا چىققان چوڭ ـ كىچىك خوجىلار، جاھانگىر خوجا، ياقۇپبەگ، تۆمۈر خەلپە، خوجىنىياز ھاجى، سابىت داموللا، ئىلىخان تۆرە(18) قاتارلىق رەھبىرىي شەخسلەرنى ئۆز ـ ئارا سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق؛ ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ھېچقانچە ئۆرنەك قوبۇل قىلمىغاچ سىياسىي ھەرىكەت پرگراممىلىرى ئاجايىپ خىلمۇ ـ خىل بولىدى ـ دە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي ساھەسىدىكى تارىخىي ئىزچىللىق يوقاپ؛ سىياسىي تەرەققىيات، سىياسىي كۈچ ئاجىز بولۇشتىن ئىبارەت تارىخىي نەتىجە مەيدانغا چىقتى. دېمەك بىز بۇ قېتىم بۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك.

( 3 ) بارلىق سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىزنىڭ سىياسىي قىممىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى ياكى ئۇنىڭ قىممەت ئۆلچىمىگە يۈزدە ـ يۈز توشىشى بىلەن سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىنىڭ قىممىتى ۋە ھاياتىي كۈچى ئۆزلۈكىدىن يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ. بۇ يۇقىرى كۆتۈرىلىش ئەلبەتتە ئۇنىڭ سىياسىي قىممىتىنىڭ ئىشىشىدا نۇقتىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ۋايىغا يېتىش مەخسۇس كۈچ چىقىرىپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئاندىن مەيدانغا كېلىدۇ. تارىختا بۇ جەھەتتە ناھايىتى كۆپ ئەخمەقلىقلەرنى سادىر قىلغان بىز تۈرك قەۋم بۇنىڭغا چوقۇم ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

( 4 ) ئەجدادلىرىمىزدىنلا ئەمەس بەلكى باشقا خەلقلەردىنمۇ ئۆرنەك قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىزنىڭ ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل بولۇشىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

( 5 ) سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، بۇ ساھە بويىچە ئەجداتلار ۋە باشقىلاردىن ئۆرنەك قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزىمىزنى بېيىتىش خىزمىتىدە قاتتىق بىر چەكلىملىكنىڭ بارلىقىنى ئەستىن

چىقارماسلىقىمىز؛ شۇنىڭ ئۈچۈن پەيدا قىلغان، قوبۇل قىلغان نەرسىلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلغان ھالدا ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

بۇنى يەنىمۇ تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن «قۇرئانى كەرىم» گە مۇراجەت قىلايلى. اللە تائالانىڭ «ھەممە ئىنسان پەقەت ۋە پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىشى ۋە شۇنداق شارائىتنى ئۆزى ھازىرلىشى كېرەك» دېگەن مەزمۇنىدىكى بۇيرۇقلىرى ئاساسىي سىياسىي پروگراما ئىدى. ئەمما اللە تائالانىڭ بۇ ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ھەرقايسى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى دەۋر شارائىتىغا، ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەرخىل بولدى. مانا بۇ بىزنىڭ تەپەككۇر ئۈچۈنمىز بولۇشى كېرەك.

( 6 ) سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىمىزنى ھەر قېتىم راۋاجلاندۇرغان، بېيىتقان، يېڭىلىغان، ئالماشتۇرغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ ئاساسىي سىياسىي پروگراممىغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنى قانائەتلەندۈرۈشىگە؛ ھەتتا ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە قاتتىق ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك. بولمىسا ئۇ ئەھمىيەتسىز سىياسىي پائالىيەت نىزامنامىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

( 7 ) ئەگەر سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىمىزنىڭ قىسمەن يەرلىرى تۈركىستاننىڭ بەزى يەرلىرىگە ماس كەلمەي قالسا، ئۇنى شۇ يەرلەرگە نىسبەتەن ماسلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇپ بېرىشىمىز كېرەك. بولمىسا بىز ھەقىقەتكە ئەمەلىيەتنى ئىنتىلدۈرمەي، بەلكى ئۇنىڭغا ئەمەلىيەتتىن خالىي خىيال ـ نەزەرىيەلەرنى ئىنتىلدۈرگۈچىلەردىن بولۇپ قالىمىز ـ دە، شەرتسىز تېزلىكتە مەغلۇپ بولىمىز.

3 ـ سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا كېتەرلىك ھەرتەرەپلىمە كۈچنى چوقۇم تەپسىلىي كۆزىتىشىمىز، ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا كېتەرلىك ھەرتەرەپلىمە كۈچنى چوقۇم يېتەرلىك سەۋىيىدە ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. بولمىسا بۇ

ئارىلىقتىن چوڭ بىر چېكىنىش پەيدا بولدۇ ـ دە، دۈشمەنلەرنىڭ زەربىسى بۇنىڭغا قوشۇلسا تېزلا مەغلۇپ بولۇپ كېتىمىز.

باپ ئاخىرىدا شۇ سۆزنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشىمىز لازىمكى، يېقىنقى ئۈچ ـ تۆت ئەسىر جەريانىدا تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت، تارتقان ئەرزىيەتلىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتتى.

تارىخ بەتلىرىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، شەرقىي تۈركىستان خەلقى1757 ـ يىلىدىن 1884 ـ يىلىغىچە مانجۇ، خىتاي ۋە ئورۇسلارنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىگە قارشى ساقمۇ ـ ساق 130 يىل جىھاد قىلىپ، تەخمىنەن بىر يېرىم مىليون مۇجاھىد قىرىلىپ تۈگەپ ئاخىرى يەنە قۇل پېتى قالدى. 1884 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشكەن خاتىرە كۈنى بولۇپ قالدى. مۇشۇ كۈندىن تا ھازىرغىچىلىك شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ كاپىرلارغا قارشى 50 قېتىمدىن ئارتۇق كەڭ كۆلەمدە جىھاد قوزغىدى. بۇ جەرياندا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى* ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى** قۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، ئورۇس ۋە خىتايلارنىڭ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقى ۋە ھىلە ـ مىكرى تۈپەيلىدىن بۇ مۇستەقىللىق يەنىلا بەربات بولدى.

شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنىڭ جەڭ بولمىغان، قان بىلەن بويالمىغان، شەھىدلەر يىقىلمىغان ئاق يەرلىرى بولمىسا كېرەك. بۈگۈن بۇ قۇللۇق يەنىلا داۋاملاشماقتا. ھالا بۇ زامانلارغا كەلگەندە شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئائىللىرىمۇ، جىنسىي شەھۋەتلىرىمۇ كاپىرلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشى كېرەك بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا تارىخىدا مۇنچىلىك خارلانغانلىرى بەك ئاز ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭمۇ بۇنچىلىك دەپسەندە قىلىنغان

* 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلغان، 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يىقىلغان.

** 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ قۇرۇلغان، 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يىقىلغان.

هالىتى دۇنيا تارىخىدا بەك ئاز ئىدى. شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئەنە شۇنداق خارلىنىپ قالدى، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئىسلام دىنىنى ئەنە شۇنداق دەپسەندە قىلىپ قويدى.

غەربىي ۋە شىمالىي تۈركىستانغا قارايدىغان بولساق، 14 ـ ئەسىردە تاجاۋۇزچىلىققا كىرىشكەن رۇسلار، 1316 ـ يىلى ئىبدىل دەرياسى بويىدا قۇرۇلغان كېيىنكى بۇلغار خانلىقىنى 1552 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يىقىتتى. 1459 ـ يىلى قۇرۇلغان ئاستاراخان خانلىقىنى 1556 ـ يىلى يىقىتتى. 1426 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدە قۇرۇلغان سابىر خانلىقى ( يەنى سىبىر خانلىقى ) ۋە نوغاي خانلىقىنى 16 ـ ئەسىردە يىقىتتى. 1449 ـ يىلى قۇرۇلغان قىرىم خانلىقىنى 1783 ـ يىلى يىقىتتى. 1511 ـ يىلى قۇرۇلغان قازاق خانلىقىنى 1797 ـ يىلى يىقىتتى. 1511 ـ يىلى قۇرۇلغان خىۋە خانلىقىنى 1865 ـ يىلى يىقىتتى. 1563 ـ يىلى قۇرۇلغان بۇخارا خانلىقىنى 1867 ـ يىلى يىقىتتى. 1709 ـ يىلى قۇرۇلغان قوقان خانلىقىنى 1868 ـ يىلى يىقىتتى. 1921 ـ يىلى قۇرۇلغان تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ( يەنى ھازىرقى رۇسىيەگە قاراشلىق تۇۋا ئاپتونۇم جۇمھۇرىيىتى ) نى 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يىقىتتى. شۇنداق قىلىپ ئورۇسلار تۈرك خەلقلەرنىڭ ساقمۇ ـ ساق 10 دۆلىتىنى يىقىتىپ زېمىنىنى پۈتۈنلەي ئىگەللىۋالدى. بۇ جەرياندا غەربىي ۋە شىمالىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ كۆرگەن كۈنى خىتايلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئەشەددىي خارلانغان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭكىدىن قېلىشمىدى، ھەتتا ئېشىپ چۈشتى.

ﷲ نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىمىز دەپ يۈرۈۋاتىمىز، ﷲ ھەممىمىزدىن رازى بولسۇن. لېكىن قان تۆكۈش، كۆپ جاپالارنى تارتىش، زارۇ ـ زار يىغلاش جىھادنىڭ نىشانى ئەمەس. ﷲ قا، ئىسلام دىنىغا ئەڭ كېرەكلىكى ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تەڭداشسىز غەلىبىسى. شۇڭا بىز ﷲ سۇبھانە ۋەتەئالانىڭ « ئۇلار يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن

ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟..»* دېگەن كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ يۈتۈن كۈچىمىز بىلەن غەلىبىگە يۈرۈش قىلىشىمىز كېرەك.

يۇقىرقىلاردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، خەلقىمىزنىڭ ھەقىقانىي بىر ئاساسي سىياسىي پروگراممىا ۋە سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى ئاستىدا ياششى بەك زۆرۈر بولۇپ كەتكەن. بىز ئۇلارغا بۇنى ئىلمىي ئاساسلار ۋە ئېھتىياجلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تولۇق ھېس قىلدۇرۇشىمىز ۋە ئۆگىتىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئىسلامىي تەرەققىيات تارىخىمىزنىڭ تۈپ تەلىپى بولۇپ كەلدى.

* سۈرە يۈسۈف، 109 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# 2 ـ باب. رەھبەر، ئىزباسار ۋە ئۇرۇشنىڭ سىياسىي قىممىتىگە بولغان چۈشەنچىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى

مۇسۇلمان رەھبەرلەر توغرىسىدا الله تائالا سۈرە نىسانىڭ 59 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: « ئى مۇئمىنلەر! الله قا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەردىن بولغان (يەنى مۇسۇلمانلاردىن بولغان، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغان) رەھبەرلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.»

يەنە بۇ ھەقتە ئاتاقلىق پەلسەپە ئالىمىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ: «ئەگەر ئىتقا ئارسلان باش بولسا، ئىتلارنىڭ ھەممىسى ئارسلانغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئارسلانغا ئىت باش بولسا، ئارسلاننىڭ ھەممىسى ئىتقا ئايلىنىدۇ» دېگەن مەشھۇر بىر سۆزى ھەم بار.

ئادەتتە ھېچقانداق ئىشنى قاملاشتۇرالمايۋاتقان بىر خەلق، توغرا غايىلىك ۋە قابىلىيەتلىك بىر رەھبەرگە ئېرىشىشى بىلەنلا، الله نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەممە تەرەپلىرىدە ئومۇمىي ئىلگىرىلەش بولۇپ ئالەمشۇمۇل غەلىبىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئالەمشۇمۇل غەلىبە ئىچىدە ياشاۋاتقان بىر خەلق، خاتا غايىلىك ۋە قابىلىيەتسىز بىر رەھبەرنىڭ قولىغا قېلىشى بىلەنلا، الله نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەممە تەرەپلىرىدە ئومۇمىي ئاجىزلىشىش ھەم ۋەيران بولۇش يۈز بېرىپ، ئادەم ھەيران قالغۇدەك مەغلۇبىيەتلەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

خەلقنىڭ ئاددىي تىلى بىلەن ئېيتقاندا « يىلاننىڭ بېشى كىرگەن تۆشۈككە قۇيرىقى كىرمەي قالمايدۇ.»

مەسـىلەن: ئوسمـان تـۈركنىڭ* بـاش بولۇشـى تۈركلەرگـە ئىسـلامىي خىلاپەت تەشـكىللەپ پۈتـۈن دۇنيـا مۇسـۇلمانلىرىغا بـاش بـولۇش شـەرىپىنى ئېلىـپ كەلگـەن بولسـا؛ مۇسـتاپا كامـالنىڭ** بـاش بولۇشـى تۈركلـەرنى مىللـەتچىلىك پاتقىقىغـا تىقىـپ، بارچـە مۇسـۇلمانلارنى ھامىيسـىز قالـدۇردى. مىلادىيە 932 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخاننىڭ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تەختىگـە چىقىشـى، مـەركىزىي ئاسـىيا خـەلقلىرى ئارىسـىدا ئىسـلام دىنىـنىڭ يىلتىـز تارتىشىنى ھەقىقىي كاپالەتكـە ئىگـە قىلغـان بولسـا، مىلادىيـە 1682 ـ يىلـى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ(19) سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقىشـى مـەركىزىي ئاسىيادا ئىسلام دىنىنىڭ يىقىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

رەھبەرلـەرنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغـان بۇنـداق زور تەسـىرىنىڭ سـەۋەبى شـۇكى، ئـۇلار ھاكىمىيـەت، سىياسـەت، كېلەچـەكنىڭ مـەركىزى. بـارلىق پروگـراممىلارنىڭ بـاش لاھىيەچىسـى ۋە ئىجراچىسـى. شـۇنداق بولغـاچ ئۇلاردىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىشمۇ دىن، ۋەتەن، مىللەتنىڭ ھەممە تەرىپىـدە ناھايىتى چوڭ ئەكىس تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

بـۇ شـۇنى ئىسـپاتلايدۇكى ــ دىـن، ۋەتـەن، مىللـەتنىڭ تـارىخى؛ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا بىر نەچچە رەھبەرنىڭ تارىخىدىن باشقا نەرسە ئەمـەس. پۇقرالار پەقەت شۇ تارىخنىڭ ئەگەشكۈچىسى ۋە تولۇقلىغۇچىسى.

شۇڭا ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزى نىشان قىلغان بەخت مەنزىلىگە يېتىپ بارىمەن دەيدىكەن، ئەڭ ئاۋال ئۆزىگـە تـوغرا غايىلىـك ۋە قابىلىيـەتلىك بىـر كىشىنى رەھبەر قىلىپ سايلىشى كېرەك. بۇ جىھادىي غـەلىبىنىڭ ئـەڭ مۇھىم كاپالىتىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن شۇ نەرسىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، « ئات ئېغىنىغان

---

* مىلادىيە 1280 ـ يىلدىن 1324 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

** 1881 ـ يىلى ھازىرقى گرېتسىيەدە تۇغۇلغان، 1938 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىستامبۇلدا ئۆلگەن.

يەردە تۈك قالدۇ». ھەرتەرەپلىمە مۇۋاپىق بىر رەھبەرنىڭ سايلىنىپ بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ھەممە ئىشنىڭ پۈتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ بەلكى شۇ پەيتتىن باشلاپ ئاشۇ رەھبەرلەرنىڭ خاتالىشىپ ياكى خاتا يولغا مېڭىپ، سۇسلۇق قىلىپ ياكى بىر ئىزىدا توختۇۋېلىپ، ھەممىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىشىنىڭ يا بولمىسا ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتنى بوغۇپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن؛ ئۇلارنى ھەرۋاقىت نازارەت قىلىپ، ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن تەشەككۈرلەر بىلدۈرۈپ، سەۋەنلىكلەر كۆرۈلەي دېسە تەنقىتلەر بېرىپ، نەسىھەت قىلىپ؛ شۇ ئارقىلىق غەلىبىنى ياكى غەلىبىلىك تەرەققىياتنى قوغداش ۋەزىپىسى خەلقنىڭ يەلكىسىگە مەھكەم يۈكلەنگەن بولۇدۇ. چۈنكى« دىن ــ اللە، اللە نىڭ كىتابى، اللە نىڭ رەسۇلى، مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ( نەسىھەتتۇر ).»* شۇڭا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنىڭ مۇقەددەس تەلىپى.

مۇشۇ نوقتىدىن تۈركىستان تارىخىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، ئۇلارغا نىسبەتەن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك خىزمەت تەلىپىنى قويۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز:

بىرسى، ئۆزىنىڭ توغرا غايىلىك ۋە قابىلىيەتلىك ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى ھەرۋاقىت ئەستىن چىقارماسلىق. ئىككىنچىسى، ئۇرۇشنىڭ سىياسىي مەنپەئەتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش.

ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى بىر رەھبەرنىڭ ھايات مۇساپىسىدىن ئەلبەتتە كۆپ ئۇزۇن بولۇدۇ، چۈنكى ئۇ ــ مەڭگۈلۈك مۇساپە. شۇڭا بۇ مۇساپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مۇناسىپ سىياسىيون، رەھبەرلەرنىڭ بىرىنىڭ ئىشىنى بىرى ئىزچىل ھالدا ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ، تولۇقلاپ،

* ئەبۇ ھۇرەيرەدىن ئىمام نەسەئى رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.

راۋاجلانـدۇرۇپ تۇرۇشـغا تـوغرا كېلـدۇ. ئەگـەر بـرەر نـاتوغرا يـاكى قابىلىيەتسىز كىشى بۇ قاتارغا قوشۇلۇپ قالىدىكەن، ئۇ شۇ ھامـان تـارىخي ئـىزچىللىقنى يوقىتـا چىقىرىـپ، سىسـتېمىنى بـۇزۇپ، دىنـنى غـەلىبىلىك تـەرەققىيات يولىـدىن چىقىرىۋېتىـدۇ. ھـەتتا مۇسـۇلمانلارنى قۇللۇققـا تىقىـپ قويىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا كېيىنكى ئەۋلاتلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىشـنى« 0 » دىـن يـاكى ناھايىتى بۇرۇن بېسىـپ ئۆتـۈلۈپ بولغـان تـارىخي نوقتىـدىن قايتـا باشـلاش بولۇپ قالىدۇ. ۋەيرانچىلىق، زەئىپلىك ئەنە شۇنداق پەيدا بولىدۇ.

تۈركىستان خەلقى تا بۈگۈنگىچە بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىـك تارىخىـدا، مۇۋاپىق ئاساسىي سىياسىـي پروگراممىسى بولماسلىق، ھـەققاني ۋە يېتـەرلىك سىياسىي ھەرىكـەت پروگراممىسى بولماسلىق، ئىشـەنچلىك ۋە قابىلىيـەتلىك سىياسىـي ئـىز باسـارلىرىنى تەربىيەلەشـنى مـۇھىم ئىشـلار قاتارىـدا چىـڭ تۇتماسلىقتىن ئىبارەت ئـۈچ خاتـالىقنى تـەڭ سـادىر قىلىـپ كەلـدى. مۇۋاپىـق ئاساسىـي سىياسىـي پروگـراممىا بولمىغـاچ، ھـەققاني ۋە يېتـەرلىك سىياسىـي ھەرىكەت پروگراممىسى بولمىدى. ھەققاني ۋە يېتەرلىك سىياسىي ھەرىكـەت پروگـراممىسى بولمىغـاچ، ئىشـەنچلىك ۋە قابىلىيـەتلىك سىياسىـي ئـىز باسـار تەربىيەلـەش ھۆكۈمـەتنىڭ يـاكى تەشـكىلاتنىڭ مـۇھىم سىياسىـي ئىشـلىرى قاتارىـدا چىـڭ تۇتىلمىـدى. ئىزباسـارلىرىمىز لايەقـەتلىك بولمىغـاچ، ئـۇلار ئاساسىي سىياسىـي پروگـراممىزدىن تېخـمـۇ چاتـاق چىقىرىشـتى. ئاساسىـي سىياسىي پروگراممىا ساھەسىدىكى بۇ چاتاق، ھەققاني ۋە يېتـەرلىك سىياسىـي ھەرىكـەت پروگـراممىزنىڭ بولماسـلىقىغا ئېلىـپ بـاردى. ۋەيرانچىلىـق ئەنـە شۇنداق كېلىپ چىقتى ياكى داۋاملاشتى.

قابىلىيـەتلىك خـانلىرىمىز ۋاپـات بولغانـدىن كېيىـنلا دۆلىتىمـىزنىڭ ئۇششاق خانلىقلارغا پارچىلىنىپ كېتىشى؛ ئوت يـۈرەك رەھبـەرلىرىمىز قـول سـېلىپ ئىشـلەپ، ئاخىرىغـا ئېلىـپ چىقىشـقا ئۈلگۈرەلمىگـەن مۇقـەددەس ئىسـلامىي ۋەزىپىلـەرنىڭ، ئـۇلار ۋاپـات بولغانـدىن كېيىـنلا ھەممەيلـەننىڭ

ئېسىدىن كۆتۈرۈلىشى؛ تارىخىي دۈشمەن، ئەجدات قىساسى، تارىخىي دوست، ئەجدات قەرزىگە نىسبەتەن ئەۋلاتلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر نەچچە يىل ئۆتىشى بىلەنلا ئۇنى ھېچكىمنىڭ قىلچىلىك بىلمەسلىكى؛ رەھبەرلەرنىڭ ئۆلىشى ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئىنقىلاب سورىنىدىن ئايرىلىشى بىلەنلا كۈرەشنىڭ شۇ سائەتتىلا توختاپ قېلىشى ياكى ۋەيران بولۇشى ــ دەل يېتەكچىلىرىمىزنىڭ ئەقىدىسى توغرا، قابىلىيىتى ئىشەنچلىك، باتۇر سىياسىي ئىز باسارلىرنى تەربىيەلەشكە سەل قارىغانلىقىدىن ئىبارەت يۈزەكىنى مۇجىيدىغان كەمچىلىكنىڭ خەلقىمىزگە قالدۇرغان قانلىق يالدامىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بۇ سەۋەنلىكنىڭ مەيلى مۇستەقىللىق جەريانىدا بولسۇن، مەيلى مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىش جەريانىدا بولسۇن، مەيلى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا بولسۇن، يۈز بېرىشى ئەنە شۇنداق ئوخشاشلا خەتەرلىك. ئۇ ھېچقاچان قۇللۇقتىن نېرى ئەمەس.

بولۇپمۇ مۇستەقىللىق جىھادىمىز جەريانىدا بۇ سەۋەنلىكنىڭ ھازىرغىچە تۆزۈتۈلمەسلىكى ــ تۈركىستان، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان جىھادىنىڭ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە سوزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئەڭ تۈپ سەۋەبىنىڭ بىرى.

قاراپ باقايلى. تۈركىستان جىھادى جەريانىدا يولباشچىلارنىڭ ئەسىرگە چۈشۈشى، سۇيىقەستكە ئۇچرىشى، تەسلىم بولىشى، تۇتۇپ كېتىلىشى بىلەنلا پۈتكۈل سىياسىي پائالىيەتلەر ھەردائىم جىمجىت بېسىقىپ قالدى. چۈنكى يولباشچى يوق ئىدى.

ھەرقېتىم مانا شۇنداق نورمال بولغان سىياسىي يوقۇتۇش يۈز بەرگەندىن كېيىن، يەنە يېڭى بىر سىياسىي ئىز باسارنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى كۈتۈپ ئۇزۇن مۇددەت تېنچ يېتىش ــ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى قايتا ـ قايتا ئوڭشىۋېلىشىغا، كۆپ قېتىملىق پايدىلىق شارائىتلارنىڭ نەتىجىسىز قولدىن

كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدى. خەلقىمىز جىھادنى ئۆزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىپ، پەللىمۇ ـ پەللە، ئايمۇ ـ ئاي ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى يەنە «0» نوقتىدىن باشلاشقا مەجبۇر بولۇپ، جىھادىي ھەرىكەتتە تەكرار يول ماڭدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقېتىملىق جىھادنى باشلاشتا خەلقنى يېڭىدىن تەربىيەلەپ، يېڭىدىن قوزغاشقا توغرا كەلدى. بۇ خەلقىمىزنىڭ جىھادىي ئاڭ ـ سەۋىيە، جىھادىي تەجرىبىسىنىڭ ھەردائىمقى ھەرىكەتتە مۇكەممەل بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بۇ ھەقتە الله تائالا سۈرە مەريەمنىڭ 59 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ( يەنى پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھ كىشىلەر ) كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇن باسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.»

نەچچە مىليون قېرىندىشىمىز مۇشۇ سىياسىي كەمچىلىكىمىز تۈپەيلى ئارتۇقچە قۇربان بولغان تۇرۇپ ئۇنى يەنە تۈزەتمىسەك، الله نىڭ بۇ ئازابىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالماسلىقىمىز مۇمكىن. ئەۋلاتلارھەم، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ھەم بىزنى كەچۈرمەسلىكى مۇمكىن.

شۇڭا بۇقېتىملىق تۈركىستان جىھادىنى يەنە مۇشۇ سەھۋەنلىكلىرىمىز تۈپەيلى ۋەيران قىلىپ قويماسلىقىمىز ئۈچۈن، يىقىلغانلارنىڭ قولىدىكى جىھاد بايرىقىنى دەل ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئىز بېسىپ جىھاد قىلىدىغان، جىھادىمىزنى ئەڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىدىغان، ھەققانىي، قابىلىيەتلىك، ئىشەنچلىك سىياسىي ئىز باسارلارنى قەتئىي ئۈزۈلدۈرمەي تەربىيەلەپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىلگىرىكى رەھبەرلىرىمىزنىڭ داۋاملىق سەل قاراپ كېلىۋاتقان خاتالىقلىرىنىڭ يەنە بىرى، ئۇرۇشنىڭ سىياسىي مەنپەئەتىگە ئېتىبار بەرمەسلىك.

تۈركىستاننىڭ ئىسلامىي تارىخىدا دىين،ۋەتەن، خەلقىگە بارلىقىنى تەقدىم قىلغان مەردانە، جەسۇر بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار، رەھبەر سۆيىتى بىلەن خەلقىمىزنى ئۆزى ھېس قىلغان بەخت مەنزىلىگە باشلاپ كەلدى ياكى باشلاپ كېلىشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. جاھىلىيەت تارىخىدا جاھىل، باتۇر بىر تۈركۈم پەھلىۋانلار، رەھبەر سۆيىتى بىلەن خەلقىمىزنى ئۆز نەزىرىدىكى دۇنياۋىي ئەيش ـ ئىشرەت يولىغا باشلاپ كەلدى ياكى باشلاپ كېلىشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇ جەرياندا كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك نۇرغۇن جەڭگىۋار يالدامىلار تارىخ بېتىمىزگە مەڭگۈلۈك خاتىرىلىنىپ قالدى.

لېكىن يولباشچىلىق شەرىپىگە ئېرىشكەن شۇ تارىخىي شەخسلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى دۆلەتچىلىك سىياسىتىدىن بىخەۋەر نوقۇللا جەڭگە ماھىر ھەربىي قوماندانلار بولغاچ، ئۇلارنىڭ بىزگە تەقدىم قىلغىنى كىشىنى ئويغا سالىدىغان سىياسىي غەلىبىلەر بولۇشتىن بەكراق، لەۋ چىشلەپ قالغۇدەك جەڭ غەلىبىلىرى بولدى. 1 ـ بابتا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن مىساللار بۇنىڭ يىتەرلىك دەلىلى.

بۇ تارىخىي ۋەقەلەردىن شۇ بىرنەرسە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىسلامدىمۇ ۋە جاھىلىيەتتىمۇ، باتۇر، جەڭگىۋار، پەھلىۋان يولباشچى ۋە خەلق بىزدە سېلىكمەي مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇلار ئۆزىگە يارىشا نۇرغۇن سىياسىي غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنى جەڭ نەتىجىلىرىدىن ئاشۇرىۋېتەلمىدى. ھەتتا سىياسىي جەھەتتە قىممىتى يوق دېيەرلىك ئۇرۇشلارمۇ ھەم قەدەمدە بىر دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇردى. تۆككەن قان، قىلغان ئۇرۇش، قولغا كەلتۈرگەن جەڭ غەلىبىسى ناھايىتى كۆپ؛ قولغا كەلگەن ھەرتەرەپلىمە قىممىتى بار سىياسىي مەنپەئەت بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىنچە بەك ئاز بولدى. بۇنىڭغا ئەلبەتتە، كېلەچەكتە ﷲ نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ناھايىتى زور بەختلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن

بولغان، ھەققانىي ۋە يېتەرلىك ئاساسىي سىياسىي پروگراممىنىڭ ئاستىدا سىستېمىلىق تەربىيەلەنمىگەنلىكىمىز بىردىن-بىر سەۋەب بولدى.

شۇڭا بۇقېتىملىق تۈركىستاندىكى مۇستەقىللىق جىھادىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز دەيدىكەنمىز، يۇقىرقى خاتالىققا خاتىمە بېرىپ، ئۇرۇشتىن ئىسلامىي مەقسەتلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە ياخشى پايدىلىنىپ، بۇ ساھەدە قاراقچىلىق، ساراڭلىق، ئەخمەقلىق قىلىپ يۈرۈشتىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز كېرەك. جەڭ نەتىجىسىنى پارلاق سىياسىي مەنپەئەتلەرنىڭ سەۋەبچىسىگە ئايلاندۇرۇپ؛ ئاز ئۇرۇش قىلىپ كۆپ سىياسىي مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغان، كۆپ جەڭ قىلساق ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ سىياسىي مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىدىغان تارىخىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك.

مانا بۇلار پۈتۈن تۈركىستان خەلقىنىڭ ھايات رەھبەرلىرىگە قويىدىغان ئىككى چوڭ تارىخىي تەلىپى.

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ﷲ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن، تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى..»[*] ﷲ ۋەدىسىنى چوقۇم ئورۇنلىغۇچىدۇر.

---

[*] سۈرە نۇر 55 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## 3 ـ باب. رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىي خىزمەتتىكى چۈشەنچىسىنىڭ نائىنقلىقى

تارىختىن بۇيان تۈركىستاندىكى زور كۆپچىلىك رەھبەرلەر ئىسلامىي دەۋردىمۇ، جاھىلىيەت ۋاقتىدىمۇ، ئىچكى ـ تاشقى سىياسىي مۇناسىۋەت خىزمىتى جەھەتتە بىر تۈركۈم خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ كەلدى. بۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نوقتىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

### 1 ـ خەلقئارالىق سىياسىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى نوقۇللا دۇنيالىق سىياسىي مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇش

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كىرىشىپ كەتكەن ئىمانىي قېرىنداشلىق مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، « دىپلوماتىيە » دېگەن سۆزگە ئورۇن يوق. چۈنكى دىپلوماتىيە ــ ئۆزىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئومۇميۈزلۈك پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش؛ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇداپىيە كۆرۈپ، بارلىق ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ياكى ئۇلار بىلەن بولغان سىياسىي تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرۈش؛ دۇنياۋىي سىياسىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دىپلوماتىيە ماھىيەتتە سىياسىي مەنپەئەت كۆرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. دىپلوماتىيە خىزمىتى كىملەرنىڭدۇر قوللۇقىغا چۈشۈشى، كىملەرنىڭدۇر قورچاقىغا ئايلىنىپ قېلىشى، كىملەرنىڭدۇر ئومۇميۈزلۈك ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سىياسىي پائالىيەت.

بۇ سىياسىي كۆرەش، ئىسلام بىلەن كۇپرى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت ۋە مەۋجۇت بولۇشى كېرەك.

كۈپپارلار بىلەن بولغان خەلقئارالىق ھەرتەرەپلىمە دىپلوماتىيەدە ئالاھىدە بەزى شارائىتلاردا، ئۇلار بىلەن قىسمەن ياكى ۋاقىتلىق توختاملىششقا بولىدۇكى؛* لېكىن ھەرگىز ياردەملىششكە، دوستلىششقا بولمايدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس قانۇنى پىرىنسىپى. شۇ سەۋەبلىك، چۈشىنىپ تۇرۇپ بۇ يولدا مېڭىش ــ كۈپرىلىق؛ ئەقلانىيەتچىلىك قىلىپ ئالدىراپلا بۇ يولغا قەدەم بېسىش ــ قاتتىق چوڭ ئازغۇنلۇقتۇر.**

بىز تۆۋەندە تۈركىستان تارىخىدىكى بۇنىڭغا ئائىت مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

سەلجۇق خانلىقىنىڭ خانى توغرۇلبەگ ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ئەسكىرى كۈچىنى ئىسلامنى گۈللەندۈرۈپ كۈپرىنى يىقىتىشنىڭ ئورنىغا، ئەكسىنچە ئىسلام دۇنياسىدا ھوقۇقنى كېڭەيتىشكە ئىشلەتتى. مەسىلەن: 1055 ـ يىلى ئاباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ(20) پايتەختى باغداتقا بېسىپ كىرىپ ئەمەلىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ، خەلىپىنى قورچاققا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

1130 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلار، موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىدىن ھازىرقى قىرغىزىستان تەۋەلىكىگە قېچىپ كەلگەن قېپقىزىل بۇددىست قارا خىتايلارنى،(21) يەتتە سۇ تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ قېلىپ پايتەخت بالاساغۇنغا ئورۇنلاشتۇردى. دەسسىگۈدەك زېمىنغا ئىگە بولغان بۇ قاچقۇن كاپىرلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ غەربىي ۋە شەرقىي قارىخانىيلار خانلىقىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالدى. خارەزىم شاھلىقىنى ئۆزىگە بېقىندۇردى. سەلجۇقىيلار خانلىقىنى كىچىك بىر بەگلىككە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

* سۈرە مۇمتەھىنە 8 ـ ئايەت، سۈرە نىسا 90 ـ ئايەتكە قاراڭ.

** سۈرە نىسا 144 ـ ئايەت، سۈرە مائىدە 57 ـ ئايەت، سۈرە مۇمتەھىنە1 ـ ئايەتلەرگە ھەمدە ئەبۇ داۋۇت، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان« ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەبزىلى ــ الله ئۈچۈن دوست تۇتۇش ۋە الله ئۈچۈن دۈشمەن تۇتۇش» دېگەن ھەدىسكە ۋە شۇ مەزمۇندىكى باشقا ھەدىسلەرگە قاراڭ.

1638 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان ئابدۇللاھ خان، ئىچكى جەھەتتە سۇفى ـ ئىشانلارنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان تەھدىتىنىڭ ناھايىتى كۈچىيىپ كېتىشى؛ تاشقى جەھەتتە جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ تاجاۋۇزانە بېسىمىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىشى سەۋەبلىك شەكىللەنگەن دۆلەت خاراكتېرلىك ئومۇمىي كىرزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن؛ 1646 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىغا* تايىنىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسەت يۆنىلىشى شۇنداق بولغاچ، 1649 ـ يىلى ئابدۇللاھ خاننىڭ جىيەنى تۇرۇمتاي، سۇجۇدا ( يەنى ھازىرقى گەنسۇنىڭ جىيۇچۈئەن شەھرىدە ) ئىسيان كۆتۈرۈپ، قۇمۇل ۋە كەگسۇ ( يەنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربى ۋە گەنسۇ، چىڭخەينىڭ يېرىمى ) دا مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرماقچى بولغاندا، ئابدۇللاھ خان خىتايلار بىلەن بىرلىشىپ بۇ قوزغىلاڭنى قاتتىق باستۇردى. ھەتتا تۇرۇمتايىنىڭ دادىسى بولغان ئۆز ئىنىسى بابخاننى ھەپسىگە ئالدى. قۇمۇلغا تاشقى سىياسەتتە مانجۇلارغا ناھايىتى مايىل بولغان يەنە بىر ئىنىسى ئۇبۇلمۇھەممەدخاننى ۋالىي قىلدى. ئۇبۇلمۇھەممەدخان، سەئىدىيە خانلىقى جۇڭغار موڭغۇللىرى تەرىپىدىن يىقىتىلغان، بارلىق قېرىنداشلىرى ئۇلارغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان ۋاقىتتىمۇ؛ چىڭ سۇلالىسىغا تايىنىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش تاماسىدا مانجۇلارنىڭ خانى كاڭشىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سوۋغا ـ سالام يوللاپ قويۇپ، ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلمىدى. 1696 ـ يىلغا كەلگەندە ئۇبۇلمۇھەممەدخاننىڭ ئورنىغا دەسسىگەن ئۇبەيدۇللاھ خان چىڭ سۇلالىسىغا ئۆزلىكىدىن بويسۇندى. ۋە مانجۇلاردىن « چىنۋاڭ » ئۇنۋانىنى ئالدى. بۇ ئىچكىرىدە قۇرۇلغان بارلىق ھاكىمىيەتلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان كۈتۈپ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ ھەربىي ـ سىياسىي ئارزۇسى ئىدى. قۇمۇل ۋاكى

---

* مىلادىيە 1616 ـ يىلى نۇرخاچ تەرىپىدىن قۇرۇلغان مانجۇلارنىڭ دۆلىتى، 1911 ـ يىلى سۇنجۇڭشەن باشچىلىقىدىكى خىتايلار يىقىتىپ تاشلىغان.

ئۇبەيدۇللاھنىڭ ئەۋلاتلىرى كېيىنچە قۇمۇل چىنۋاڭلىقىغا ۋارىسلىق قىلىشتىن سىرت، تۇرپانغا « جۇنۋاڭ » ۋە ئىلىغا « ھاكىمبەگ» قىلىندى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قانخور مانجۇ ـ ختايلارغا تايىنىپ ئېغىزغا ئالغۇسىز دەرىجىدە دەپسەندە قىلدى. 1912 ـ يىلى تۆمۈر خەلپە ۋە مۆيدىن خەلپە[22] قارشى چىققان قۇمۇل چىنۋاڭى شامەخسۇت ۋە تۇرپان جۇنۋاڭى ئىمىن[23]؛ 1944 ـ يىلدىكى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدە جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان ئىلىنىڭ ھاكىمبىگى ھاكىمبەگ خۇجا[24] نەخ ئاشۇ قانخور ۋاڭلارنىڭ ئەۋلادى ياكى ۋارىسى ئىدى.

1723 ـ يىلى جۇڭغار قالماقلىرى[25] قازاق خانلىقىغا[26] ھۇجۇم قىلدى. دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ھايات ـ ماماتلىق باسقۇچقا كېلىپ قالغان مانا مۇشۇنداق پەيتتە قازاقلار بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرماستىن، بەلكى ئۈچ جۈز[27] ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشۇپ يۈردى. ئاخىرى ئۇلۇغ جۈز جۇڭغار قالماقلىرىغا قۇللۇققا چۈشتى. كىچىك جۈز بىلەن ئورتا جۈز بولاردىن قېچىپ ئۆزلىكىدىن ئورۇسلارغا بويسۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىر پۈتۈن قازاق خانلىقى ئاسانلا كاپىرلارنىڭ قۇللۇقىغا چۈشۈپ قالدى.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز ئىسلام بىلەن ھىدايەتلەنگەندىن كېيىنمۇ ھەممىدىن خەبەردار ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ﷲ تائالانىڭ، دوست ـ دۈشمەننى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش توغرىسىدىكى تەلىماتىغا ئېتىبارسىز قاراپ، كۈچ تاپقان پەيتلىرىدە ﷲ نىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى بولغان كاپىرلارغا قارشى ئورۇش ئېچىش ئورنىغا، ئۆزىنىڭ باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ۋەيران قىلدى ياكى ئاجىزلاشتۇردى. باشقىلار تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغان، ئاجىزلاشقان ياكى ئىچكى توپىلاڭغا گىرىپتار بولغان پەيتلىرىدە بولسا ـ تاشقى دۈشمەنگە قارشى كۈچنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆز ـ ئارا چۈشىنىش ۋە ھەمكارلىشىش ئورنىغا، ھەرۋاقىت پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ھىيلىگەر، ياۋۇز كاپىرلارنى ياردەمگە

چاقرىپ، كۈچ بىلەن كىرەلمەيدىغان دۈشمەننى ئۆزلىرى تەكلىپ قىلىپ ئۆز مىللىتىنى كاپىرلار بىلەن شېرىك قىرغىن قىلىپ، ۋەتەن ۋە خەلقىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىشىغا سەۋەب بولۇشتەك ئەقىلسىز قىلمىشلىرى، هازىرقى خارلىقىمىزنىڭ باشلىنىشىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى ئىدى.

ئەمما تۈركىستانلىقلار ھەتتا جاھىلىيەت ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ ئازغۇن ئېتىقادىنى چىقىش قىلغان ھالدا يۇقىرىقىدەك خاتالىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كۆپ ئېتىبار بەرگەن ئىدى. مەسىلەن:

1230 - يىللاردا، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار قۇرغان قاراخانىيلار خانلىقىغا جىزيە (28) تۆلەيدىغان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى(29) قاراختايلار بىلەن بىرلىشىپ قاراخانىيلارغا قارشى چىققان ئىدى.

1252 - يىلى ئىدىقۇت خانلىقىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن كاپىر ئۇيغۇرلار زىدىيەتلىشىپ قالغاندا، خان كاپىر بولغىنى ئۈچۈن، كاپىر ئۇيغۇرلارنى قوللاپ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغان ئىدى.

تارىخچىلار، 1258 - يىلى ئابباسىيلار خەلىپىكىنى يىقىتىپ تاشلىغان چىڭگىزخاننىڭ 300 مىڭ كىشىلىك تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ ئارىسىدا، ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئىدىقۇتلۇق كاپىر ئۇيغۇرلار 290 مىڭ ئىدى دەپ مەلۇمات يېزىشىدۇ.

شۇڭلاشقا، الله نىڭ قانۇنىنى ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىرىش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان بىز مۇجاھىدلار بۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز؛ الله دىن قورققان، ئەقلىنى ئىشلەتكەن ھالدا ئىچكى - تاشقى سىياسىي مۇناسىۋەتتە الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى كۆرسەتكەندەك قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆلچەم قىلىشىمىز كېرەك.

## 2 ـ سىياسىي ساھەدە مەخپىيەتچىلىكنى ساقلاشقا ئېتىبار بەرمەسلىك

سىياسىي ساھەدىكى مەخپىيەتچىلىك ــ ئەڭ چوڭ سىياسىي كۈچ ــ قۇۋۋەت. سىياسىي ساھەدىكى مەخپىيەتچىلىكنى ياخشى ساقلاش ــ ئەڭ چوڭ سىياسىي ئارتۇقچىلىق. ئۇنى يوقۇتۇپ قويۇش ــ ئەڭ چوڭ سىياسىي مەغلۇبىيەت. ئاسانلا زىيانكەشلىككە ئۇچراش، ئىززىتى بولماسلىق، تېز ۋەيران بولۇش، ئۇزۇن مۇددەت باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىش، سىياسىي پروگراممىلىرىنى قەتئىي ئورۇندىيالماسلىق ــ دەل سىياسىي جەھەتتە مەخپىيەتچىلىكنى يوقۇتۇشنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر قانداق بىر سىياسىي بىرلىكنىڭ ئۆزىگە خاس مەخپىيەتچىلىكى تۆگىگەن ھامان ناھايىتى تېزلىكتە ئومۇمىيۈزلۈك گۇمرانلىققا يۈزلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەيلى مۇسۇلمانلار بولسۇن، مەيلى كۇپپارلار بولسۇن؛ تارىختىن بۇيان بۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن.

بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنىڭ ئەڭ گۈزەل بولغانلىقىنىڭ دەلىلى ئۆزىگە پايدىسى يوق ۋە ئالاقىسى بولمىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش.»*

« ھەر قانداق ئادەم الله ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن.»**

مەسلەن: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئورۇنسىز جاپا ـ تالاپەت، ئىچكى ـ تاشقى سىياسىي قالايمىقانچىلىق ۋە ھەرخىل توسقۇنلۇقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ــ ھىجرەت لاھىيىسى، ئايغاقچىلىق لاھىيىسى، غازات لاھىيىسى، تېنچ ئۆزگەرتىۋېتىش لاھىيىسى، ئاممۋى

---

* تىرمىزى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

** بۇخارى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

قوزغۇتۇش لاهيىسى قاتارلىق بارلىق سىياسىي مەخپىيەتچىلىكلەرنى؛ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن باشقا هەتتا بەزى ئەهۋاللاردا ئۆزىدىن باشقا هېچكىم بىلمەيدىغان تەرزدە مەخپىي تۇتقانلىقى ئىسلام تارىخىدىن ياخشى خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇم.

ئەمما بىز تۈركىستان تارىخىغا قاراپ باقىدىغان بولساق مەيلى ئىسلامىي جەمئىيەتتە بولسۇن، مەيلى جاهىلىي جەمئىيەتتە بولسۇن؛ بۇ ساهە بويىچە ناهايىتى كۆپ پاجىئەلەرنى بايقايمىز:

1913 ـ يىلى، ئۆزىنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قالغىنىنى هېس قىلغان تۆمۈر خەلىپە، سەبدىشى مۆيىدىن خەلىپە بىلەن بىللە قوزغىلاڭچىلارنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، ئىش باشلاش ئۈچۈن جىددىي تۇتۇش قىلدى ـــ قورال ـ ياراغلارنى يۆتكىدى، ئادەملىرىگە مۇئەييەن دەرىجىدە خەۋەر يەتكۈزدى. ئەمما بۇ پىلاننى خائىن مۇھەممەدقۇل، قۇمۇل چىنۋاڭى شامەخسۇتقا چېقىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى قوزغىلاڭچى خەلىپە بىلەن 129 جەڭچى جاللات ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلاندى. نۇرغۇن جەڭچىلەر شامەخسۇت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تىرىك قالغانلار مۆيىدىن خەلىپىنىڭ يېقىن سەبدىشى ئەمەتىنىڭ(30) يېتەكچىلىكىدە جەڭنى داۋاملاشتۇردى. 1914 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، بۇلاردىن قۇمۇلدا ئاممىنى تەشكىللەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىمىن باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا جەڭچىلەرمۇ خائىنىنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن قولغا چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتتى.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ 1955 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خوتەنىنىڭ ئاتاجوي* كەنتىدە باشلىغان جىهادىمۇ خائىنىنىڭ بىۋاستە زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى.

* هازىر خەلق ئاتچىي دەيدۇ

بۇنداق پاجئە تاكى 1990 - يىلقى بارىن جىهادىغىچە داۋاملىشىپ كەلدى ۋە يەنە داۋاملىشىۋاتىدۇ.

840 - يىلى، ئىسلامىيەتنىڭ شەرق تەرەپكە كېڭىيىشىنى زور كۈچ بىلەن قاتتىق توسۇپ تۇرىۋاتقان ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا، ئۇرۇقۋازلىقنىڭ تەسىرىدە بۆلگۈنچىلىك كۈچەيگەن؛ تىبەتلەرنىڭ(31) ھەربىي ھۇجۇمى ھاكىمىيەتنى ھالسىراتقان؛ خىتايلارنىڭ سىياسىي سۇيىقەستى قىسىنچىلىق پەيدا قىلغان؛ «مانى دىنى»(32) دىن ئىبارەت ئىپلاس ئېتىقاد جەمئىيەتنى قاتتىق چۈشكۈنلىككە گىرىپتار قىلغان؛ تەبىئىي ئاپەت دۆلەتنىڭ ماددىي ئاساسىنى سۇندۇرۇپ تاشلىغان؛ يۇقۇملۇق كېسەل خەلقنىڭ كانىيىدىن ئالغان ئىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە ۋەزىر تۈن باغا ھوقۇق مەسىلىسىدە نەپسى تەلەپ قىلغانغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، 836 - يىلى ئۇيغۇرلاردىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغان قىرغىزلارنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مەخپىي تۇتۇلۇۋاتقان بۇ قىينچىلىقلارغا قوشۇپ دۆلەتنىڭ بارلىق مەخپىيەتچىلىكىنى ئاشكارا قىلىۋەتتى؛ ئەقىل ئۆزگەتتى؛ يول باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا ئۆزىنى بىر چاغلاپ، مۇجاھىدلارنى تەگرى تېغىدىن ئۆتكۈزمەي، ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە بىردىن - بىر پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان بۇ دۆلەت؛ قىرغىزلارنىڭ شۇ قېتىملىق ھۇجۇمىدىلا يەر بىلەن يەكسان بولدى.

شۇڭلاشقا، اللهنىڭ قانۇنىنى ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىرىش، ئىزىلگەن خەلقىمىزنى ئىسلامىي ئازاتلىق - ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان بىز مۇجاھىدلار مەخپىيەتچىلىكنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك.

## 3 ـ باشقا سياسي كۆزقاراشتىكىلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە، رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئېتىبار بەرمەسلىك

ئىچكى توپىلاڭدىن ساقلىنىپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش؛ ھاكىمىيەتنىڭ ئىناۋىتىنى ۋە ھەيۋىتىنى ئاشۇرۇش؛ بىر خىل ھاكىمىيەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىشىغا سىياسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش؛ ھاكىيەتنىڭ ئەسلى رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش ؛ ھەر تەرەپلىمە كۆرەش پىلانلىرىنى ئورۇنلاش قاتارلىقلارنىڭ بىردىن ـ بىر سىياسىي ئۇسۇلى پەقەت ــ باشقا سىياسىي كۆزقاراشتىكىلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە سىڭىپ كىرىشىنىڭ چوقۇم ئالدىنى ئېلىش.

تۈركىستاننىڭ تارىخ بەتلىرىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، بۇ جەھەتتىكى ناھايىتى نۇرغۇن ئىبرەتلىك تەجربە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولالايمىز. مەسىلەن:

ماۋەرائۇننەھرىدىكى(33) ئەمىر تۆمۈر ئەۋلاتلىرىنىڭ ھوقۇق تالىشىپ قىلىۋاتقان جەڭگى ـ جېدىلى تازا كۆچەيگەن، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن ئۆزبېكلەر(34) ئارىسىدىكى ئۇرۇش ئەۋجىگە چىققان بىر پەيتتە ــ يەنى 1514 ـ يىلى، سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلدى. بۇ خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان ھەرتەرەپلىمە تەرەققىياتقا قاتتىق ئېتىبار بەرگەنلىكى ئۈچۈن دۆلەت تېزلا گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ تېنچلىق ۋە مەئىشەتتىن شۆلگەيلىرى ئېقىشقان ماۋەرائۇننەھرىدىكى سۇفى ـ ئىشانلار، بولۇپمۇ نەقشبەندىچىلەر(35) سەئىدىيە خانلىقىغا توپ ـ توپى بىلەن كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى ۋە بۇ ئېقىم سەئىدىيە خانلىقىدا تارىلىشقا باشلىدى.

ئەنە شۇ كۆچمەنلەر قاتارىدا 1525 ـ يىلى نەقشبەندىچىلەرنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى خوجا خاۋەندى ھەم يەركەنگە كۆچۈپ كەلدى. سۇلتان

سەئىدخان ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىد بولىدى. 1533 ـ يىلى سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىتخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇ كىشىمۇ ھەم 1543 ـ يىلى ماۋەرائۇننەھرىدىن كۆچۈپ كەلگەن خوجا مۇھەممەد شېرىپ دېگەن نەقشىبەندىچى سوفىغا قول بېرىپ مۇرىد بولىدى ۋە ئۇنىڭغا « دۆلەت ئۇستازى » دەرىجىسىنى بەردى. بۇنىڭ بىلەن نەقشىبەندىچىلىك پۈتۈن دۆلەتنى دېگۈدەك قاپلىدى.

شۇنداقلا، ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ تائىپىلەرنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى باشلاندى. ئابدۇرەشىتخاندىن كېيىن تەختكە چىققان بىر نەچچە خانمۇ بۇنداقلارغا مۇرىد بولدى.

نەتىجىدە بۇ نائەھلىلەر ئاستا ـ ئاستا خانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بارلىقىنى سەرپ قىلىپ تېرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان ھالەتكە يېتىپ يەتتى ـ دە، ئەڭ ئاخىرىدا موڭغۇللارنى باشلاپ كېلىپ، بۇ مۇسۇلمانلار دۆلىتىنى شۇ بۇددىستلارغا تۇتۇپ بەردى.

1864 ـ يىلى يازدا تەرەپ ـ تەرەپتىن باشلانغان جىھاد قەدەممۇ ـ قەدەم كېڭىيىپ، 1872 ـ يىلى قەشقەر خانلىقى شەرقىي تۈركىستاننى ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن مانجۇ ـ خىتايلارنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن تارقاق ھالەتتە مۇستەقىل تۇرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان(36) ـ بىرلىككە كەلگەن، خەلىپىگە بەيئەت قىلغان بىر ئىسلامىي ھاكىمىيەتكە ئىگە بولىدى. ئەمما خان ياقۇپبەگ ھەممىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق ئاقكۆڭۈللۈك قىلىپ، كونا مانجۇ ـ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ سادىق خىزمەتكارى ھوقۇقپەرەس نىياز ھېكىمبەككە خوتەننىڭ ۋالىيلىقىنى بەردى؛ ئەشەددىي تۇڭگان مىللەتچى داۋۇت خەلىپىگە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىنى بەردى. ئاقىۋەتتە بۇلار قەشقەر خانلىقىنى مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ قايتىدىن بېسىۋېلىشىغا ئىنتايىن چوڭ تۆھپە قوشتى.

1865 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قۇرۇلغان ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ(37) ھاكىمىيەت ساھەسىگە ئورۇنلىشىۋالغان ئورۇسلارنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان ئەخمەتجان سىڭاكوۋ ۋە ھۇقۇقپەرەس مەخمۇت پوچىلار، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئىسلامىي دۆلەتنى ئورۇسلارنىڭ بېسىۋېلىشىغا كۈچلۈك ئاساس ھازىرلاپ بەردى.

سوۋېتنىڭ بىۋاستە ياردىمى بىلەن 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ستالىن تەرىپىدىن زورمۇ ـ زور قاتناشتۇرۇلغان ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى موسكۇۋاپەرەس زىيالىيلار، ئەڭ ئاخىرى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى كوممۇنىستلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىپ بەردى.

1970 ـ يىلى ختايلار 5 ـ 6 كۈن ئىچىدىلا پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاندا چالا قويماي تۇتتۇەتكەن، ئورۇسلار بىۋاستە قول سېلىپ قۇرۇپ چىققان مەركىزىي كومىتېتى سوۋېتتا تۇرۇشلۇق سۈنئىي تەشكىلات ــ «شەرقىي تۈركىستان ۋەتەن قۇتقۇزۇش پارتىيىسى» نىڭ شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى ( شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ(38) قالدۇقىنى ئاساس قىلىپ تەشكىللەنگەن ) ـــ بۇ پارتىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمەلىي ھەرىكەت گۇرۇپپىسى بولۇپ؛ بۇلارنىڭ شۇنچە تېز ۋاقىت ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك تۇتۇلۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ــ بۇ گۇرۇپپىنىڭ مەركىزىي ئورگىنىغا بىرجاسۇسنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكى ئىدى.

بۇ ھەقتە اللە تائالا سۈرە ئال ئىمراننىڭ 118 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېگەن «ئى مۆئمىنلەر! ئۆزەڭلاردىن بولمىغانلارنى سىرداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلار سىلەرگە بوزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق.»

يەنە سۈرە نىسانىڭ 71 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېگەن:« ئى مۇئمىنلەر! (دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ) تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇڭلار...»

شۇڭلاشقا، ﷲنىڭ قانۇنىنى ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىرىش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان بىز مۇجاھىدلار بۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك.

# 4 ـ باب. رەھبەرلىرىمىزنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى يۇمشاقلىقى

سىياسىي ـ يىغىنچاق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ الله بىلەن بولغان ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا يولغا سېلىشتىن ئىبارەت. ئۇ، ئىنساننى الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرۈشكە، الله نىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئېرىشىش يولى بولغاچ؛ ھاياتىي دۇنيادىكى سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى، نەتىجىسى ئەڭ پەخىرلىنەرلىك، پايدىسى مۆلچەرلىگۈسىز، دەرىجىسى ئەڭ كاتتا، قىيىنچىلىقى ئەڭ كۆپ پائالىيەت سورىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىياسىي ساھەدىكى مۇۋاپىق ئۇسۇل، ئېنىق نىشان، سېستىمىلىق سۈرئەت ـــ ئاساسىي سىياسىي پروگراما ۋە سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىغا تەئەللۇق مەسىلە بولغاچ، بۇ تېمىدا پەقەت قانۇن ـ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتىكى پوزىتسىيە مەسىلىسى ئۈستىدىلا توختۇلۇپ ئۆتىمەن.

سىياسىي ساھەنىڭ ئۆزىدە ھەرجەھەتتىن مۇكەممەل بولغان قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى ـــ جەڭگىۋارلىقنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى؛ ئۇنىڭ قەتئىيلىك بىلەن ھەققانىي ئىجرا قىلىنىشى ـــ جەڭگىۋارلىقنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشى؛ ئۇنىڭ ئەمەلىي سىناقلاردىن ئۆتىشى ـــ غەلىبىنىڭ ھارپىسى؛ ئۇنىڭ پۈتۈن پۇقرالارغا ئومۇملىشىپ، ئۇلارنىڭ روھىي ۋۇجۇدىنىڭ تۈرۈكىگە ئايلىنىشى ـــ غەلىبىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى؛ ئۇنىڭ ئەتراپقا تارقاپ باشقا قەۋم، دۆلەت، ھاكىمىيەتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشى ۋە ئۆرنەك بولىشى ـ غەلىبىنىڭ مۇكەممەللىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، ھەرجەھەتتىن مۇكەممەل بولغان قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ سادىقلىق بىلەن كەسكىن ئىجرا قىلىنىشى ـ سىياسىي غەلىبىنىڭ ئانىسى.

شۇڭا ئەڭ مۇكەممەل قانۇن بولغان ئىلاھىي شەرىيئەتنىڭ يەر يۈزىدىكى ھامىيلىرى بولغان ھەرقانداق مۇجاھىد سىياسىيون، رەھبەر، قوماندان؛

بۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى ـ ئۇنى تەتقىق قىلىشى، ئەمەللەشتۈرۈشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم.

بىز بۇ جەھەتتە، بىرتۈركۈم تارىخىي تەجرىبىلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

رەسۇلۇللاھنىڭ تاكى ۋاپات بولغىچىلىك بولغان كۈرەش تارىخىغا قاراپ باقىدىغان بولساق: ئىسلامنىڭ بېشىدا ئۇسۇلدا ئەۋرىشىم، قانۇن ـ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش؛ ئىسلام كۈچەيگەن ۋاقىتتا ئۇسۇلدا قەتئىي، قانۇن ـ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتا كەسكىن بولۇش؛ ئىسلام غەلىبە قىلغان ۋاقىتتا ئۇسۇلدا مېھرىبان، قانۇن ـ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتا كەسكىن بولۇش ـ ئۇنىڭ رەھبەرلىك خىزمەت يولى بولغانلىقىنى ۋە بۇنى ئۈممەتكە سۈننەت قىلىپ قالدۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆرىۋالالايمىز.

ئەمدى خىتايلارنىڭ تارىخىغا قاراپ باقايلى:

خىتايلار ـــ ئاجىز ۋاقىتىدا، سوۋغات قىلىشقا بولۇدىغان بارلىق نەرسىسىنى سوۋغات قىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە جاسۇسلارنى يوللاپ، ئىچكى تەييارلىقنى كۈچەيتىپ، كەلگۈسىگە تەييارلىق قىلىش؛ سەل ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئىتتىپاقداشلارغا ئېرىشىپ، كۈچىيىپ قالغاندا ـــ جان تىكىپ ئېلىشىپ، دوست ـ دۈشمەن دېمەي قولىدىن كەلگەنچە قىرغىن قىلىپ، رىقابەتچىلەرنى يوق قىلىش؛ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندە ئىلگىرىكى دۈشمەن مىللەتلەرنىڭ ئەۋلاتلىرىنى قاتتىق سىقىپ، ئۆز خەلقىگە مېھرىبان سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، جاھانغا خوجايىن بولۇش يولى بىلەن ساقلىنىپ قالدى ۋە گۈللەندى. شۇنداقلا بۇ جەريانىدا ئۆزىنىڭ بۇخىل شەكىلدىكى قانۇن ئىجرا قىلىش سىياسىي ئادىتىنى ئەۋلاتلىرىغا ئېزىپ ئىچۈرۈپ؛ ئۇلارنىڭ شۇ جەھەتتىكى ۋارىسچانلىقىنىڭ مۇكەممەل ھالدا ساقلىنىپ قېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئەمما بىز ئۆز تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرتەرەپلىمە سىياسىي پائالىيەتلەردىكى مەقسەتچانلىقىمىزنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەبلىك،

تارىختىن بۇيان قانۇن ـ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتا يۇمشاققول بولۇپ، شۇ تۈپەيلى زىيان تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

مەسىلەن: 16 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرىغاكەلگەندە مەقدۇم ئەزەمنىڭ سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ ئىشانلىق ئورنىنى تالىشىپ كەسكىن زىدىيەتلەشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە باشقا ـ باشقا ئانىدىن بولغان خوجا مۇھەممەد ئىمىن (ئىشان كالان) بىلەن خوجا ئىسھاق ئارىسىدىكى زىدىيەت ھەممىدىن كەسكىن ئىدى. ئاخىرى ئاداشقانغا يامىشىپ بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىدىيەتنىڭ نەتىجىسىدە ئىسھاقىيە (خوجا ئىسھاقنىڭ)، ئىشقىيە (ئىشان كالاننىڭ) دىن ئىبارەت ئىككى مەزھەب شەكىللەندى.[*] شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى 200 يىللىق ئىپلاسلارچە قانلىق ئىچكى ئۇرۇش، كۆپىرىلىققا ئورالغان جاھىلانە قاراڭغۇ دەۋر رەسمىي باشلاندى ــ ھەممە جايىنى « ئۇر ـ چاپ » قاپلاپ كەتتى، شەھەر ـ مەدرىسلەر پۈتۈنلەي خاراپ بولدى، ھەقىقىي ئىسلام ئۆلىمالىرى يوقىتىلىپ « مۇبەييەن »(39) ئوقۇشنى بىلىدىغان كىشىلەر ئەڭ كاتتا ئىسلام ئالىمى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ قالدى، دىين ـ دىيانەتنىڭ ئورنىنى كاززاپلارچە سوفى ـ ئىشانلىق ئىگەللىدى، كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇپ دەرۋىش ـ تەركى دۇنيا بولۇپ كەتتى.

بۇ ئىچكى ئۇرۇش ــ ئىشان كالاننىڭ نەۋرىسى ھىدايىتۇللاھ ئىشاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئەينى ۋاقىتتىكى سەئىدىيە خانى ئىسمايىلخان بۇ لاملىنىڭ جىنايىتىنى، دۆلەت ئۈچۈن بولغان خەۋپلىك تەسىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى پەقەت دۆلەت تەۋەلىكىدىن ھەيدەپ چىقىرىش بىلەنلا بولدى قىلدى. نەتىجىدە بۇ ئىت 12 يىل سەرگەرداندا بولۇپ يۈرۈپ، 1682 ـ يىلى لاساغا بېرىپ، بۇتپەرەس لامىلارنىڭ

[*] ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىسھاقىيەلەر قارا دوپپا، ئىشقىيەلەر ئاق دوپپا كىيىشەتتى، كېيىنچە بولار شۇنىڭغا ئاساسەن « قارا تەقىيەلىكلەر»، « ئاق تەقىيەلىكلەر» دەپ ئاتالغان ئىدى.

باشپاناھى بولغان دالاي ھۆكۈمىتىگە يېلىنىپ، ئۇنىڭ بۇيرىقى بىلەن جۇڭغار موڭغۇللىرىنى باشلاپ كېلىپ، شۇ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنى بۇ كاپىرلارغا ئېلىپ بەردى.

قەشقەر خانلىقى ( 1866 ـ 1878 ) نىڭ خانى ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ خانلىق تارىخىدا، بۇ ئىسلامىي ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئاسىيلىق قىلىپ، قايتا ـ قايتا توپىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە ئەتراپتىكى باشقا ۋىلايەتلەرگە كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلغان داۋۇد خەلىپە(40) باشچىلىقىدىكى ئۈرۈمچىلىك تۇڭگانلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە تەدبىر قوللىنىش ئۇيانىدا تۇرسۇن؛ بەلكى ئۇلارغا ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان شىمالىي تۈركىستاندىكى خېلى كۆپ زېمىنىنىڭ ھوقۇقىنى قايتا ـ قايتا تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى بار بولغان بارلىق كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا ئومۇميۈزلۈك يول قويدى. بۇ خائىن گۇرۇھ ئەڭ ئاخىرى شۇ قالدۇق كۈچ ـ قۇدرىتىگە تايىنىپ، زوزۇڭتاڭ(41) باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچى مانجۇ ـ خىتايلارغا ماسلىشىپ، ئىسلام دۆلىتى بولغان قەشقەر خانلىقىنى يىقىتىپ تاشلىدى.

ئورۇسلار تەرىپىدىن « باسمىچىلار ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان، ئوتتۇرا ئاسىيادا 1917 ـ يىلدىن 1926 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئورۇس تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جىھادقا 1920 ـ يىلى مۇجاھىدلار، ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قاچاق بولۇپ يۈرگەن ئەنۋەر پاشانى رەھبەر قىلىپ سايلاشتى.

ئەنۋەر پاشا بولسا ئەينى ۋاقىتتا ئوسمان خىلاپىتىنىڭ قورۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى بولۇپ تۇرۇپ، 1908 ـ يىلى خەلىپە ئابدۇلھەمىدخاننى* ئاۋال پارلامېنت قۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان. كېيىن ئۇنىڭدىن ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرغان. 1918 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە خەلىپە مۇھەممەد VI تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلگەن، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ(42)

* 1876 ـ يىلدىن 1909 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

ئاساسچىسى ۋە شۇ ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى» نىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئەسلى، مۇجاھىدلار ئۆزلىرى تىكلىمەكچى بولغان غايىگە ئاساسەن، بۇنداق بىر ئىنسانىنى جىھادىي قوشۇنغا باش قىلماي، الله نىڭ قانۇنىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئىچىدە ھاكىم قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئەلبەتتە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان شۇ قېتىملىق جىھادنىڭ غەلىبىسىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن بولاتتى.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئىسھاقبېكدەك(43) بىر تارىخىي جاللاتنىڭ باش قىلىنىشى ھەم يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا بىر تارىخىي ۋەقە ئىدى. چۈنكى ئۇمۇ ئورۇسلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇلارغا قارشى ئوتتۇرا ئاسىيا جىھادىنى ئېزىپ ـ كېسىپ مەغلۇپ قىلىش ۋە 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى يىقىتىشتا ناھايىتى چوڭ ـ چوڭ «تۆھپەلەر» نى ياراتقان بىر قانخور كوممۇنىست ئىدى.

بۇنىڭدىن ئۆزگىمۇ تۈركىستان تارىخىدا قانۇن ـ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتىكى پوزىتسىيە مەسىلىسىگە ئائىت بۇنداق مىساللار خېلىلا كۆپ.

يىغىنچاقلىغىنىمىزدا، يولباشچىلىرىمىزنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش جەريانىدىكى يۇمشاقلىقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتە نوقتۇلۇق ئىپادىلەنگەن:

1 ـ ئۆز ئىچىدىن چىققان بۆلگۈنچىلەرگە يۇمشاقلىق قىلىش.

2 ـ ئۆز ئىچىدىن چىققان خائىن ـ مۇناپىقلارغا يۇمشاقلىق قىلىش.

3 ـ ئۆز ئىچىدىكى خاتا سىياسىي ئېقىمدىكىلەرگە يۇمشاقلىق قىلىش.

4 ـ تاجاۋۇزچىلارغا يۇمشاقلىق قىلىش.

5 ـ ساتقۇن سىياسىي ئىتتىپاقداشلارغا يۇمشاقلىق قىلىش.

6 ـ تارىخىي دۈشمەنلەرگە يۇمشاقچىللىق قىلىش.

7 ـ زالىم ھۆكۈمرانلارغا يۇمشاقچىللىق قىلىش.

8 ـ پۇقرالارنى تەربىيەلەشتە يۇمشاقچىللىق قىلىش.

9 ـ ئاساسىي سىياسىي پروگراممىا ۋە سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىنى ئىجرا قىلىشتا يۇمشاقچىلىق قىلىش.

دېمەك مانا شۇنداق، مۇستەقىللىق دەۋرىمىزدە دۆلەت رەھبەرلىرى، قۇللۇق دەۋرىمىزدە جىھاد ئەمىرلىرى، پۇقرىچىلىق بىرتۈركۈم ئىشلاردا يۇمشاقچىل بولۇپ كېلىۋاتقان بولغاچ؛ ھەرقايسى ۋاقىتلاردا خەلقىمىزنىڭ سىياسىي ساھەدىكى ھەرخىل دۈشمەنلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى، ئۇيۇشۇش كۈچى، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى، ساداقەتمەنلىكى، قەھرى ـ غەزىپى تۆۋەن؛ تەۋەككۇل قىلىش روھى ئاجىز؛ سىياسىي سەزگۈرلىكى ھەردائىم ۋەزىيەتنىڭ ئارقىسىدا بولۇپ كەلدى. تۈركىستان خەلقى دوست ـ دۈشمەننى ئايرىمايلا ھەممىگە رەھىم ـ شەپقەتلىك، ئەپۇچان، سېخىي بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

قانۇن ـ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتىكى بوشاڭلىق ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى خىزمەت ئۇسۇلىمىزنىڭ نالايىقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇسۇلنىڭ بۇنداق نالايىقلىقى قانۇن ـ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتىكى بوشاڭلىقنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋەتتى. نەتىجىدە بۇنداق سىياسىي قالايمىقانچىلىق مۇستەقىللىقنى قۇللۇققا ئايلاندۇردى. جىھادنى مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلدى.

ئۆزىمىزگىمۇ، ئۆزگىلەرگىمۇ يۇمشاقچىل بولۇشتەك بۇنداق ھېچكىمگە مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدىغان غەيرى سىياسىي يولدا مېڭىش ــ بىزنى گۈللىنىشكە ئەمەس، ھالاكەتكە سۆرەپ كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى.

ھازىرقى رەھبەرلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشىنىڭ بىردىن ـ بىر يولى ـ ھەرجەھەتتىن مۇكەممەل بولغان قانۇن ـ تۈزۈمنى تۈجۈپلەپ بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا ياخشى بويسۇنغۇچى ۋە ئۇنى ياخشى ئىجرا قىلغۇچى بولۇش.

تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشىنىڭ بىردىن ـ بىر يولى ــ ئەنە شۇ ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل بولغان قانۇن ـ تۈزۈم ئاستىدا كەسكىن جىھادىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش.

ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى يۇمشاقلىقنى ئۇزۇل ـ كېسىل قول ئۈزۈپ؛ ھەممە ئىشلىرىمىزنى الله نىڭ قانۇنى ئاستىدا ئېلىپ بېرىپ؛ قىرىپ تاشلاشقا تېگىشلىكلەرنى پەيت كۈتۈپ كەسكىن قىرىپ تاشلاپ؛ قۇرۇتۇپ تۈگىتىشكە لايىقلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ؛ جازالاشقا لايىقلارنى كەسكىن جازالاپ؛ دۈشمەنلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ؛ بۆلگۈنچى، خائىن، مۇناپىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە كۆزدىن يوقۇتۇپ، جەڭگىۋارلىقنى ئۆستۈرۈپ؛ ناچار روھىي ھالەتنى تۈگىتىپ؛ يەر شارىدىكى، الله نىڭ ئەڭ ياخشى جەڭچىلىرىدىن بولۇشقا تىرىشىش ــ تۈركىستانلىقلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاكىمىيەت باشقۇرۇش؛ رەھبەرلىك قىلىش ۋە بويسۇنۇشتىكى تۈپ سىياسىي خىزمەت يۆنىلىشىمىز بولۇشى كېرەك. شۇندىلا، الله نىڭ ياردىمى بىلەن تۈركىستان زېمىنىدا ئىسلام قانۇنى جەۋلان قىلغۇسى، ئامىن!

شۇنى قەتئىي ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، الله تائالا قۇرئانى كەرىمدە سۈرە مائىدىدە مۇنداق دېگەن:

«كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن ئۇلار كاپىرلاردۇر.»* «كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم

* 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلمايدىكەن ئۇلار زالىملاردۇر.» «[*] كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن ئۇلار پاسىقلاردۇر.» [**]

[*] 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[**] 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# 5 ـ باب. يولباشچىلىرىمىزنىڭ شەخسىيەتچىلىكى

پەيغەمبىرىمىز: «سىنىڭ بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈشىڭ (سىنى شۇ نەرسىدىن باشقا نەرسىگە نىسبەتەن) كور ۋە گاس قىلىپ تاشلايدۇ»[*] دېگەن ئىدى.

دەل مۇشۇ قانۇنىيەت سەۋەبلىك، تۈركىستاننىڭ ھازىرغىچىلىك بولغان تارىخىدا ياشاپ ئۆتكەن بىر قىسىم خان ۋە جىھاد ئەمىرلىرىنىڭ شەخسىيەتكە زىيادە ئامراق بولۇشى ــ ئۇلارنى ئۇممەتكە ياكى مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك تۇرغۇنلىغان سىياسىي مەنپەئەتلەرگە نىسبەتەن كور قىلىپ تاشلىدى.

يىغىنچاقلىغاندا ئۇلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا مەركەزلەشكەن:

## 1 ـ ھوقۇققا بولغان ھېرىسمەنلىك

دۇنيادا نام ـ ئابروي، شان ـ شۆھرەتكە ئىگە بولۇشنى ۋە باشقىلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، باش ئەگدۈرۈپ، چوقۇندۇرۇپ ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغان كاپىرلارغا نىسبەتەنمۇ، اللّٰه بىلەن بەندىلەرنىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋىتىنى توغرا يولغا سېلىشقا ئىنتىلىدىغان مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەنمۇ، ھوقۇق بىردىن ـ بىر مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچ قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ھەر ۋاقىت مۇسۇلمانلاردىنمۇ، كاپىرلاردىنمۇ بىر گۇرۇھ ئىنسان ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ، بۇ يولدا پۈتكۈل تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ كەلگەن.

ئەپسۇسكى بىز مۇشۇ يۈزنىنچىكى ئومۇمىي تۈركىستان تارىخىنى ئاجرىتىپ ئېلىپ تەپسىلىي قاراپ چىقىدىغان بولساق، ھاكىمىيەت ئۈچۈن

[*] ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

تېرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن بىللە، قارىماققا شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ھوقۇقتا بولغان ھېرىسمەنلىكنىڭمۇ تەڭ ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

بۇ خىل ھېرىسمەنلىك تۈركىستان ئىسلامىي تارىخىدا ــ دىنىي، ئۇممەت مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ ھوقۇق تاماسى ئۈچۈن قۇربان قىلىۋېتىش؛ ھەق يولدىكى تەقۋا، باتۇر، قابىلىيەتلىك يولباشچى ياكى مۇجاھىدلارغا ھوقۇق ئۈچۈن زىيانكەشلىك قىلىش؛ قابىلىيەتلىك سەبداشلىرىنى ھوقۇق ئۈچۈن كۆرەش سېپىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىش قاتارلىق ئۈچ جەھەتتە نوقتۇلۇق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولسا، تۈركىستاننىڭ جاھىلىيەت تارىخىدا بۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن رەسۋالىق، پەسكەشلىكلەر بولۇپ ئۆتكەن.

تۆۋەندە مەن بۇ مەسىلىلەر بويىچە تۈركىستان تارىخىدىن قىسمەن ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن:

1754 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇمى سەۋەبلىك جۇڭغار خانلىقى يوقالدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ گاھى مۇستەقىل، گاھى يېرىم مۇستەقىل (بېقىندى) بولۇپ ياشاۋاتقان خوجىلار خانلىقى* تولۇق مۇستەقىل بولدى. دەل شۇ پەيتتە ئەزەلدىنلا دىنغا، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمان خەلقلىرىگە قىلغان خائىنلىقى ھەم ۋەھشىيلىكى تۈپەيلى، جۇڭغارخانلىقى ۋاقتىدا ئۈچتۇرپانغا ھاكىمبەگ بولغان خوجىس ۋە ئاقسۇغا ھاكىم بولغان ئابدۇلۋاھابنىڭ يول كۆرسىتىپ پىلانلاپ بېرىشى؛ ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى بولمىش ئاق تاغلىق بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ھوقۇقتا بولغان ھېرىسلىكى، قارىتاغلىقلارغا بولغان تارىخىي قىساس ئۆچمەنلىكى تۈپەيلى يېقىندىن ماسلىششى نەتىجىسىدە؛ چىڭ سۇلالىسى 1755 ـ يىلى بۇرھانىدىن خوجىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈچتۇرپانغا ھۇجۇم

---

* 1682 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئورنىغا قۇرۇلۇپ، 1756 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يىقىتىلغان.

قىلدى. بۇرھانىدىن خوجىنىڭ قەشقەرنى مەكەز قىلغان ئاق تاغلىق خەلق ئىچىدىكى ئابرويى ھەمدە ئاق تاغلىقلارنىڭ خوجىلار خانلىقىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئاسىيلىق قىلىپ ھەرتەرەپتىن ماسلىشىپ كۆچىشى نەتىجىسىدە شەھەرلەرنىڭ ئۇرۇشسىزلا قولدىن كېتىشى؛ يۇقىرى تەبىقە ھېساپلانغان ئەمەلدار ـ بايلارنىڭ ۋەزىيەتكە قاراپ ئاستىرتتىن ئەل بولۇشى؛ دىنىي ئۆچ ـ ئاداۋەت تۈپەيلى ئاق تاغلىقلارنىڭ جان تىكىپ ئېلىشىشى نەتىجىسىدە، خوجىلار خانلىقى يىقىلدى. بۇرھانىدىن خوجا خانلارنىڭ بېشىنى كېسىپ، چىڭ سۇلالىسىغا شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئۆز ئېلىنى كاپىر مانجۇلارنىڭ قۇللۇقىغا تۇتۇپ بەرگەن بۇرھانىدىن خوجا 1758 ـ يىلى ئىنىسىنىڭ زورى بىلەن بىرلىشىپ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى «جىھاد» ئېلان قىلىپ، ئۆزى قۇللۇققا تىققان شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەختىگە ئولتۇرماقچى بولغان بولسىمۇ ئەمما ئاخىرى مەغلۇپ بولدى.

1826 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مانجۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈن جاھانگىر خوجا بىر قىسىم مۇجاھىدلار بىلەن بىللە پامىر تاغلىرىدىن 3 ـ قېتىم شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلدى. 1826 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەشقەرنى ئېلىپلا سەئىد جاھانگىر خوجا سۇلتانلىقىنى قۇردى ۋە خوتەندىن تاكى ئاقسۇ شەھىرىگىچە ئازات قىلىپ ئۆزىگە قاراتتى. قۇللۇقتىكى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى كاپىرلاردىن تولۇق ئازات بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئەمما ھەر خىل سەۋەبلەرگە كۆرە بۇ ياش دۆلەت، 1827 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مانجۇلار تەرىپىدىن قايتا بېسىۋېلىندى. جاھانگىر خوجا پامىر تاغلىرىغا قېچىپ قۇتۇلدى. ئەمما 1828 ـ يىلى مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ چاغان بايرىمىغا ئاز قالغاندا قارا تاغلىق ئىشانلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پامىر تاغلىرىدا: «مانجۇلار قوشۇنى پۈتۈنلەي چېكىنىپ قەشقەر بوشاپ قالدى، مۇسۇلمانلار خوجامغا تەققەززا» دەپ

گەپ تاراتتى. بۇنىڭغا ئىشەنگەن تەۋەككۈلچى جاھانگىر خوجا بىر قىسىم مۇجاھىدلار بىلەن چاغىنىنىڭ ھارپا كۈنى پامىر تاغلىرىدىكى قارارگاھىدىن قەشقەرگە قاراپ ئاتلاندى.

ئەمەلىيەتتە مانجۇ قوشۇنلىرى ئاللا بۇرۇن تەييار بولۇپ تۇرغان ئىدى. جاھانگىر خوجا ئاتۇشقا كەلگەندە قارا تاغلىق ئىشانلار بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى تەرەپ - تەرەپتىن جاھانگىر خوجىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. بۇ تويۇقسىز ھۇجۇم نەتىجىسىدە جاھانگىر خوجا ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزى 30 دەك ئادىمىنى ئەگەشتۈرۈپ قورشاۋدىن چىقىۋاتقاندا شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ساتقۇنلارنىڭ بىرى بولغان كۇچا ھاكىمبەگى مىرزى ھۆدىنىڭ ئوغلى ئىسھاق تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن جاھانگىر خوجا بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ 1828 - يىلى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

ئەمدى تۈركىستاننىڭ جاھىلىيەت تارىخىغا قارايدىغان بولساق، بىزگە مەلۇم بولغان ھون ئىمپېرىيىسىدىن تاكى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىگىچە بولغان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ قايتا - قايتا پارچىلىنىشى، بۇ دۆلەتلەردە تېتقىسىز ئىسيانلارنىڭ ۋە ساتقۇنلۇقلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىشى، مەنىسىز تاجاۋۇزچىلىقلار ۋە ئەخمىقانە بېقىندىلىقلارنىڭ كۆپلەپ يۈز بېرىشىنىڭ ھەممىسى ھوقۇقپەرەسلىكتىن ئىبارەت سىياسىي كېسەلنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە كېڭەيگەن.

## 2 - شۆھرەتپەرەسلىك

شۆھرەتپەرەسلىك دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ياكى ئىنقىلاب يېتەكچىلىرىنىڭ ئۆز شان - شۆھرىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، قالغان ھەممە نەرسىنى شۇنىڭغا بويسۇندۇرغان ياكى ئۇنى قوغداشقا، مۇقىملاشتۇرۇشقا مۇۋاپىقلاشتۇرغان ئاساستا ئىش ئېلىپ بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ـ تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات تارىخىدا دۆلەت رەھبەرلىرى ياكى ئىنقىلاب يېتەكچىلىرىنىڭ خاتالىقىنى، كەمچىلىكىنى، ئاجىزلىقىنى ۋە ئالاقانداق سېپسىق يەرلىرىنى يۆگەپ ھەم تۈزىتىشتىن قېچىپ يالغانچىلىق قىلىشى؛ ئۆزىنى كاتتا، قۇدرەتلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن پوپاڭچىلىق قىلىشى؛ سىياسىي داغدۇغا، ئىجتىمائىي ھەيۋەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن رەسمىيەتچىلىك قىلىشى؛ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن ياكى يېڭىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ جۈرئەتسىزلىك قىلىشى؛ «ئاكاڭ قارىغاي» نىڭ كىملىكىنى دۇنياغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بۆلۈنمىچىلىك قىلىش قاتارلىق بەش جەھەتتە نوقتۇلۇق ئىپادىلەنگەن.

بىز تۆۋەندە تۈركىستان تارىخىدىن بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

1682 ـ يىلدىن 1880 ـ يىللارغىچە بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي تارىخىدا يېتەكچىلىك ئورۇنغا چىقىۋالغان خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇلاردىكى تۆۋەندىكىدەك بىر تۈركۈم زەنجىرسىمان خاسلىقلار سانسىز پاكىتلىرى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا ئاشكارا بولىدۇ:

خوجا ـ ئىشانلارنىڭ دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئۇلارنىڭ ھوقۇقپەرەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىلمىسىز خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ھوقۇقپەرەسلىكى خۇشامەتچىلىك، مۇناپىقلىق، ساتقۇن ـ خائىنلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ رەزىللىكلەر ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، پوپاڭچىلىق، پوچىلىقتىن ئىبارەت يامان ئەخلاقىنى مۇقىملاشتۇردى. بۇ يامان ئەخلاق رىياخورلۇق، بىدئەتچىلىك، كاپىر ـ مۇشرىكلىققا ئاساس بولدى. بۇ ئاساس ئۇلارنىڭ مەنمەنچىلىك، ۋەھشىيلىك، مۇستەبىتلىكىنى بەلگىلىدى. بۇ بولسا گۇمانخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق، تەرەپبازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ نەتىجە بۆلۈنمىچىلىكنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۆلۈنمىچىلىك ـ راھەتپەرەسلىك،

شۆھرەتپەرەسلىكنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ ۋابا قورقۇنچاقلىق، جۆرئەتسىزلىك، مەۋقەسىزلىك، قاچقۇنلىقنى سەۋەب بولدى. بۇ ئەلبەتتە خارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

بۇ پەللەمپەيسىمان تارىخي جەريان خوجا ـ ئىشانلار تارىخىدا ھەر دائىم شۇنداق دېگۈدەك باشلىنىپ، شۇنداق دېگۈدەك ئاخىرلاشتى. يەنى — ئۇممەتنىڭ خائىنى، دىنپۇرۇش، ۋەتەنپۇرۇش ھىدايىتۇللاھ ئىشاننىڭ سەئىدىيە خانلىقنى موڭغۇللارغا سېتىپ خەجلىشى نەتىجىسىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بۇ خىل كۆرۈنىش، شۇ بەدبەختنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئاخىرلاشقىنى يوق. بەلكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان ناكەسلەر بۇھايۋانىيلىقنى ئۆزىگە نىسبەتەن ئۇدۇم ھېسابلاپ، تاكى جاھاندىن يىلتىزى ئۆچكىچە بوۋىسىنىڭ شۇ يولىغا مەھكەم يېپىشىپ ياشاپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا تەخمىنەن 300 يىللىق مەسخىرە ـ ھاقارەتلىك خوجا ـ ئىشانلار تارىخي تەزكىرىسى شەكىللىنىپ؛ ئىسلام ئۇممىتى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس ئويلانمىلار يالدامى قالدى. يەنى — بۇ پەللەمپەيسىمان جىنايى ھەرىكەت قايتا ـ قايتا تەكرارلاندى.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، بولۇپمۇ سىۋاڭ ئاراپتان 1697 ـ يىلى غالداننىڭ ئورنىغا جۇڭغار خانلىقىغا خان بولغاندىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ قازاقلارغا بولغان ھۇجۇمى ناھايىتى جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. 1698 ـ يىلى موڭغۇللار يەتتەسۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىنى، سارىسۇ ۋادىسىنى بېسىۋالدى. بۇ مەغلۇبىيەت ئالدىدا قازاقلار تېخىمۇ مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئىچكى جەھەتتە زىدىيەتلىشىپ ئۈچ جۈز، ئۈچكە بۆلۈنۈپ كەتتى ۋە ئۆز ـ ئارا ئىچكى ئۇرۇشنى باشلىدى. موڭغۇللار بىلەن ھېچكىمنىڭ ئىشى بولمىدى. تارىخ 1718 ـ يىلغا كەلگەندە ئاندىن قازاق ئاقىللىرى چىمكەنت شەھرىنىڭ يېنىدىكى ئوردا بېشى تېغىدا كېڭەش چاقىرىپ، زىدىيەتنى

تۆگىتىپ ئۈچ جۈزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئوبۇلخەيرى سۇلتان، خان بولدى. بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەندى.

شۇ يىلدىن باشلاپ شەرقتىن موڭغۇللار، شىمالدىن رۇس كازاكلىرى قازاقلارغا ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتتى. 1729 - يىلى موڭغۇللار ئۇلۇغ جۈزنى بېسىۋالدى. ئورتا جۈز سەمەرقەنت ئەتراپىغا، كىچىك جۈز خىۋە ھەم بۇخارا ئەتراپىغا كۆچتى. قازاقلار شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن زېمىننى يوقاتتى. بۇ مەغلۇبىيەتكە ئورتا جۈز بىلەن كىچىك جۈز سۇلتانلىرىنىڭ توختىماي ھوقۇق تالىشىپ ئوبۇلخەيرىخانغا قارشى جەڭ قىلىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى نەتىجىسىدە خانلىقنىڭ بۆلۈنىشى ۋە ئاجىزلىشىشى ئاساسىي سەۋەب بولغان ئىدى.

بۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا ئۆز - ئارا داۋاملىق ھوقۇق - شۆھرەت تالىشىپ جېدەل - ماجرا قىلىشقان قازاق قەبىلىلىرى ھەممە جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك چۈشكۈنلەشتى، يېڭىلدى، چىقىش يولى تاپالمىدى. ئاقىۋەتتە 1731 - يىلى كىچىك جۈز رۇسلارغا ئۆزلىكىدىن بويسۇندى. ئوبۇلخەيرىخان ھەم بۇنى بىردىن - بىر مۇۋاپىق چىقىش يولى ھېسابلاپ، پۈتۈن قازاق قەبىلىرىنى رۇسلارغا بېقىنىش يولى بىلەن مەۋجۇدلىقنى ساقلاپ قېلىشقا چاقىردى. نەتىجىدە پۈتۈن قازاق قەبىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ رۇسلارغا بويسۇندى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر قىسىم شەرقىي قازاقلار جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ قولىدىن مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قازاق خەلقى ئومۇمىي قۇللۇققا گىرىپتار بولدى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە سۈرە ئەنفالنىڭ 46 - ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: «(پۈتۈن سۆز - ھەرىكەتلىرىڭلاردا ) اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا ( دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن ) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ. سەۋرى قىلىڭلار، اللە ھەقىقەتەن سەۋرى قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.»

يەنە اللە تائالا بۇ ھەقتە سۈرە ئال ئىمرانىنىڭ 103 ـ ۋە 152 ـ ئايىتىدە مۇنىداق دېگەن« ھەممىڭلار اللەنىڭ ئاغامچىسىغا ( يەنى اللەنىڭ دىنىغا ) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار ( يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار ). اللە نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار ـ ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز ـ ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، اللە دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، اللە نىڭ نېمىتى بىلەن ئۆز ـ ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چوڭقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، اللە سىلەرنى ( ئىسلام دىنى ئارقىلىق ) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، اللە ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ»

« اللە سىلەرگە قىلغان ( دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت ) ۋەدىسىدە تۇردى. اللە نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، اللە سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، ( پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە ) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن اللە سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى ) ۋە سىلەرنى ھەققەتەن ئەپۇ قىلدى. اللە مۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. »

رۇسلارنىڭ غەربىي تۈركىستانغا بولغان تاجاۋۇزچىلىق ھەربىي ھەرىكىتى كۈن ساناپ كۈچىيىۋاتقان، غەربىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا نىسبەتەن قۇللۇق، خارلىق، دەپسەندە بولۇشنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا؛ بىر قەۋمنىڭ دۆلەتلىرى ھېسابلانمىش خېۋە خانلىقى ۋە بۇخارا خانلىقىنىڭ پەرغانە ۋادىسىنى تالىشىپ يۈز بېرىۋاتقان زېمىن تالىشىش جېدىلى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. بۇ نازۇك ۋەزىيەتتە توپىلاڭدىن توغاچ

ئوغرىلىغان ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان شاھرۇخ، پەرغانە ۋادىسىنى بۆلۈپ، 1709 ـ يىلى قوقان خانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۈچ خانلىق كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا بىرلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئۆز ـ ئۆزىنى كۈچەيتىشنىڭ ئورنىغا؛ بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۇرۇشۇپ، ئىچكى كىرىزىسلىرى تۈپەيلى پارچىلىنىپ، ئاجىزلاپ، ۋەيرانچىلىققا يۈز تۇتقان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

ئاخىرى ئايرىم ـ ئايرىم خېۋە خانلىقى 1865 ـ يىلى، بۇخارا خانلىقى 1867 ـ يىلى، قوقان خانلىقى 1868 ـ يىلى رۇسلار تەرىپىدىن تولۇق بېسىۋېلىندى.

دېمەك ــ شان ـ شۆھرەت ۋە ئابروي ـ ئىناۋەت ئۈچۈن يالغانچىلىق قىلىش ـــ قاپقاراڭغۇ تۈننى كۆرۈپ قارا پەرەنجىگە ئورۇنۇپ بۇلۇڭغا مۆكۈۋالغاندەك بىر ئىش بولۇپ، كۈن چىققاندىكى رەسۋالىقنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر. شان ـ شۆھرەت ۋە ئابروي ـ ئىناۋەت ئۈچۈن پوپاڭچىلىق قىلىش ــ مۇز يەپ گۆش كېكىرگەندەكلا سەت قىلىق بولۇپ، رەسمىي سىناق مىنۇتلىرىدىكى رەسۋالىقنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر. شان ـ شۆھرەت ۋە ئابروي ئىناۋەت ئۈچۈن رەسمىيەتچىلىك قىلىش ــ ئىكراندا تۇغۇلۇپ، ئىكراندا ئۆلگەن ساختا قەھرىمانغا ئوخشاش بىر كۆلەڭگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي ھاياتقا ھېچقانداق مەنپەئەتى يوق بىر تۇتۇرۇقسىزلىق ئىكەنلىكى مۇقەررەر. شان ـ شۆھرەت ۋە ئابروي ـ ئىناۋەت ئۈچۈن بۇنداق جۈرئەتسىزلىك قىلىش ــ ياڭزىسىنىڭ رەسۋا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئاسماندا بۇلۇت كۆرسە تالاغا چىقالمايدىغان نايناق خوتۇنلارنىڭ قىلىقىغا ئوخشاش بىر لاۋزىلىق ئىكەنلىكى مۇقەررەر. شان ـ شۆھرەت ۋە ئابروي ـ ئىناۋەت ئۈچۈن بۇنداق بۆلۈنمىچىلىك قىلىش ــ كىچىك ۋاقتىدا بىر كاتەكتە يېتىپ، چوڭ بولغاندا كىچىككىنە يۇندا ئۈچۈن بىر ـ بىرسىگە خىرقىرايدىغان لالما ئىتنىڭ قىلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخ تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك لەنەتكە ردى بولۇشى مۇقەررەر.

## 3 ـ مۇستەبتلىك

تۈركىستان تارىخىدا بىر قىسىم مۇستەبتلىك شارائىتقا يارىشا ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىلىپ بىرىلغان بولسا، بىر قىسىم مۇستەبتلىك پەقەتلا شەخسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يۈرگۈزۈلگەن. شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بۇنداق مۇستەبتلىك ئاساسلىقى ــ ئۆز خەلقىگە، ئۆزىنىڭ دىنىي قىرىنداشلىرىغا ۋە سەبداشلىرىغا ئۈزۈلدۈمەي قىلىنغان مەنمەنچىلىك، مۇشتۇمزورلۇق، تەڭسىز مۇئامىلە ھەمدە ھەممىگە چات كىرىۋىلىش، يۈتكۈل ئىشلاردا ئۆزىنى ئۈچلەم بىرلىكى قىلىۋىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە نوقتۇلۇق ئىپادىلەنگەن.

مەسىلەن: تۈركىستان تارىخىدا قۇرۇلغان خىلى كۆپ ئىسلامىي دۆلەتلەردە خاننىڭ رايى ۋە يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىنىڭ شەرئىي قانۇننى ئۆز ئەينى ئىجرا قىلىشقا نىسبەتەن كۆپ جەھەتتىن ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ، شۇ مەۋجۇت ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىسلامىي ساپلىقىنى تۆۋەنلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمان ئاممىغا زۇلۇم قىلىنغانلىقى، بۇ ئارقىلىق ھاكىملارنىڭ ئۆزىگىمۇ زۇلۇم قىلغانلىقى ناھايىتى ئىنىق. بۇنى تۈركىستاننىڭ ئىسلامىي تارىخىنى تەتقىق قىلغان ھەر قانداق بىر ئەقىل ئىگىسى دەرھال بىلىۋالالايدۇ.

بۇ خىل مۇستەبتلىك ــ ئاقىۋەتتە تۈرك خەلقلەرنىڭ قولى ئارقىلىق تولدۇرۇلىشى كىرەك بولغان نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق ئىسلامىي سىياسىي بوشلۇق پۇرسەتلىرىنىڭ، ئەپسۇسلىنارلىق بىلەن نەتىجىسىز قولدىن چىقىپ كىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ قويىدى. نەتىجىدە شۇ پەيتتىكى تۈرك خەلقلەر دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالدى.

1850 ـ يىللار قوزغالغان جىھادنىڭ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ قولىدىن تولۇق قۇتۇلۇشى خىلى ئۈمىدلىك بىر ئىشقا ئايلاندى.

بۇ ۋەزىيەتتە قوقەنت خانى شىرئەلىخان جاھانگىر خوجىنىڭ ئەۋلادى بولغان ۋەلىخان تۆرىنى قالقان قىلىپ، قوشۇن تارتىپ قەشقەرگە كىرىپ تەختنى ئۆز قولىغا ئالماقچى بولغان بولسىمۇ لېكىن ھەر تەرەپلىمە خاتالىقى تۈپەيلى خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ پەرغانىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە تەييار تەخت ۋەلىخان تۆرىگە قالدى. ۋەلىخان تۆرە تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ھېچقانداق بىر ئىجابىي ئىش قىلماي؛ لۈكچەكلىك، قانخورلۇق، ۋەھشىيلىك قىلىپ؛ ئۆز خەلقىنى قىرغىن قىلىشتا خوجا ـ ئىشانلار تارىخىدا ئۇچىنچى قېتىم يېڭىلىق ياراتتى. شۇ ۋاقىتتا قىزىل دەريانىڭ بويىغا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كالللىسىنى ئاساس قىلىپ ئۈچ دانە ئادەم كالللىسى مۇنارى ياسىدى. بۇكالللىلار ــ سەللە ئورىمىغان، ۋەلىخان تۆرىنىڭ ئالدىدا بىرەر « ئورۇنسىز » ھەرىكەت قىلىپ قويغان، ئەسنەپ قويغان، مۇسۇلمان ياكى باشقا خەلقلەرنىڭ ئىدى. ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ سەۋەبىنى ۋەلىخان تۆرە ــ قارىسام بېشى يوق كۆرۈنىۋاتىدۇ، شۇڭا .... دەپ بايان قىلغان ئىدى.

بۇ قانخور 1858 ـ يىلى مانجۇلار قەشقەر تەرەپكە قايتىدىن باستۇرۇپ كەلگەندە، ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەي، يىغىۋالغان ئالتۇن ـ كۆمۈشلىرى بىلەن يېقىن ئادەملىرىنى ئېلىپ پەرغانىگە قېچىپ كەتتى.

مانجۇ ــ خىتايلارغا قىلغان غالچىلىقى؛ دىن، ۋەتەن، مىللەتكە قىلغان خائىنلىقى ۋە ساتقۇنلىقى سەۋەبلىك؛ ۋاڭ ـ گۇڭ، ھاكىمبەگلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن قۇمۇل، تۇرپان، غولجا ۋە باشقا جايلاردىكى مۇشتۇمزورلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى؛ ئۆزىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق ھاكىملىقى جەريانىدا، مۇجاھىدلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جىھادىغا قارشى كاپىرلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشتى ــ ئۇلارنى قىردى، قىينىدى، قۇللۇققا تۇتۇپ بەردى. ئالمۇۋي قەتلىئامغا شېرىك بولدى. تېنچ پەيتلەردە مۇسۇلمانلارنى ھايۋان ئورنىدا خارلىدى، ئادەمنىڭ

ئېغىزى كۆيگەندەك ئىپلاس ھەم ۋەھشىي ۋاستىلار بىلەن ئەزدى. خەلقنى پىكرىي جەھەتتىن تازىلاپ تۇردى. دىنىي، سىياسىي، ئەسكىرىي جەھەتتىن دۆت ۋە يېتىم قالدۇردى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئادىمىلىك سالاھىيىتىنىمۇ يوقاتقان ھالەتتە دۇنيادىن ئۆتتى.

يۇقىرقى مىساللاردىن شۇنداق بىر خۇلاسە چىقىرىشقا بولۇدۇكى — شەخسىيەت ئۆچۈن ئېلىپ بېرىلغان مۇستەبىتلىكنىڭ ئەڭ ئاساسىي ماھىيتى – ھاكاۋۇرلۇق. تەبئىيكى بۇ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ، دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان شەيتانىي شۇملۇقتىن ئىبارەت.

## 4 - راھەتپەرەسلىك

بۇ ھەر خىل دەۋردىكى يولباشچىلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي راھەت - پاراغىتىنى ئاساس قىلغان ياكى شۇنىڭغا ماسلاشتۇرغان ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ۋە ئىشلىشىنى، ئومۇم ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش ۋە جاپا - مۇشەققەت تارتىشتىن قېچىشىنى ياكى ئومۇم ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلماي ئۆزىنى ئاياپ تۇرۇپ ئىشلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ئاۋۋالقى نوقتا دۆلەتنى ياكى تەشكىلاتنى ئومۇمىي ھالاكەتكە گىرىپتار قىلسا، كېيىنكى نوقتا دۆلەت ياكى تەشكىلاتنىڭ پۈتكۈل تەرەققىياتىنى ئاستا - ئاستا بوغۇپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھەر قانداق ۋاقىتتا ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارمىسا بولمايدىغان سىياسىي مەرەز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ سىياسىي كېسەللىك، تۈركىستاننىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ھەرىكەت تارىخىدا ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا، ئوخشاشمىغان مىقدار ۋە ئوخشاشمىغان شەكىللەردە مەيدانغا چىقىپ تۇرغان. بىز بۇ ھەقتە ئەمەلىي مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

18 - ئەسىردىن كېيىنكى پۈتكۈل تۈركىستان تارىخىنى ئۆگىنىپ چىقىدىغان بولساق، مەيلى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ موڭغۇل، مانجۇ -

ختايلارغا قارشى جىھادىي ھەرىكەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۈچ يېرىم ئەسىرلىك تارىخىدا بولسۇن؛ مەيلى غەربىي ۋە شىمالىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئورۇسلارغا قارشى جىھادىي ھەرىكەت بىلەن ئۆتكۈزگەن 4 ـ 5 ئەسىرلىك تارىخىدا بولسۇن؛ مەيلى جەنۇبىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسلامىي مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن بىر يېرىم ئەسىرلىك جىھادىي ھەرىكەت تارىخىدا بولسۇن؛ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى يەنى ـ ئاساسىي قاتلامدىكى ئەمەلدارلار، بايلار، يۇرتىنىڭ مۆتىبەر ئاقساقاللىرى، دىنىي ـ پەننىي زىيالىيلار، قەبىلە باشلىقلىرى قاتارلىقلارنىڭ خېلى زور كۆپچىلىكى ھەر ۋاقىت دېگۈدەك ئۆزىنىڭ دۇنياۋىي ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەكسىلئىنقىلابىي مايىللىق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ؛ خەلقنى دىنىي ساپلىق، پىكرىي ئازاتلىق، روھىي مۇستەھكەملىك جەھەتتە قاتتىق ۋەيرانچىلىق، بۇرۇقتۇملۇق، زەئىپلىك ئىچىدە كونترول قىلىپ ئەكسىيەتچى خاتا كۆچلەرگە ئۇلارنى مۇكەممەل دېگۈدەك بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ھەر دائىم قارشى چىقىش، يېتىم قالدۇرۇش، زىيانكەشلىك قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، نۇرغۇن قېتىملىق قىممەتلىك ئىسلامىي ھەرىكەتلەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. قارايدىغان بولساق، بۇ ھازىرمۇ يەنە ئۆزگىچە لايىق مىقداردا داۋام قىلىۋاتقان ھالەتتە تۇرۇپتۇ. ئەجداتلار «چۆجىنىڭ شۇملىقىدىن توخۇدا ئەمچەك يوق» دەپ بىكار ئېيتمىغاندە!؟

## خۇلاسە

يۇقىردا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن تۈركىستان تارىخىدىكى يولباشچىلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكىگە ئائىت مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى سىياسىي جەھەتتىكى دۆتلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان؛ ئىشلارنى ئاقساتقان، قەلبلەرنى سۇغۇتقان؛ قارانىيەتلىكنى پەيدا قىلغان؛ پىتنە ـ پاساتقا ئاساس

بولغان؛ خۇشامەتچىلىك، ياغلىمىچىلىق، كۆتۈرمىچىلىك، چېقىمچىلىق كەبى پاسكىنا قىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مۇسۇلمانلار ئارا ئىشەنچنى يوقاتقان؛ پاسىقلىقنى مەيدانغا چىقارغان.

شۇڭا تۈركىستاننىڭ ئىسلامىي كېلەچىكىگە ئىگە بولمىز دەۋاتقان دىنىي ئۇستازلار، دىنىي رەھبەرلەر ۋە باشقا بارلىق ئىمانلىق تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بۇنداق رەزىل خاتالىقلاردىن قەتئىي يىراق بولۇشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ ھەر ئىككى دۇنيالىق غەلىبىمىزگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۆزىمىزنى تۈزەش ئىسلاھاتى بولۇپ قالىدۇ.

# 6 ـ باب. بىزنىڭ ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە بولغان چۈشەنچىمىزنىڭ تۈۋەنلىكى

بىز ئەسلى مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئاۋۋال ھاكىمىيەت ۋە ئىسلامىي ھاكىمىيەتنىڭ نېمىلىكىنى قىسقىچە چۈشىنىۋالايلى.

ھاكىمىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ــ ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلغۇچى ۋە شۇ ھاكىمىيەت ۋەكىللىك قىلغۇچى بىر گۇرۇھ ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىي ۋە ماددىي مەنپەئەتىنى بەرپا قىلغۇچى ۋە قوغدىغۇچى، مېھرىبانلىق ۋە زورلۇق خاراكتېرگە ئىگە، مۇئەييەن تېررىتورىيىنى كونترول قىلىۋاتقان، بىر تۈركۈم خەلق ئالەمىسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇكەممەل جامائەت تەشكىلاتىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلامىي ھاكىمىيەت بولسا ــ ئىنسانىيەتنىڭ الله بىلەن بولغان ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا يولغا سېلىشقا ۋە قوغداشقا الله نىڭ ئىزنى بىلەن قولىدىن كەلگەنچە كاپالەتلىك قىلىدىغان، مېھرىبانلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان، يەر شارىدا ئەڭ ھوقۇقلۇق جامائەت تەشكىلىي سېستىمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ تەدبىرلەردىن چىقىپ تۇرۇدۇكى ــــ ھاكىمىيەت، جۈملىدىن ئىسلامىي ھاكىمىيەت ھوقۇق يېتەرلىك ھالدا مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش سېستىمىسى بىلەن ئاندىن ئۆز مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ، ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ چوقۇم ۋەيران بولىدۇ.

ئۇنداقتا يېتەرلىك ھالدا ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش سېستىمىسى دېگەندە نېمىنى كۆزدە تۇتىمىز؟

بۇنىڭدا بىز ھاكىمىيەت، جۈملىدىن ئىسلامىي ھاكىمىيەت ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە نىشانىغا يېتىشكە كېرەكلىك بولغان بارلىق ھوقۇقنى تولۇق ئۆز كونترولىلىقىغا ئېلىپ، ئۇنى ھاكىمىيەت مەركىزىگە قارىتىشنى كۆزدە تۇتۇمىز.*

مۇشۇ ئاساستا تۈركىستان تارىخىغا نەزەر سېلىپ ئۆتسەك، بىزنىڭ ئۇچرىتىدىغىنىمىز ئەلۋەتتە ھوقۇقنى يېتەرلىك ھالدا مەركەزگە مەركەزلەشتۈرمىگەن سەۋەبلىك ئەۋلاتمۇ ـ ئەۋلات، يىلمۇ ـ يىل توختىماي كېلىپ چىققان ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر بولۇپ چىقىدۇ.

خوش، ئۇنداق بولسا تۈركىستانلىقلار ئۆز تارىخىدا بۇ مەسىلىگە قايسى جەھەتلەردىن ئېتىبار بەرمىگەن؟ مەن بۇنى تۆۋەندە ئىككى ئاساسىي نۇقتىغا بۆلگەن ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

## بىرىنچى، ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغان پەيتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن سەۋەنلىكلەر

### بۇلار تۆۋەندىكىچە:

### 1 ـ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى

بۇ ــ ھازىرقى زاماندا پەقەتلا ئوخشىشى يوق بىر خىل دۆلەت تۈزۈلمىسى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىي ئاپتونومىيە ۋە دۆلەتلەر ئىتتىپاقى(44) دېگەنلەردىنمۇ ھەر جەھەتتىن خېلى بەكلا ئىلغارلىقتا ۋە ئۈستۈنلىككە ئىگە. ھەتتا تارىختىكى بېقىندى دۆلەتلەردىنمۇ(45) ئۇرغۇن جەھەتلەردىن ئەۋزەل ئورۇندا تۇرىدۇ.

* بۇ جۈملىگە نىسبەتەن ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ «يېتەرلىك» دېگەن شەرتنى قانائەتلەندۈرۈش مەسىلىسى. چۈنكى مەركەزلەشتۈرۈشنى «يېتەرلىك» دېگەن شەرتتىن ھالقىتىۋەتسەك شۇ ھامان ھاكىممۇتلەقلىق، مۇستەبىتلىك، پادىشاھلىق شەكىللىنىپ چىقىدۇ. ئەگەر مەركەزلەشتۈرۈشنى «يېتەرلىك» دېگەن شەرتكە يەتكۈزەلمىسەك يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىنچە دەرھال پاتپاراقچىلىق، بۆلۈنۈش، ۋەيرانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

ئەمەلىي ئاپتونومىيە ۋە دۆلەتلەر ئىتتىپاقى پەقەت بولمىغاندىمۇ ــ ئەڭ ئالىي دىنىي ھوقۇق، خەلقئارا دىپلوماتىيە ھوقۇقى، ئارمىيە ھوقۇقى، زېمىن ھوقۇقى قاتارلىقلاردا مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قەتئىي بويسۇنغان بولىدۇ.

بېقىندى دۆلەتلەرمۇ خۇجايىن ھۆكۈمەتكە ئەڭ بولمىغاندىمۇ ـ خەلقئارا دىپلوماتىيە ھوقۇقى ۋە زېمىن ھوقۇقى جەھەتتە قەتئىي بويسۇنغان، ئارمىيە ھوقۇقى جەھەتتىن قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىغان، ئەڭ ئالىي دىنىي ھوقۇقتا مۇكەممەللىكنى يوقاتقان بولىدۇ.

مەيلى ئەمەلىي ئاپتونومىيە ۋە دۆلەتلەر ئىتتىپاقىدا بولسۇن، مەيلى بېقىندى دۆلەتلەردە بولسۇن، ئەڭ مۇھىمى خەلق ھەر دائىم 2 ـ پۇقرا، 2 ـ مىللەتلىك مۇئامىلە ــ تۆززۆم ئاستىدا ياشايدۇ، روھىي جەھەتتىن قاتتىق خارلىققا ئۇچرايدۇ.

ئەمما سۇيۇرغاللىق تۆززۆمى يولغا قويۇلغان جايلار پەقەتلا زېمىن ھوقۇقى ۋە ھەربىي ھوقۇق جەھەتتىنلا مۇكەممەل بولمىغان بىر خىل كونتروللۇققا ئۇچرايدۇ، قالغان جەھەتلەردىن مۇتلەق ئەركىنلىككە ئىگە بولىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت پەقەتلا ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىگە دوستانە سوۋغا ـ سالام يوللىشى ۋە ئىنئام بېرىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سۇيۇرغاللىق يوللىغان بۇيۇملارنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرىراق بولسا، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئىنئام قىلغان نەرسىلەرنىڭ سىياسىي قىممىتى، شان ـ شەرىپى يۇقىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن ھەر ئىككىلا تەرەپ سۆيۈنۈش ھاسىل قىلىدۇ.

سۇيۇرغاللىققا مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرەپتىن بېسىم يوق دېيەرلىك ھالەتتە بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا سۇيۇرغاللىقنىڭ خەلقىمۇ ئۆزىنى ــ بىر پۈتۈن ھاكىمىيەتنىڭ بارابەر ئورۇنىدىكى پۇقراسى ھېسابلاپ، پەخىرلىنىش

ئىچىدە ياشايدۇ. ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا مەركىزىي ھاكىمىيەت ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى كۆزگە ئىلمايدۇ ۋە تۆۋەن كۆرىدۇ.

سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىر قىسىم خەتەرلىك كەمچىلىكلەرنى تەبىئىي ھالدا مەيدانغا چىقىرىپ قويغان.

بىرىنچىسى، سۇيۇرغاللىقنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەركىزىي ھاكىمىيەتكە روبىرو تۇرالىغۇدەك، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا مەركىزىي ھاكىمىيەتتىن ئېشىپ كەتكۈدەك قۇدرەتكە ئىگە قىلىپ قويۇش.

چۈنكى دۆلەتكە كېلىدىغان ھەر تەرەپلىمە زەربە، بېسىم، ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ زىممىسىدە بولۇپ، سۇيۇرغاللىق بۇ جەھەتتە ھەر ۋاقىت ياردەملەشكۈچى سۈپەتتە مەيدانغا چىقاتتى. نەتىجىدە سۇيۇرغاللىقنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتى ئانچە چوڭ زىيانغا ئۇچرىمايتتى ياكى ئەينى پېتى ساقلىنىپ قالاتتى. ئەمما سۇيۇرغاللىققا ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىق كېلىدىكەن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۇنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ۋەزىپىسى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ ئىشلەيتتى، ھەل قىلاتتى.

بۇ ھالەت بىر مەزگىل داۋاملاشسا سۇيۇرغاللىق بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرەت تەڭپۇڭلۇقىدا بۇزۇلۇش مەيدانغا چىقاتتى.

ئىككىنچىسى، ئىقتىساد، ئۆرپ ـ ئادەت، تىل ـ يېزىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، روھىي پسىخىكا قاتارلىق ماددىي ـ مەنىۋي مەدەنىيەت جەھەتتە سۇيۇرغاللىق بىلەن باشقا مەركىزىي ئۆلكىلەرنىڭ ئارلىقىدا تەبىئىي ھالدا بىر خىل بۆلۈنمىچىلىكنىڭ مەيدانغا چىقىپ قېلىشى.

چۈنكى باشقۇرۇشقا قارىغاندا ئەركىنلىكنىڭ كۆپ بولۇشى« ئەركە بالا، خان غوجا» بولۇپ ياشىغۇچى سۇيۇرغاللىقنى، ئۆزىگە خاس بولغان بىر قىسىم جەمئىيەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىگە قىلاتتى.

بۇ ياتلار بىلەن ياتلارنىڭ پەرقلىق تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ھەر ھالدا سىڭىشىش، بىرىكىش، قوشۇلۇشقا قارىغاندا ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئۆزىگە خاس بىر خىل تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىنىڭ ئىمكانىيىتى

كۆپراق بولاتتى.

ئۈچىنچىسى، ياتلارنىڭ دۆلەتنى پارچىلاپ تاشلاش، قالايمىقانچىلىققا سېلىش ۋە ئۆزىنى قوغداشتا تەييار بولغان بىر خىل ئەمەلىي سىياسىي مۇھىتقا تەبىئىي ھالدا داۋاملىق ئىگە بولۇپ تۇرۇشى.

چۈنكى يۇقىردا ئېيتىلغاندەك مەركىزىي ھاكىمىيەتنىن كۆپ جەھەتتىن ئايرىمچىلىق ۋە ئەركىنچىلىككە ئىگە بولغان سۇيۇرغاللىقنى ياتلار، مەلىكە ياتلىق قىلىش، كۆچلۆك ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ياكى شۇنى ۋەدە قىلىش، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە قىزىقتۇرۇش، جاسۇسلارنى ئەۋەتىش قاتارلىق مىڭلىغان ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن مەركىزىي ھاكىمىيەتنى ئىگەللەشكە قىزىقتۇردى؛ ئايرىم دۆلەت قۇرۇشقا قۇتراتتى؛ خالىغان يەرلەرگە ئۇرۇش ئېچىشقا يېتەكلىدى؛ مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي پائالىيەتلىرىدىن چەتلەشتۈردى. ئەسلىدىنلا مەۋجۇت بولغان تەييار سىياسىي ئامىل تۈپەيلى بۇ ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ئىنتايىن ئەرزانغا ۋە ئاسانغا توختىدى.

يۇقىردا بايان قىلىنغان مانا شۇ سەۋەبلەر نەتىجىسىدە تارىختا سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى تۈركىستانغا ناھايىتى كۆپلىگەن ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى ئېلىپ كەلگەن.

تۈركىستان تارىخىدا سۇيۇرغاللىق ــ قەبىلە باشلىقىغا سۇيۇرغال قىلىش، يەرلىك خان ۋە بەگلەرگە سۇيۇرغال قىلىش، خەلق ئىچىدە ئابرويلۇق شەخس ۋە جەمەتلەرگە سۇيۇرغال قىلىش، خانلار ئۆز ئەۋلادى ۋە ئۇرۇق ـ جەمەتىگە سۇيۇرغال قىلىش، دۆلەتكە كۆپ تۆھپە قوشقان

شەخس ياكى جەمەتلەرگە سۇيۇرغال قىلىش، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پىر ـ خوجىلارغا سۇيۇرغال قىلىش شەكلى بىلەن ئىجرا قىلىنىپ كەلگەن.

بۇ خىل دۆلەت تۈزۈلمىسى تۈرك خەلقلەر تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن تارتىپ تاكى ئۇلار 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باجىئەلىك ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولغان ۋاقىتقىچە ئۈزۈلدۈرمەي يولغا قويۇلغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ تارىخى بەكلا ئۇزۇن، ھەر تەرەپلىمە تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر.

تۈركىستان تارىخىدىكى ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىدىن باشلاپ ئوسمانىيلار خىلاپىتىنىڭ يىمىرىلىشىگە قەدەر بولغان پۈتكۈل سىياسىي پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەر قاتارىدا ئىنتايىن ئاكتىپ رول ئوينىغان.

2 ـ سۇيۇرغاللىق ھوقۇقىنىڭ مىراس قېلىشى

تۈركىستان تارىخىدا سۇيۇرغاللىق ھوقۇقىنىڭ مىراس قېلىشى بىر خىل دۆلەت تۈزۈلمە سىياستى سۈپىتىدە قەدىمكى تارىختىن تاكى يېقىنقى دەۋرگىچە ئۈزۈلدۈرمەي ئىجرا قىلىندى. يەنى ئۇ ـ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن باشلىنىپ، ئۇنىڭ تۈگىشى بىلەن ئاندىن ئاخىرلاشتى. (2 ـ تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا تۈرك خەلقلەر تۈركىستان زېمىنىدا ئومۇمىي ۋەيرانچىلىققا گىرىپتار بولغاندىن كېيىن ئاندىن توختىدى.)

سۇيۇرغاللىق ھوقۇقىنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلات مىراس قېلىشى بۇ خىل تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ھەرتەرەپلىمە كەمچىلىكلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى ۋە كېڭەيتىۋەتتى.

شۇڭا بۇنداق مىراسخورلۇقنىڭ بىر پۈتۈن دۆلەتنى يىمىرىپ تاشلاش ياكى كىچىك ـ كىچىك دۆلەتلەرگە بۆلۈپ تاشلاش جەھەتتىكى رولىنىڭ ناھايىتى قەتئىي بولغانلىقىنى تۈركىستان تارىخىغا نەزەر سالغان ھەر قانداق بىر ئەقىل ئىگىسى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ.

## 3 ـ بىر قىسىم رايونلارنى ۋاكالەتچى ھاكىملارنى قويۇپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلىشى

ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە دۆلەت زېمىنىغا قوشۇلغان بىر قىسىم يېڭى رايونلار، خېلى كۆپلىگەن ۋاقىتلاردا تۈركىستاندىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتلەر تەيىنلىگەن نازارەتچى خاراكتېردىكى ۋاكالەتچىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشقۇرۇلدى.

بۇ خىل ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى سۈيۈرغاللىق تۈزۈمگە قارىغاندا خېلى ئۇرغۇن جەھەتلەردىن تېخىمۇ ئەركىن ھەم زەئىپ بولغان بىر خىل كونتروللۇق ئىدى. چۈنكى بۇ خىل تۈزۈم يولغا قويۇلغان رايونلاردىكى ئەسلىي يەرلىك ھاكىمىيەت ھېچقانداق ئۆزگەرتىلمەي ئەينەن ساقلاپ قېلىناتتى. پەقەت نازارەتچىنىڭ نازارەتچىلىكى ئاستىدا بۇ تېررىتورىيىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىناتتى. مۇۋاپىق تۈردە مەركىزىي ھاكىمىيەتكە ئولپان تاپشۇرۇلاتتى. ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق يۈزلىنىشىدىن مەركىزىي ھاكىمىيەت خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. بۇ ئىشلارنىمۇ يەرلىك ھاكىمىيەت ئۆزىگە ھەر خىل ئامىللار بىلەن مايىللاشتۇرىۋالمىغان نازارەتچىلەرلا بەجانىدىل ئورۇنلايتتى.

بۇنداق ھاكىمىيەتلەر ئەگەر پۇرسەتلا چىقىپ قالسا ھەر قاچان ئەسلىي ھالىتىگە قايتىپ كېتەتتى ياكى مۇستەقىل بولۇۋالاتتى، ياكى باشقا بىرسىگە قوشۇلۇپ كېتەتتى.

دېمەك، بۇ خىل تۈزۈم ئېنىقلا بىر سىياسىي كىرزىسنىڭ مەنبەسى ئىدى.

مەسىلەن: قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىدىقۇت خانلىقى ۋە خوتەن خانلىقىنى؛(46) بۇلغارلارنىڭ رۇسلارنى؛(47) سەئىدىيەخانلىقىنىڭ قىرغىز- قازاقلارنى؛ ئوسمانىيلار خىلاپىتىنىڭ بەزى رايونلارنى؛ جاھىلىيەت پەيتىدە

ھەر قايسى تۈرك خانلىقلىرىنىڭ دۆلەتكە قاراشلىق قەبىلە ـ ئۇرۇقلارنى ۋاكالەتچىلەرنى قويۇپ باشقۇرۇشى دەل مانا شۇنىڭ مىسالى.

4 ـ بىر قىسىم زېمىنلارنى پەقەتلا ئۆزلۈكىدىن تۆلەم ئەۋەتىپ تۇرۇش

تۈزۈمى بىلەنلا كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇش

بۇ ـ مەركىزىي ھاكىمىيەت ئومۇمىيۈزلۈك بويسۇندۇرالمىغان، مۇئەييەن تەرزدە قارشىلىق قىلىش كۈچىگە ئىگە دۈشمەن رايونلارغا نىسبەتەن يولغا قويۇلغان بىر خىل «ئات تاپقىچە ئېشەك مىنىپ تۇرۇدىغان» ئۆتكۈنچى سىياسەت بولۇپ، بۇ خىل رايونلارنى تۈرك خەلقلەر ھېچقاچان ئۆز تېررىتورىيىسىنىڭ مەڭگۈ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن سېستىمىلىق ھەم ئۆزلۈكسىز ھەرىكەت قىلمىغان.

بۇ بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا سىياسىي جەھەتتىكى قاتتىق چوڭ ساۋاتسىزلىقنىڭ تەسىرىدىن بولغان.

مەسىلەن: قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتلارنى ۋە خوتەن خانلىقىنى ئاجىز بىر جىزيە تۈزۈمى بىلەن باشقۇرۇشقا ئۇرۇنىشى؛ تاتارلارنىڭ 14 ـ ئەسىردىن ئالدىنقى ئورۇسلارنى؛ ئىسلامدىن ئاۋالقى ھون، تۈرك، ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ خىتايلارنى ئۆزلۈكىدىن تۆلەم تۆلەپ تۇرۇش سىياستى بىلەن باشقۇرۇشقا ئۇرۇنىشى دەل مۇشۇ تارىخىي كەمچىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ خىل رايونلارنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ كونتروللىقىدىن ئاقۋەت تولۇق قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتكەنلىكى يۇقىرقى سۆزلىرىمىزدىنلا مەلۇم بولۇپ تۇرۇدۇ.

5 ـ مەركىزىي تېررىتورىيىدىكى بىر قىسىم بەگلىكلەرگە سۇيۇرغالىق

ھوقۇقىغا بارابەر دېگۈدەك ھوقۇقنىڭ تۇتقۇزۇلىشى

تۈركىستان تەۋەلىكىدە بەگلىك تۈزۈمىنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخى ناھايىتى قەدىم. بۇنى ئەڭ ئاساسلىقى تۈركىستاننىڭ تەبئىي جۇغراپىيىلىك

ئەھۋالى ۋە خەلقلەرنىڭ جايلىشىش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ قويغان.

تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى چەكسىز كەتكەن بوستانلىقلارنى تاغ، چۆل، پايانسىز دالا قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇستەقىل ئىجتىمائىي نوقتىلارغا بۆلۈپ تاشلىغان. بۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان كىرىشىپ كېتىشى ۋە تايىنىشىدىن، بىر - بىرىنى تولۇقلىشى ۋە مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كۈچلۈك بولغان.* بۇ يەرلىك بەگلىكلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە چوڭقۇر ئاساس بولغان.

تۈركىستان تارىخىدا مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن مەيدانغا چىققان بۇ يەرلىك بەگلىكلەرگە بېرىلگەن ھوقۇق - ناھايىتى كاتتا بولغان بولۇپ، خېلى كۆپ جەھەتتىن سۈيۈرغاللىق ھوقۇقىغا ئوخشاش ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن.

بۇ خىل ھالەت سەئىدىيە خاندانلىقى ۋە ئوسمان خىلاپىتى ۋاقتىدا سەل - پەل ئىسلاھ قىلىنىپ، بەگلىكلەر مەركىزىي ھاكىمىيەتكە خېلى كۈچلۈك بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما تولۇق تىزگىنلەش تۈركىستاننىڭ پۈتكۈل تارىخىدا پەقەتلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان.

نەتىجىدە بۇ خىل ھاكىمىيەت شەكلى ھەم تۈرك خەلقلەر تارىخىدىكى بىر قىسىم سىياسىي جاڭجاللارغا قىسمەن سەۋەبچى بولغان.

## 6 - بەگلىك ھوقۇقىنىڭ مىراس قېلىشى

بۇ خىل تۈزۈم بەگلىكلەرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلىپ قويغان.

* بىز ھازىرقى پەيتتە تۈرك خەلقلەرنىڭ ھەر بىر يۇرتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ خېلىلا پەرقلىق بولۇشىدىن ھەم بۇ خىل تارىخىي ھالەتنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئېنىق بىلىۋالالايمىز.

## 7 ـ سۇيۇرغاللىق ۋە بەگلىكلەر بىلەن مەركىزىي ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ ـ قۇدرەت پەرقىنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بەرمەسلىك

ھېچ بولمىغاندا سۇيۇرغاللىق ۋە بەگلىكلەردە ئالاھىدە ئىمتىياز ھەم ھەر خىل پايدىلىق شەرت ـ شارائىتلار تۆپەيلى شەكىللەنگەن، دۆلەتكە تەھدىت بولۇدىغان ياكى پايدىسىز، ھەر تەرەپلىمە كۈچ ـ قۇدرەت مۇۋاپىق چەكلىنىپ ياكى ئۆز لايىقىدا كونترول قىلىنىپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن بولار ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇئەييەن چەك ئاستىدا ساقلانغاندا ھەم تۈركىستان تارىخىدىكى سۇيۇرغاللىق بىلەن بەگلىكلەر تەرىپىدىن مەيدانغا چىققان خېلى كۆپلىگەن سىياسىي كرىزىسلەرنىڭ ئالدى ئېلىنىپ قالغان بولاتتى. ئەمما تارىخىي ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇنداق بولمىدى.

## 8 ـ ھاكىمىيەتكە قارشى جەمەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالماسلىق

دىنىي ۋە ھەربىي سەۋەبلەرگە كۆرە تۈركىستان تارىخىدا بىر قىسىم كىشىلەر خەلق ئارىسىدا ھەم ھاكىمىيەت ئالدىدا قاتتىق چوڭ ئىمتىياز ـ ئىناۋەتلەرگە ئىگە بولۇشتى. يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ شەخسلەرنىڭ ئەۋلادى ۋە ئۇرۇق تۇققانلىرى جەمئىيەتتە ۋە دۆلەتتە ئېغىر سالماقنى ئىگەللەيدىغان جەمەتلەرنى شەكىللەندۈردى. بۇنداق جەمەتلەرنىڭ بەزىلىرى دىنغا ياكى مەركىزىي ھاكىمىيەتكە سادىق بولسا، بەزىلىرى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇشتى. بۇنداقلار تۈركىستان تارىخىدا ھېچقاچان مۇۋاپىق ۋە قانائەتلىنەرلىك ھالدا تىزگىنلەنمىدى ياكى يوقۇتۇلمىدى. ئاقىۋەتتە بۇ خىل بۆلىنمە كۈچ تۈركىستان تەۋەلىكىدە نۇرغۇنلىغان سىياسىي پاجىئەلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە، يەنى ـــ بىر نەچچىلىگەن مۇستەقىل ھاكىمىيەتلەرنىڭ يىقىلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

مەسىلەن: سەئۇدىيە خاندانلىقى ۋاقتىدىكى ھىدايىتۇللاھ ئىشان جەمەتى، قازاق ۋە قىرغىز خانلىقى ۋاقتىدىكى ھاكىمىيەتكە قارشى ھەر قايسى قەبىلە ـ ئۇرۇقلار مانا شۇنىڭغا كىرىدۇ.

## 9 ـ جەمئىيەتتىكى ھاكىمىيەتكە قاتناشقان ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ۋە نوپۇزىنى مۇۋاپىق ھالدا چەكلىمەسلىك

بۇ، ئاخىرى تۈركىستاندا كاتتا ـ كاتتا جەمەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولدى. بۇ بىر تەرەپتىن تۈرك خەلقلەر تارىخىدىكى بىر قىسىم ئىجابىيلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان بولسىمۇ، لېكىن كەلتۈرگەن زىيىنىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن بولدى.

بۇنىڭغا ئائىت بولغان كونكرېت مىساللار ئالدىنقى مەزمۇندا بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇيەردە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز.

10 ـ دۆلەت زېمىنىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئەسكىري ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش، مۇھىم ھەلقىلغۇچ ئورۇنلارغا بولغان ئەسكىري ئورۇنلاشتۇرۇشقا سەل قارىماسلىق، دۆلەت چېگرا مۇداپىيە لىنىيىسىنى ئېنىق بېكىتىش ۋە مۇشۇ لىنىيىگە چېگرا مۇداپىيە پونكىتلىرىنى قۇرۇش، ئاھالىلەرنىڭ جايلىشىشىنى مۇۋاپىق تەڭشەش ۋە مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرىدىغان قاتارلىق نوقتىلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بولمىغاندا دۆلەتنىڭ زېمىن دائىرىسى مۇقىمسىز بولغان ھالەت كېلىپ چىقىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشى ياكى يىمىرىلىشىگە قىسمەن ئاساس سالىدۇ.

ئارا - ئۆز ئۇلارنى ئۆز مىللەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈشتە كىرىشتۈرۈۋېتىش ياكى ئاساسلىق بىرىگە سىڭدۈرىۋېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرقى ئىككى تۈرلۈك خىزمەت يوللۇق يۇسۇندا پىلانلىق تاماملانسا، شۇ دۆلەت ئۈچۈن چوڭ بىر غەلىبە ھېسابلىنىدۇ. بولمىسا كېلەچەكتە مىللىي ماجىرالار ۋە بۆلۈنمىچىلىكلەرگە مۇكەممەل ئاساس قېلىپ قالغان بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى پەقەتلا ئورۇنلانمىغان ھەمدە بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە سانسىز سىياسىي مەغلۇبىيەتلەر، پاجىئەلەر كېلىپ چىققان بولىدۇ.*

ئەمما تۈركىستان تارىخىدا بۇلارغا خېلى كۆپ ۋاقىتلاردا سەل قارالغان.

گەپ ئاخىرىدا شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش لازىمكى، تۈركىستان خەلقى ھوقۇقىنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرگەن ھاكىمىيەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە يۇقىرقىدەك خاتالىقلارنى سادىر قىلغان بولىسىمۇ، لېكىن بۇ جەرياندا، بولۇپمۇ ئىسلامىي ئالتۇن دەۋر باشلانغاندىن كېيىن، بۇ ساھەدە غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن چېكىدىن ئاشقان قانخورلۇق، ۋەھشىيلىك، قۇۋلۇق - شۇملۇق، ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن شۇغۇللانمىغان. بۇ ئەلبەتتە تۈركىستان تارىخىنىڭ ئاقراق تەرىپى بولسا كېرەك.

---

* ئەمما بۇ خىل خىزمەتنى تارمىللەتچىلىك، تارمەنپەئەتپەرەسلىك بايرىقى ئاستىدا مەجبۇرىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىشقا قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى بۇ خىل يول ئىسلامغا خىلاپ.

## ئىككىنچى، ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىپ مۇستەقىللىق جىھادى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان ۋاقتىمىزدا ئۆتكۈزۈگەن سەۋەنلىكلەر

ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### 1 ـ جىھاد باشلاشنىڭ ئالدىدىكى ئىدىيۋى ـ سىياسىي تەييارلىقنىڭ كەم بولۇشى

بۇ ـــ پۈتۈن جىھادىي كۈچلەرنىڭ بىر ئەمىر ۋە بىر تەنزىم ئاستىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئىنتىپاقلاشقان مۇكەممەل بىر سىستېمىنىڭ ۋۇجۇتقا كەلمەسلىكىگە بىردىن ـ بىر دېگۈدەك سەۋەبچى بولدى؛ تەشكىللەنمىگەن ياكى تەشكىلسىز ئامىمىنىڭ شۇ پېتى ياكى گۇرۇھ ـ گۇرۇھلارغا ئۇيۇشقان ھالدا جىھاد قاينىمىغا كىرىپ كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە بۇ تەرتىپسىزلىك ۋە چېچىلاڭغۇلۇق جىھادىي رەھبەرلەرنىڭ ھوقۇقنى يېتەرلىك ھالدا مەركەزلەشتۈرۈپ؛ ئۇيۇشقان، تەرتىپلىك بىر مۇجاھىدلار قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ كۈرەشكە ئاتلىنىشىغا كۈچلۈك توسالغۇ بولدى.

بۇ ئەلبەتتە تۈركىستاننىڭ يېقىنقى ئۈچ ئەسىرلىك تارىخىدىكى پاجىئەلەرنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

بۇ مەزمۇن كىتابىمىزنىڭ داۋامىدا ئايرىم بىر باب سۈپىتىدە كونكرېت مىساللار بىلەن تەپسىلىي تەھلىل قىلىنىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتىكى گەپنى شۇ يەردە توختىتىش بىلەن كۇپايىلەنمەكچىمىز.

### 2 ـ جىھاد باشلاشنىڭ ئالدىدىكى ۋە جىھاد پەيتىدىكى زۆرۈر قىسىش ـ تازىلاش ھەرىكەتلىرىنىڭ كەم بولۇشى ياكى بولماسلىقى

ئىدىيۋى ـ سىياسىي تەييارلىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىپ بىر مۇنتىزىم ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە جىھادىي گۇرۇھنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە كۈچلۈك تۇسالغۇلۇق قىلغان، جىھادنىڭ ئەمەلىي باشلىنىشىنى زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن توختۇتۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان، جىھادى

پەيتىدە قەستەن چەك ـ چېگرا ئاجرىتىپ جىھادىي قۇۋۋەتنى پارچىلاپ تاشلاش يولىغا ماڭغان ياكى شۇ سىياسى كىرزىستىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغان، جىھادىي مەركەزگە قارشى كۈچ-كۈچلەرنىڭ كەمتىننى چاپقان ئىچكى ـ تاشقى مۇخالىپ دۈشمەن كۈچلەرگە نىسبەتەن ھېچقانداق تەلىم ـ تەربىيە ۋە مۇرەسسە كار قىلمىغاندا، ئىسلام دىنىي يول قويغان دائىردە ئىجرا قىلمىسا بولمايدىغان قىسىش ـ تازلاش ھەرىكىتى تۈركىستاننىڭ يېقىنقى ئالتە ئەسىرلىك جىھادىي تارىخىدا ئېلىپ بېرىلمىدى ياكى يېتەرلىك ئېلىپ بېرىلمىدى. نەتىجىدە بۇ، ئەمىرلەرنىڭ ھوقۇقنى يېتەرلىك ھالدا مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، ئۈيۈشقان، مۇنتىزىم بىر جىھادىي قوشۇن بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتىنى يوق قىلىپ تاشلاپ، تۈركىستان جىھادىدىكى ئەڭ چوڭ ئاجىز نوقتىغا ئايلىنىپ، نۇرغۇن قېتىملىق جىھادىي غەلىبە ۋە جىھادلارنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ھەتتا بۇ جەرياندا تۈركىستاننىڭ شەرقىي قىسىمدا قۇرۇلۇشقا مۇۋەپپەق بولغان 6 ـ 7 مۇستەقىل ھاكىمىيەت، تاشقى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن تولۇق دېگۈدەك غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن مۇخالىپلىرىنىڭ قولى بىلەن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنىپ، قايتا ـ قايتا قۇللۇققا گىرىپتار بولدى. بۇ خىل خاتالىق تۈركىستان تارىخىدىكى زور كۆپچىلىك جىھادلاردا ھەر ۋاقىت سادىر بولۇپ تۇردى.

دېمەك، جىھاد باشلاش ئالدىدىكى ۋە جىھاد جەريانىدىكى زۆرۈر قىسىش ـ تازىلاش ھەرىكىتى ـــ پۈتكۈل تۈركىستان جىھادىنىڭ ئورۇنلانمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئېھتىياجىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## 3 ـ جىھادىي تەنزىملەرنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى شەخسلەرنىڭ خىزمەت دائىرىسى ۋە خىزمەت دەرىجىسىنىڭ ئېنىق بېكىتىلمەسلىكى

بۇ قايسىدۇر بىر خىزمەت نوقتىلىرىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى، خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى، ھەممە كىشىنىڭ تەڭ دەرىجىلىك بالا پادىشاھ بولۇۋېلىشى قاتارلىق سىياسىي ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدى. نەتىجىدە بۇ ھوقۇقنىڭ يېتەرلىك ھالدا مەركەزگە مەركەزلىشىشىگە قاتتىق پۇتلىكاشاڭ بولۇپ، تۈركىستان جىھادىنى ئاقساتتى، نۇرغۇن جىھادىي غەلىبىلەرنى يوققا چىقاردى.

بۇ تۈركىستان تارىخىدىكى نۇرغۇن جىھادلاردا ھەر ۋاقىت سادىر بولۇپ تۇردى.

## 4 - جىھادىي گۇرۇھتىكى ئاساسىي قاتلامدىكىلەرنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمنىڭ ئېنىق بىكىتىلمەسلىكى

بۇ ـــ تۈركىستان جىھادىدىكى تەشكىلسىزلىك، چېچىلاڭغۇلۇق، يوغاناباشلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يۇقىرى - تۆۋەننىڭ ئورنى، رولى قاتارلىقلارنى ئالماشتۇرىۋەتتى، يوققا چىقىرىۋەتتى. نەتىجىدە، ھوقۇقنى مەركەزگە يېتەرلىك مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، مۇنتىزىم، ئىنتىپاق، يۇقىرى - تۆۋەن ئۆز - ئارا ماسلاشقان جىھادىي قوشۇننى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بولمىدى. ھەممە كىشى جاڭگال خورىزى بولۇپ، خالىغان مۇقامغا تولغاشتى. يا پىلان ئورۇنلانمىدى، يا كۆزگە كۆرىنەرلىك سېستىمىلىق خىزمەت ئىشلەنمىدى. كەمچىلىكلەرنى تۈزۈتىش؛ ياخشىلارنى مۇكاپاتلاپ، يامانلارنى جازالاش؛ تەرتىپلىك، پىلانلىق ئىش قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىستان جىھادى ئادەمنى ئېچىندۇرغىدەك پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتلەرگە گىرىپتار بولدى.

بۇ خىل خاتالىق تۈركىستان تارىخىدىكى كۆپ جىھادلاردا توختىماي داۋاملىشىپ كەلدى.

### 5 ـ خىزمەت ئىشلىنىدىغان دائىرىلەرنىڭ تولۇق ھالدا جىھادىي گۇرۇھلارنىڭ رەھبەرلىك مەركىزى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنماسلىقى

بۇ ـــ مۇخالىپەتچىلىكلەرگە، چېچىلاڭغۇلۇقلارغا، ھورۇنلۇق ـ ئاقسالىقلارغا، قوڭالتاقلىق ـ غىتمەكلىكلەرگە ھەمدە كاپىرلارنىڭ ئويۇن ئوينىشىغا سورۇن ھازىرلاپ بەرگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، مۇنتىزىم، ھوقۇق مەركەزگە يېتەرلىك ھالدا مەركەزلەشكەن، بىر جىھادىي قوشۇننىڭ مەيدانغا چىقىشىغا قاتتىق پۇتلىكاشاڭ بولدى.

ئاقىۋەتتە تۈركىستان جىھادى نۇرغۇن مەغلۇبىيەت، جەڭگە ـ جېدەللەرگە گىرىپتار بولدى.

تۈركىستان تارىخىدىكى پۈتكۈل جىھادلاردا بۇ خىل خاتالىق ئۆز ۋاقتىغا يارىشا ھەرخىل شەكىل ۋە ھەرخىل مىقداردا ساقلىنىپ كەلدى.

### 6 ـ جىھادىي تەنزىملەرنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خىزمەت تەقسىماتىنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشى

بۇ ــ نارازىلىق، بۆلىنىش، چۈشكۈنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق نەتىجە ئەلبەتتە جىھادىي سەپنىڭ ئىچى ـ تېشىدىكى بىر تۈركۈم ئاممىدا كېلىپ چىققان ئىدىيىۋي پاسسىپلىق ئىدى. ئاقىۋەتتە بۇ ھوقۇق يېتەرلىك ھالدا مەركەزگە مەركەزلەشكەن، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، مۇنتىزىم، ئىتتىپاق، جەڭگىۋار بىر جىھادىي قوشۇننىڭ مەيدانغا كېلىشىگە قاتتىق پۇتلىكاشاڭ بولدى.

مەسىلەن: قەشقەر خانلىقى ۋاقتىدا ياقۇپ بەگنىڭ خوتەنلىك مۇجاھىدلارنى قاتتىق باستۇرۇپ، ئەكسىنچە نىياز ھېكىمبەگ ۋە تۇڭگانلارنى ھاكىمىيەتكە شېرىك قىلىشى؛ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ۋاقتىدا سابىت داموللامنىڭ خوتەنلىك مۇجاھىدلارنى ھاكىمىيەتتىن

چەتلەشتۈرۈپ، ئەكسىنچە قوزغىلاڭ بىلەن ئىنىق مۇناسىۋىتى يوق بىر تۈركۈم يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنى ۋە غەربىي تۈركىستانلىق بىر تۈركۈم ناتونۇش مۇھاجىرلارنى ھاكىمىيەتكە شېرىك قىلىشى؛ غەربىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 1920 ـ يىللاردىكى جىھاد پەيتىدە ئەنۋەر پاشاغا ئوخشاش كىشىلەرنى ھاكىمىيەتكە شېرىك قىلىشى؛ مانا شۇ تارىخىي خاتالىقنىڭ رۇشەن دەلىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، ﷲتائالانىڭ بىزگە مەرھەمەت قىلغان ئىلاھىي قانۇنىنى يەر شارىغا، جۈملىدىن تۈركىستانغا ھاكىم قىلىمىز دەپ جان كۆيدۈرۈۋاتقان بىز مۇجاھىدلار، يۇقىرىقى خاتالىقلاردىن ئۆز دەۋرىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىرىغا نىسبەتەن، ھەر ۋاقىت كەسكىن خاتىمە بېرىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ جىھادىي غەلبىمىزنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ، ئىنشائاللاھ.

## 7 ـ باب. بىخەتەرلىك ـ ئاخبارات ئورگىنى ۋە ئايغاقچىلارنىڭ رولىغا سەل قاراش

بىر سىياسىيونىنىڭ ياكى بىر دۆلەت ھوقۇقلۇق ئورگىنىنىڭ ئىلمىي، مۇكەممەل، ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ـ قويالماسلىقى؛ ئۇنى مۇۋاپىيەقىيەتلىك ئىجرا قىلىش قىلالماسلىقى ــ شۇ سىياسىيونىنىڭ ياكى شۇ دۆلەت ھوقۇقلۇق ئورگىنىنىڭ بىلىم ساپاسى؛ ئىلمىي قابىلىيىتى؛ ئىگەللىگەن ئىچكى ـ تاشقى ئاخباراتى؛ تەشكىلىي ئاپپاراتىنىڭ سۈپىتى؛ دۈشمەنگە سالغان ھەرتەرەپلىمە پاراكەندىچىلىكىنىڭ توغرا، كەڭ دائىرىدە بولۇش ـ بولماسلىقى؛ دۈشمەنلەرنىڭ ئاخبارات ئىگەللىۋېلىش، ئوغرىلىۋېلىش ھەمدە ھەرتەرەپلىمە پاراكەندىچىلىك سېلىشىغا بولغان مۇداپىيەلىنىشىنىڭ يېتەرلىك بولۇش ــ بولماسلىقىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « الله پۇختا ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.» *

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:« سىلەر ھاجىتىڭلارنى راۋا قىلىشتا مەخپىيەتچىلىك بىلەن ياردەم تەلەپ قىلىڭلار.» **

بولۇپمۇ بۈنىڭ ئىچىدىكى ــ دۈشمەندىن ئاخبارات ئىگەللەش، ئەمما دۈشمەننىڭ ئاخبارات ئىگەللىۋېلىشىدىن قاتتىق مۇداپىيەلىنىش؛ دۈشمەنلەرگە ھەرتەپلىمە پاراكەندىچىلىك سېلىش، ئەمما دۈشمەنلەرنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن مۇداپىيەلىنىش ــ سىياسىيونىڭ ئىشلىرىنى يېڭى قان بىلەن تەمىنلەيدىغان؛ دۈشمەنلەر ئۈستىدىن كۆتۈلمىگەن غەلىبىلەرگە دائىم ئېرىشىپ تۇرۇشنى، الله نىڭ ئىزنى بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم سىيا ـ

---

* تەبرانى رىۋايىتى.

** ھەدىسنىڭ بىر قىسمى، تەبرانى رىۋايىتى.

سي ۋاستە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز ئاۋال، دۈشمەنلەردىن مۇناسىۋەتلىك ھەرتەرەپلىمە ئاخباراتلارنى ئىگەللەش ۋە بۇ ساھە بويىچە ئۇلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختۇلۇپ ئۆتەيلى.

ئۇنداق بولسا دۈشمەنلەردىن ئاخبارات ئىگەللەش دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ؟

بۇ ــ دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئاشكارە ـ يوشۇرۇن بارلىق ئاخباراتلىرىنى ھەرخىل مۇۋاپىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە پۈتۈنلەي قولغا كىرگۈزۈۋېلىشنى مەقسەت قىلغان، ھەرخىل شەكىلدىكى ھەر تەرەپلىمە ئايغاقچىلىق پائالىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ:

1 ـ دۈشمەننىڭ ــ تور،گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزور، ھەرخىل يىغىن ۋە پۇقرالىرى ئارىسىدىن مۇناسىۋەتلىك ئاخباراتلارنى توپلاش ۋە تەھلىل قىلىش.

بۇ بىزگە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ ــ <1> بىز بۇ ئارقىلىق دۈشمەننىڭ دۆلەت دەرىجىلىك مۇھىم ۋە ئىنچىكە ئەھۋاللىرى ھەمدە ئەڭ چوڭ سىياسىي يۆنىلىشىگە ئىگە بولالايمىز. < 2> كېيىن ئېلىپ بارماقچى بولغان مەخسۇس ئاخبارات ئوغرىلاش خىزمىتىمىزگە نىشان بەلگىلىۋالالايمىز.

بۇ خىزمەتنىڭ ئەڭ چوڭ شەرتى ــ كۈچلۈك سىياسىي ئاڭ ـ سەۋىيە ۋە ھەرتەرەپلىمە مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولغان قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلىنىشى.

2 ـ مەخسۇس خىزمەت خادىملىرىنىڭ ياردىمىدە ئاخبارات ئىگەللەش.

بىزنىڭ ـ رازۋېتكا، مۇداپىيە، يەر ئاستى سىياسىي خىزمەت، مەخپىي يوقىتىش، پارتىزانلىق ئۇرۇش، مۇنتىزىم جەڭ ۋە ئىسلاھات قاتارلىق ساھەلەردىكى پىلانلىرىمىز بۇنداق شەكىلدىكى ئاخبارات ئىگەللەش خىزمىتىمىزگە تۆپتىن مۇناسىۋەتلىك.

بۇ خىزمەت ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە ئىلمىي بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ساھەگە بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، تەجرىبىلىك مەخسۇس ئورگان ۋە خىزمەتچىلەر مەسئۇل قىلىنىشى كېرەك.

دۈشمەنلەرگە ئاخبارات ساھەسىدە پاراكەندىچىلىك سېلىش دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ؟

بۇ ـ دۈشمەنلەرنى ئۆزىمىز توغرۇلۇق، ھەرخىل يوللار بىلەن ھەر تەرەپلىمە يالغان ۋە قالايمىقان ئاخباراتلارغا ئىگە قىلىپ؛ بىر تەرەپتىن ــ ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى بىزگە قارىتا خاتا، ئەھمىيەتسىز، ھەتتا بىزگە پايدىلىق ھەرىكەتلەرنى قىلدۇرۇش ياكى ھەرىكىتىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم ۋاقىت جىم تۇرغۇزۇپ قويۇش. ئىككىنچى بىر تەرەپتىن ــ ئۇلارنىڭ پۇقرالىرى ئارىسىدا تەۋرىنىش، چېكىنىش، قورقۇش، بىزارلىق تۇيغۇلىرىنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق؛ ھاكىمىيەت بىلەن ئۇلار ئارىسىغا زىدىيەت، قارشىلىق پەيدا قىلىش. ئۈچۈنچىدىن شۇ دۈشمەن دۆلەت بىلەن باشقا دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق پەيدا قىلىش ياكى ئۇلارنى دۈشمەنلەشتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ:

1 ـ ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل، زامانىۋىي تەشۋىقات ۋاستىلىرىمىز ئارقىلىق پاراكەندىچىلىك سېلىش.

2 ـ دۈشمەننىڭ ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق پاراكەندىچىلىك سېلىش.

3 ـ مەخسۇس خىزمەت خادىملىرى ئارقىلىق پاراكەندىچىلىك سېلىش.

يۇقىردا ئېيتىلغان تەشۋىقات ۋاستىلىرى ــ تور، گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزور، تەشۋىقات ۋاراقلىرى، كىتاب، ھەرخىل ھۆججەت ـ خاتىرىلەر، يىغىن قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. مەخسۇس خىزمەت خادىملىرى بولسا ــ ئاخبارات ئوغرىلايدىغان (سېتىلما قىياپەتلىك)، ئاخبارات ئوغرىلىتىدىغان (بوشاڭ ياكى يېڭىلگەن قىياپەتتە)، ھەرخىل ئاخبارات تارقىتىدىغان، ئاخباراتتا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان، ئېقرار قىلىۋېتىدىغان مەخسۇس ئاخبارات رازۋېتچىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرقى ئىككى خىل سىياسىي كۈرەش ئىچىدە مەخسۇس خادىملار ئارقىلىق ئاخبارات ئىگەللەش ۋە بۇ ساھەدە مەخسۇس خادىملار بىلەن دۈشمەننى پاراكەندە قىلىش ــ ھەرقانداق بىر رەھبەر، ھەرقانداق بىر ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنىڭ ئەڭ ھەل قىلغۇچ سىياسىي ئاساسلىرىدىن بىرى. دۇنيا تارىخىدىكى چوڭراق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن ھەر قانداق سىياسىيون ـ ئىنقىلابچىنىڭ ئارقىسىدا ئەلبەتتە ناھايىتى قابىلىيەتلىك ۋە ساداقەتمەن ئاخبارات خادىملىرى يوشۇرۇنغان.

خوش، ئەمدى بىز دۈشمەننىڭ ھەقىقىي ئاخبارات ئىگەللىشىدىن مۇداپىيەلىنىش، دۈشمەنگە ئاخبارات ساھەسىدىن باشقا ساھەلەر بويىچە پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق پاراكەندىچىلىكىدىن قاتتىق ساقلىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختۇلايلى.

ئۇنداق بولسا دۈشمەننىڭ ھەقىقىي ئاخبارات ئىگەللىۋېلىشىدىن مۇداپىيەلىنىش، دۈشمەنگە ئاخبارات ساھەسىدىن باشقا ساھەلەر بويىچە پاراكەندىچىلىك سېلىش، دۈشمەنلەرنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىن باشقا ساھەلەر بويىچە پاراكەندىچىلىك سېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش دېگەن نېمە؟ بۇ ئىشلار قانداق يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ؟

دۈشمەننىڭ ھەقىقىي ئاخبارات ئىگىلىلىشىدىن مۇداپىيەلىنىش دېگىنىمىز ـــ دۈشمەنگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەرقايسى ساھەدىكى بارلىق مەخپىيەتلىكلەرنى دۈشمەننىڭ ئىگىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان مۇداپىيەلىنىش تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ:

1 ـ ئۆزۈمىزنىڭ تەشۋىقاتى جەريانىدا ياكى ھەر تەرەپلىمە پائالىيەتلەردە ئۆزىمىزنى بىلمەي سېتىپ قويۇشىمىزدىن قاتتىق ساقلىنىش.

2 ـ مەخپىيەتلىكنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دائىرىسىنى ناھايىتى تار دائىرىدە كونترول قىلىش، ھەتتا رەھبەرلەرمۇ بەزى ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئەمەس نەتىجىسىنى بىلىش بىلەنلا بولىدى قىلىش. ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، مەخپىيەتلىكنى بىلمىگەن ئادەم مەخپىيەتلىككە خائىنلىق قىلالمايدۇ.

3 ـ ئىشلارنى كەسىپ تۈرى بويىچە ئايرىپ كونترول قىلىش. بىر كەسىپنىڭ ئىشىنى يەنە بىر كەسىپ ئەھلى بىلمەسلىك.

مەسىلەن: ئايغاقچىلىق، مەخپىي يوقىتىش، پارتىزانلىق قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۆز تۈرى بويىچە كونترول قىلىش.

4 ـ دۈشمەنلەرنىڭ ئاخبارات سېستىمىسىغا ئادەم كىرگۈزۈپ، بىرىنچىدىن ـ ئۇلارنىڭ ئاخبارات خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىش. ئىككىنچىدىن ـــ بىز تەرەپتىن سېتىلغان يېگى خائىنلارنى بىلىپ تۇرۇش (دىققەت، بۇ بىزنىڭ ھازىرقى ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىمىز).

5 ـ بىخەتەرلىك ـ ئاخبارات ئورگىنىدىن ـــ سىياسىي، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك ـ ئاخبارات ئورگىنى ۋە ھەربىي بىخەتەرلىك ـ ئاخبارات ئورگىنىدىن ئىبارەت ئىككىنى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى كونترول قىلىش، ئۇلارنى باشقۇرالماي قېلىشتىن چوقۇم ساقلىنىش.

6 ـ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغان بىخەتەرلىك ـ ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنى دەرھال ئىشتىن بوشىتىپ؛ بۇ ساھەنىڭ سۈپىتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ساقلاپ قېلىش.

7 ـ ھۆججەتلەرنى ناھايىتى قاتتىق ساقلاش، خادىملارنى ناھايىتى قاتتىق چېنىقتۇرۇپ ۋە تەربىيەلەپ ئۇلارنىڭ ھەم سۈپىتىنى يۇقىرى سەۋىيىدە ساقلاش.

دۈشمەنلەرگە ئاخبارات ساھەسىدىن باشقا ساھەلەر بويىچە پاراكەندىچىلىك سېلىش دېگىنىمىز — دۈشمەنىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى ئۆزىمىز مۇھتاج بولغان ھامانلا قابىلىيەتلىك، بىلىملىك، تەجرىبىلىك، ساداقەتمەن پىدائىيلاردىن پايدىلىنىپ قانائەتلەنگىنىمىزگە قەدەر بۇزۇپ تاشلاش، ئوغرىلاش، ئۆزگەرتىۋېتىش، يوقۇتىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ تۆۋەندىكى يوللاربىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ:

1 ـ بىزمۇھتاج بولغان ئورۇننىڭ ئەھۋالىنى ئاخبارات تورىمىزدىن پايدىلىنىپ تەپسىلىي ئىگەللەش، تەتقىق قىلىش.

2 ـ دۈشمەنىنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىكى مۇشۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، تەتقىق قىلىش.

3 ـ ئۆزىمىزدىن بولغان لايىق پىدائىيلارنى ئەۋەتىش.

4 ـ قابىلىيەتلىك غەيرى دىنىدىكى كىشىلەرنى پۇل بىلەن ئىشقا سېلىشقا ئالاھىدە دىققەد قىلىش.

دۈشمەنلەرنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىن باشقا ساھەلەر بويىچە پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش دېگىنىمىز ـ دۈشمەنىنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىن باشقا ساھەلەر بويىچە بىزگە تالاپەت يەتكۈزىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان مۇداپىيە تەدبىرلىرىنىڭ ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇتۆۋەندىكى يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ:

1 ـ ئاخبارات تورىمىزدىن پايدىلىنىپ دۆشمەنلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەرىكىتىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش.

2 ـ دۆشمەنلەر تالاپەت يەتكۈزۈشكە قىزىقىدىغان ئورۇنلارنىڭ (مەسىلەن ـ ئالاقىلىشىش پونكىتى، ھەبىي لازىمەتلىكلەر ئامبىرى، باش شتاب، دوختۇرخانا، ۋەھاكازالار ) مۇھاپىزىتى، مەخپىيلىك دەرىجىسىنى ئالاھىدە قىلىش.

3 ـ دۆشمەنلەرنى يالغان ياسالغان ياكى شۇنداق نام بېرىلگەن يەرلەر ئارقىلىق ئالداش.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش پايدىلىق دەپ ئويلايمەن ــ دۆشمەنلەر تالاپەت يەتكۈزىشكە ئەڭ قىزىقىدىغان ئوبيېكت رەھبەرلەردىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى دىققەتنى ئالاھىدە قىلىشىمىز كېرەك. خەلقئارادا بۇ جەھەتتە قىياپەتداش رەھبەرلەردىن بىر نەچچىنى پەيدا قىلىپ، رەھبەرلەرنى قوغداش سىناقتىن ئۆتكەن ئۇسۇل. بۇ ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىسە كېرەك.

4 ـ دۆشمەنلەر خەۋەر تېپىپ قالغان مۇھىم ئوبيېكتلارتوغرىسىدا «دۆشمەنلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ تاشلاندى» دېگەن خەۋەرنى تارقىتىپ، ئۇنى يۆتكەش ياكى ساقلاپ قېلىش.

5 ـ دۆشمەنلەر بىلەن تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ تەڭ دەرىجىلىك ئورۇنلارغا تېگىپ، دۆشمەنلەر بىلەن ئۇنى ئالماشتۇرۇپ ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىش.

بىز تۆۋەندە يۇقىرىدىكى سۆزلىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بىر تۈركۈم ئەمەلىي مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. بۇ ئىنشاالله، بىزنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى چۈشەنچىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، ئېنىقلىشىشىغا پايدا يەتكۈزىدۇ.

مەسىلەن ــ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىردە دارا I نىڭ باشچىلىقىدىكى نەچچە 100 مىڭ ئىران تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى ھازىرقى

ئوتتۇرا ئاسىياغا باستۇرۇپ كەلدى. دەل مۇشۇ جىددىي پەيتتە ئۆز ۋەتەن ـ مىللىتىگە چەكسىز ساداقەتمەن بولغان باتۇر شىراق، خېلى ئىنسانلار بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ۋەھشىيانە تاكتىكىلارنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، ئاجايىپ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن پۈتۈن ئىران قوشۇنىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قۇملۇقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا باشلاپ كىرىپ، بىرنى قويماي ئۆزى بىلەن بىللە ئاچلىق ـ ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك قىلىپ تاشلىدى.* شۇنىڭ بىلەن تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنى بىر تامچە قانسىز، ئاجايىپ تېنچلىق ئىچىدە تاجاۋۇزچىلىقتىن ساقلىنىپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتىكى تۈرك خاقانىنىڭ بۇ غەلىبىسى ماھىيەتتە شىراقنىڭ غەلىبىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ماۋ زېدۇڭ(48) 1935 ـ يىلى بىر يېرىم يىللىق، 25 مىڭ چاقىرىملىق قانلىق ئۇزۇن سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يەنئەنگە(49) كەلگەندە، 1934 ـ يىلى جياڭشى رۇيجىندىن يولغا چىققان 84 مىڭ كىشىلىك قىزىل ئارمىيىدىن پەقەت 5 مىڭدەك قىزىل كوممۇنىست جاللات قېلىپ قالغان ئىدى. ئۇلار قانداق قىلىپ نەچچە مىليون كىشىلىك گومىنداڭ(50) ئارمىيىسىنى يېڭىپ، 400 مىليون خىتاينى ئۆز نەزىرىدىكى ئازاتلىق مەنزىلىگە يېتەكلەپ كېلەلىدى؟! بۇ ھازىر سىياسىي تارىخچىلار تەرىپىدىن ماۋنىڭ قابىلىيىتى دەپ تونۇشتۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەلبەتتە ئىش ھەرگىز ئۇنداقلا ئەمەس. بۇ سوۋېتنىڭ كۈچلۈك ياردىمىدىن باشقا پەقەتلا ماۋنىڭ غەلىبىسى بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتقان بىر نەچچە سۈپەتلىك جاسۇسنىڭ غەلىبىسى ھەم ئىدى.

1930 ـ يىللاردا جۇئېنلەي(51) كوممۇنىستلارنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك ۋە سادىق جاسۇسلىرىدىن بىرى بولغان بېيجىڭدىكى ياش بىر پروفېسسورنى بۇندىن كېيىن ھېچقانداق سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماسلىق؛ ھەر قانداق شارائىت ۋە ھەر قانداق ۋاقىتتا پارتىيە تەشكىلاتى ئۇنى

* تەپسىلاتىنى شىراق توغرىسىدىكى ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋالسىڭىز بولىدۇ.

ئىزدىمىگـۈچە؛ ھەرقانـداق پارتىيــە ياچېيكىســى، پارتىيــە ئەزاســى يــاكى كوممۇنىســتپەرەس ئىنقىلابىــي كۈچلــەر بىلــەن ھەرگــىز ئالاقىلاشماسـلىق؛ ئــۆز سالاھىيىتىنى مەڭگــۈ ئۇنتۇماسـلىق؛ پۈتـۈن كـۈچى بىلـەن جـان كۆيـدۈرۈپ گومىنداڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، گومىنداڭنىڭ يۇقىرى قـاتلام رەھبــەرلىك ئورگىنىغا سىڭىپ كىرىش توغرىســدا بۇيـرۇق بەرگــەن. شـۇنىڭ بىلــەن بـۇ جاســۇس، جۇئېنلــەينىڭ بۇيرىقــى بويىچــە پۈتــۈن ۋۇجــۇدى بىلــەن ئــۆز خىزمىتىگــە ئاتلانغــان. نەتىجــدە بىــر نەچچــە يىللاردىــن كېيىن جــەنۇبىي خىتايدىكى ئەمەلىي ھوقۇقى خېلىلا چوڭ بولغان بىر مىلىتارىستىنىڭ(52) كاتىبى بولۇشــتىن ئىبــارەت ئــۆز ئارزۇســغا لايــق مەرتىۋىگــە ئېرىشــكەن. بــۇ مىلىتارىست جاڭجېشىنىڭ(53) مەخپىي ھــەربىي - سىياســي يىغىنلىرىغاچوقۇم قاتنىششى كېرەك بولغـان گېنېرال بولغـاچ، كوممۇنىسـتلارنىڭ غالجىســمۇ كـاتىبلىق خىزمىتى شــەربىي بىلــەن ھەممــە يىغىنلارغـا قاتنىشــش پۇرسىتىگــە ئېرىشـكەن. بـۇ سـەۋەبلىك شـۇ كۈنـدىن باشـلاپ تـاكى مـەغلۇپ بـولۇپ تەيۋەنگە قاچقىچە بولغان ئارىلىقتا جاڭجېشى خېلى كـۆپ ئىشـلاردا ماۋغـا ھەگىز تەڭ كېلەلمىگەن.

بۇنىڭغا شۇ بىر مىسال يېتەرلىككى ـ جاڭجېشى 1935 - يىلغىچە ئېلىپ بارغان ئامېرىكا ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرى پىلانلىغان، ئىنتـايىن ئىلغـار بولغان ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشقا سالغان بــەش قېتىملىـق(54)كوممۇنىسـتلارنى ئومۇمىيۈزلۈك قورشاپ يوقۇتۇش جېڭىدە شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولـدى. ھەتتا بەشــىنچى قېتىملىـق قورشـاپ يوقۇتۇشـقا مۇنتىـزىم ھـەربىي مەكتـەبنى پۈتتۈرگەن بىر نەچچە مىليون ئەسكىرىي كۈچىنى ئاجراتقان بولسىمۇ، لېكىـن 100 مىڭغا يېقىـن قـارا مىلتىـق ۋە نەيزىلــەر بىلــەن قوراللانغـان ساۋاتسـىز، نامرات كوممۇنىست پارتىزانلار ئۈستىدىن تولۇق غەلىبـە قىلالمـدى. بـۇ ۋەقـە خۇشـامەتچى تـارىخچىلار تەرىپــدىن مـاۋنىڭ « دۈشمــەن ھۇجـۇم قىلسـا قېچىش، توختىغاندا پاراكەندە قىلىش، قاچسـا قـوغلاش، ئالـدىراپ مۇنتىـزىم

ئۇرۇش قىلماسلىق، ئالداپ تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىۋېتىپ بىر ـ بىرلەپ يوقۇتۇش، ئالداپ قورشاۋ رايونىغا ئېلىپ كىرىپ ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈيۇقسىز زەربە بېرىش» دىن ئىبارەت مەشھۇر ئۇرۇش تاكتىكىسىنىڭ غەلىبىسى دەپ يېزىلغان بولسىمۇ؛ ئەمەلىيەتتە ھېلىقى كوممۇنىست جاسۇس تەمىنلىگەن جاڭجېشىنىڭ تەپسىلىي جەڭ پىلانىنىڭ غەلىبىگە كۆرسەتكەن تەسىرى بەك چوڭ بولغان ئىدى. ماۋنىڭ ئۆزىمۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنئەندە بۇ جاسۇسنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى.

ئەنە شۇ بىر جاسۇسنىڭ خىزمىتى 5 مىڭ قارا قۇرساق قىزىل پارتىزانلارنى، ئامېرىكا تەربىيەلەپ ئۆز قوراللىرى بىلەن جابدۇغان بىر نەچچە مىليون گومىنداڭ ئارمىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرۇشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولدى.

1930 ـ يىللاردا خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇھىم ئايغاقچىلىرىنىڭ بىرسى ئابدۇلكېرىم ئاباسوپنىڭ(55) ئىلگىرى ئالماقچى بولغان سۆيگىنى ياڭ دېگەن خىتاي ئىدى. ئۇ ئابدۇلكېرىم ئاباسوپ قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ كوممۇنىست بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى. «گومىنداڭنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقۇتۇش كېرەك» دەپ جار سېلىپ يۈرگەن ياڭ، غولجا پارتىزانلىرىنىڭ 1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا غولجا ھەرەمباغ سوقۇشىدا گومىنداڭچى خىتايلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي دېگۈدەك قىرىپ تاشلىشىغا چىدىيالماي ئۆزىنى ئېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى ئابدۇلكېرىم ئاباسوپ بىلەن ياڭ ئارىلىقىدا ئالاقىچى بولغان، كېيىن ئابدۇلكېرىم بىلەن توي قىلغان لۇسۇشىن ئىسىملىك تەتەي ئالدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن لۇسۇشىننىڭ ھەتەرەپلىمە ياردەملىشىشى بىلەن ئابدۇلكېرىم «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» دېگەن

نامىدىكى بىر كوممۇنىستىك پارتىيىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە بۇ پارتىيىگە رەئىس بولدى. ئۇرۇمچىدىكى «كوممۇنىزىم ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» نامىدىكى خىتاي كومپارتىيىسى يەر ئاستى گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق خىتايلار بۇ پارتىيىگە ئەزا بولدى. بۇ ئەمەلىيەتتە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى ئىدى. *

1945 - يىلى نەنجىڭ مىللىي قۇرۇلتىيىغا(56) ئەخمەتجان قاسىم(57) بىلەن ئابدۇلكېرىم شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكىل بولۇپ بارغاندا، ئابدۇلكېرىم خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ(58) قۇرغۇچىسى ۋە ماۋنىڭ ئەڭ قابىل ياردەمچىسىنىڭ بىرى بولغان دۇڭ بىۋۇ(59) بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئومۇميۈزلۈك مەلۇمات بەردى ھەمدە خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ياچېيكىسى قىلىپ ئېلىش جاكارلاش، تېلېگراف بىلەن بىر ئالاقىچى گۇرۇپپىنى ئۆزىگە قوشۇپ بېرىشىنى كەسكىن تەلەپ قىلدى. دۇڭ بىۋۇ بۇنى ماۋ بىلەن جۇغا يەتكۈزۈپ مۇنداق جاۋاپ ئالدى:

ئابدۇلكېرىمنىڭ ھەرىكىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەمەلىي ئەھۋا - لى تۈپەيلى توسالغۇغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ياچېيكىسى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز جاكارلىماسلىق؛ بىر گۇرۇپپىنى ئەمەس پىكچاڭگۇي(60) دېگەن بىرلا ئاخباراتچىنى تېلېگراف ئاپپاراتى بىلەن ئابدۇلكېرىمگە قوشۇپ قۇيۇش.

ئابدۇلكېرىم يىغىندىن قايتقاندىن كېيىن: «خوتۇنۇمنىڭ جىيەنى، يۇرتنى كۆرۈپ كەلمەكچى» دېگەن نامدا پىكچاڭگۇينى تېلېگراف ئاپپاراتى بىلەن بىرگە ۋەتىنىمىزگە ئېلىپ كېلىپ غولجىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، جاسۇسلۇقنى رەسمىي زامانىۋىيلاشتۇردى.

* كېيىنكى يىللاردا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا خەلقنىڭ كۆپلەپ قاتنىششى بىلەن بۇ پارتىيە ھەممە جايغا تارقالدى .

ئـۇ ئـۆزىنىڭ خـەلق ئىچـىدىكى ئورنـىدىن پايـدىلىنىپ ھايـاتىنىڭ ئاخىرىغىچـە شـەرقىي تۈركىسـتان خـەلقىنىڭ ئىدىيىسـىنى پەقـەتلا خىتـاي كومپارتىيىسـى بىلـەن بىرلىشـىش تەرەپكـە بـۇراپ كەلـدى. شـەرقىي تۈركىستاننىڭ نادان قوزغىلاڭچىللىرىنىڭ خىتايلار بىلەن « تىنچ بىرلىشىش » ى دىن ئىبارەت ئىچىنارلىق پاجىئەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا، يەنى ــ ھـەر خىـل سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن ستالىن تەرىپىدىن سۈنئىي كېڭەيتىۋېتىلگـەن بـۇ ئىنقىلابنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسىنىڭ ئۆزىۆل ـ كېسەل مـەغلۇپ بولۇشىغا ھەلقىلىغۇچ تەسىر كۆرسەتتى.

مـاۋنىڭ تەختكـە چىقىشـىمۇ پەقـەتلا بىـر جاسۇسـنىڭ خىـزمىتىنىڭ نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

زۇنيـى يىغىنىـدىن بـۇرۇن مـاۋ، ئىلگـىرى ئۆتكۈزگـەن بىـر تۈركـۈم خاتالىقلىرى ئۈچۈن كوممۇنىستلار قوشۇنىدا رېجىمدا ئىدى. ئۇ بـۇ ۋاقىتتىكـى ھايـاتى توغرىسـىدا: « ئەگـەر ئـۇزۇن سـەپەر بولمىغـان بولسـا مېنـى ئـەينى ۋاقىتتىكىلەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان بولاتتى» دېگەن ئىدى.

ئەمما ئۇ مەن ھوقۇقىغا چىقمىسام خىتاي ئىنقىلابى غەلىبە قىلالمايدۇ دەپ قارايتتى، بۇنىڭغا كاڭ شىڭ ئىسىملىك خىتاي مىللەتچىسىمۇ قايىل ئىدى.

1935 ـ يىلى قېچىپ كېتىۋاتقـان كوممۇنىسـتلار ئارمىيىسـى گـۈيجۇنىڭ زۇنيى شـەھرىدە تەجرىبـە يەكۈنلـەش يىغنـى ئاچمـاقچى بولـدى. مـاۋ بۇنـى، رەھبەرلىكنى تارتىۋېلىشنىڭ ئەڭ ئۇبدان پۇرستى دەپ قـاراپ، كـاڭ شـڭغا مەسلەھەت سالدى. كاڭ شىڭ دەرھـال ماۋغـا قارشـى تۇرالايـدىغان بـارلىق خىتاي زىيالىلىرىنى يىغىندىن بـۇرۇن يوشـۇرۇن ئۆلتـۈرۈپ تاشـلاپ، يىغنـىدا مـاۋنى بـاش قىلىـپ تىكلـدى ۋە بىـر تۈركـۈم يـاراملىق جـاللاتلاردىن « ماۋزېدۇڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئىشخانىسـى» نـاملىق جاسۇسـلۇق ئورگـىنىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ كېيىنچە « دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى» گە ئايلىنىـپ، خىتـايلارنى ئىچكـى جەھـەتتىن كـونترول قىلىشـقا باشـلىدى ۋە مۇداپىيـەنى

مۇستەھكەم ھالدا شەكىللەندۇردى. بۇ خىتاي تارىخىدىكى نۇرغۇن يېڭىلىقلارغا تۈپتىن سەۋەبچى بولدى.

جۇئېنلەينىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكى ئاستىدا تەربىيەلەنگەن كوممۇنىست جاسۇسلار تېلېگراف ساھەسىدە شۇنداق ئالاھىدە تەرەققىي قىلدىكى، جاڭ جېشىنىڭ تېلېگراممىسىگنالى ئۇلارنىڭ ئاسانغىنە يېشىپ تاشلىشىدىن قۇتۇلالمىدى. بۇ ئۇلارنىڭ غەلىبە ـ مەغلۇبىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى.

ئەمدى يەھۇدىيلارغا قاراپ باقايلى:

ئىسرائىلىيە ئاخبارات مۇتەخەسسىسلىرى پەلەستىندىكى بىر مەھەللە ئەرەبلەردىن ھەممىسى دېگۈدەك مۇجاھىدلارنىڭ زىيىنىغا خىزمەت قىلىدىغان «خائىنلار كەنتى» نى شەكىللەندۈردى.

موللا سۈپەت يەھۇدىي جاسۇسلار 200 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 200 مىڭدىن كۆپرەك يالغان ھەدىسنى ئىسلام دۇنياسىغا تارقىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە بۇلغىۋەتتى.

مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ قارشىلىقىنى تېنچ يول بىلەن يوقىقا چىقىرىپ، خەلقئارا كۈچلۈك ھەربىي دۆلەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىنىڭ ئەڭ ئاساسىي يولى بولسا، يادرو قورالىغا ئىگە بولۇش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن يەھۇدىي سىياسىيونلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئىسرائىلىيە جاسۇسلىرى ئىسرائىلىينىڭ ماجالى يەتمەيدىغان قويۇلدۇرلىغان ئۇرانىنى ياۋروپادىكى بىر تەجرىبەخانىدىن ئوغرىلاپ كېلىپ، ئالىملارغا تاپشۇردى.

بۇنىڭدىن باشقا رۇسلارنىڭ مەيلى چارپادىشاھ دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى سوۋېت دەۋرىدە بولسۇن ئاخبارات ساھاسىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەم كۆپىمىزگە مەلۇم.

بۇمىساللاردىن ھەم كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاخبارات خادىملىرىنىڭ ياردىمىسىز سىياسىي ساھەدە ئېغىزغا ئالغۇدەك بىرەر غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش قىيىن.

ئەمدى ئومۇمىي تۈركىستان تارىخىنى بۇ جەھەتتىن تەكشۈرۈپ باقايلى.

خىتاي تارىخىدىكى تۈنجى قۇدرەتلىك سۇلالە بولغان خەن سۇلالىسى* ۋاقتىدا خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولغان ھازىرقى شەرقىي تۈركىستاندىكى 30 نەچچە شەھەر بەگلىكىنى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى جەڭگە سېلىش، ئېپى كەلسە ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ۋە ھونلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش ئارقىلىق ھونلارنى ۋەيران قىلىش مەقسىتىدە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ، 2 ـ ئەسىرلەردە مەشھۇر قابىلىيەتلىك جاسۇسلاردىن بەنچاۋنى ئىككى قېتىم، پەنشۇنىدىنى بىر قېتىم، چاڭ چيئەننى ئىككى قېتىم ھازىرقى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتتى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ كۆچەپ خىزمەت قىلىشى بىلەن بۇ زېمىندا 150 يىلدەك يۇرتۋازلىق ئۇرۇشى يۈز بەردى. مەركىزىي ھاكىمىيەتكە قارشى نەچچە قېتىم ئىسيانلار بولدى. ھەتتا بىر تۈركۈم زېمىنلار بىر مەزگىل خىتايلارغا بويسۇندى. ئۇيسۇنلار بىلەن ھونلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈلدى ھەمدە بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ جاسۇسلارنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن خىتايلارنىڭ بۇ زېمىنلارنى ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىگە قوشۇۋېلىشتىن ئىبارەت مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان سىياسىي قارا نىيىتى مەيدانغا چىقتى.

يەنە، خىتايلاردىن مەلىكە نامىدا قوبۇل قىلىنغان 30 نەچچە سۈپەتلىك ئايال جاسۇس تۈرك خەلقلەرىنىڭ بىرنەچچە دۆلىتىنى مەڭگۈ ئەسلىگە كەلمىگۈدەك يىقىتىپ تاشلىدى.

* مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، مىلادىيە 220 ـ يىلى يىقىلغان.

ھون ئىمپېرىيىسىدىن تاكى ئوسمانىيلار خىلاپىتىگىچە بولغان بارلىق ھاكىمىيەتلەر خائىن، بۆلگۈنچىلەرنىڭ سەۋەبىدىن پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى ياكى ھالاك بولدى.

ماۋەرائۇننەھرىدىكى ئۈچ ئۆزبېك خانلىقى (يەنى ــ خىۋە، بۇخارا، قوقەنت خانلىقلىرى) ۋە قازاقلارنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ يوق دېيەرلىك بولۇشى ئاخىرى ئۇلارنى ئورۇسلارغا يەم بولۇشقا ئېلىپ باردى.

سەئىدىيە خاندانلىقىدەك كاتتا بىر دۆلەت ھىدايىتۇللاھ ئىشانغا تەڭ كېلەلمىدى. قەشقەر خانلىقى ياقۇپبەگنىڭ قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىشى، تۇڭگان ۋە خوتەن ھاكىمىيەتلىرىنىڭ خاتا بىر تەرەپ قىلىنىشى، چىڭ سۇلالىسى ۋە تاجاۋۇزچى قوشۇن توغرىسىدىكى ئاخباراتسىزلىق، خەلقئارا ئاخباراتچىلارنىڭ سۈپەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن ھالاك بولدى.

كېيىنكى مەزگىللەردە تۈركىستاننىڭ ئىسلامىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۆپ قېتىملىق جىھادىي ھەرىكەتمۇ دەل مۇشۇ ساھەدىكى خاتالىقلىرىمىز تۈپەيلى مەغلۇپ بولدى ۋە مەغلۇپ بولىۋاتىدۇ.

دېمەك، باشقا خەلقلەر شۇنچە كۆپ مۇۋاپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپتۇ - يۇ، بىز لەۋ چىشلەپ قاپتۇق. سەۋەبى ــ باشقىلارنىڭ سۈپەتلىك بىخەتەرلىك ــ ئاخبارات ئورگىنى ۋە ئايغاقچىلىرى بوپتۇ، بىزنىڭ بولسا يوق.

قېنى بىزدىكى دۈشمەن جاسۇسلىرىغا قارشى ئىنقىلاب؟ قېنى بىزدىكى دۈشمەننى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ قان - تەرنى كۆپۈككە ئايلاندۇرىۋېتىدىغان قابىلىيەتلىك ئايغاقچىلار؟ قېنى بىزدىكى قانلىق قىرغىنچىلىقنى ئازايتىپ خەلقىمىزنى خاتىرجەم، بەختلىك ھايات مەنزىلىگە باشلاپ كېلەلەيدىغان ھەر تەرەپلىمە قابىلىيەتلىك بىخەتەرلىك ــ ئاخبارات ئورگىنى؟ قېنى بىزدىكى دىنىمىزنى ھەقىقىي راۋاج تېپىشقا كاپالەتلىك قىلالايدىغان قابىلىيەتلىك بىخەتەرلىك ــ ئاخبارات مۇتەخەسسىسلىرى؟ قانداق خەلق

بىز، قانداق مۇجاھىدلار بىز، تارىخىي تەجرىبىلەرنى قىلچىلىك يەكۈنلىمەيدىغان!؟

خاتالىقلىرىمىزغا خاتىمە بېرىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە قوماندانىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ نىڭ ياردىمى بىلەن زور دەرىجىدە غەلىبە قازانغانلىقىنى قەتئىي ئەستىن چىقارماسلىقىمىز، ئۇ زاتنىڭ بۇ ساھەدە سۈننەت قىلىپ قالدۇرغان قىممەتلىك خىزمەت ئۇسۇللىرىنى قەتئىي ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

بۇ زاتنىڭ خەندەك غازىتىدا(61) نۇئەيىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتىپ يەھۇدىيلار بىلەن قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى ئۆزىل ـ كېسىل بۇزۇپ تاشلاپ، جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى نېمە دېگەن گۈزەل نەمۇنە؟!

گەپنىڭ قىسقىسى، بۇ قېتىمقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق جىھادىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈمىز دەيدىكەنمىز، بارلىق ھەرىكىتىمىز ۋە مەنپەئەتىمىزنى بىخەتەرلىك ــــ ئاخبارات ئورگىنى ۋە ئاخبارات خادىملىرى ئارقىلىق قوغداپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئۆز گۈشىنى ئۆزىگە يېدۈرگىدەك دەرىجىدىكى شانلىق مۇۋاپپەقىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشىمىز لازىم. بۇ تۈركىستانلىقلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق مەغلۇبىيتىنىڭ ھازىرقى ھايات ئەۋلاتلارغا يۈكلىگەن مۇقەددەس ۋەزىپىسى.

# 8 ـ باپ. ھەرقانداق بىر ئىنقىلابتا سىياسىي تەييارلىق ۋە سىياسىي كۆرەشكە سەل قاراش

بىرىنچى ـ تەجرىبىلەرگە ئاساسەن تەخمىن قىلغىنىمىزدا سىياسىي غەلىبە 70 % سىياسىي مۇناسىۋەت بىلەن 30%  ئەمەلىي ئىشنىڭ يىغىندىسى. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يېتەرلىك سىياسىي ماناسىۋەتنى مۇۋاپىپەقىيەتلىك شەكىللەندۈرگەنلىك، سىياسىي ساھەدىكى غەلىبىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تۇرغۇزغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

رەھبەرلەرنىڭ بۇنداق سىياسىي مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈشىنىڭ بىردىن ـ بىر ئۇسۇلى ـ كۆچلۈك، جانلىق، قايىل قىلارلىق بولغان سىياسىي تەشۋىقات ۋە سىياسىي پىكىر ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ ـ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش؛ پۇقرالارنى يۇرت، مىللەت چۈشەنچىسىدىن قۇتۇلدۇرغان ھالەتتە ئومۇميۈزلۈك ئويغۇتۇش؛ مۇجاھىدلارنى يېتىشتۈرۈش؛ قوشۇن تۇپلاش؛ ئاساسىي پروگراممىا، سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى، كېرەكلىك قانۇن ـ تۈزۈم قاتارلىقلارنى بارلىق مۇجاھىدلار ۋۇجۇدىغا ئومۇميۈزلۈك سىڭدۈرۈش؛ قوشۇننىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق جەڭگىۋارلىقىنى ئۈستۈرۈش؛ مۇجاھىدلارنىڭ خەلقئارالىق بىرلىكىنى شەكىللەندۈرۈش؛ دۈشمەن قوشۇنىنى تەمتىرىتىش، پارچىلاش، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش؛ دۈشمەن ئارقا سەپپىدە قالايمىقانچىلىق چىقىرىش؛ خەلقئارادا غەلىيان پەيدا قىلىپ، دۈشمەنگە زىيان سېلىش؛ خەلقئارا ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش ـ پەقەتلا سىياسىي ئىدىيۋىي پائالىيەتنىڭ ۋاستىسى بىلەنلا مەيدانغا كېلىدىغان سىياسىي نەتىجىلەردۇر.

ئىككىنچى ـ ھەرقانداق بىر ئىنقىلابنىڭ مەركىزىي ئورگىنى شۇ نۆۋەتلىك ئىنقىلابنى باشلاشتىن بۇرۇن چوقۇم سىياسىي نەزەرىيۋى جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن بولۇشى؛ رەھبەرلەرنىڭ كاللىسىدا ئىنقىلابنى باشلاش، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، دۆلەت

قـۇرۇش قاتـارلىق بىـر قاتـار مەسـىلىلەر نـەزەرىيۋى جەھەتتـە تـولۇق ئايدىڭلىشـىپ بولغـان بولۇشـى ھەمـدە تۇسـالغۇ، تۇتۇقلـۇق، كەمچىلىكلـەر بولماسلىقى كېرەك.

ئىنقىلابنى مۇۋاپىق شەكىل، مۇۋاپىق ئۇسۇل، مۇۋاپىق دائىرە، مۇۋاپىـق ۋاقىتتا باشلىيالماسلىق؛ باشـلاپ قـويۇپ رەھبـەرلىك قىلالماسـلىق، قالايمىقـان قىلىۋېتىش، ئاخىرىنى مۆلچەرلىيەلمەسلىك؛ ئىشـلارنىڭ سىياسـىي قىممىتـى ۋە مەقسـەتچانلىقى تـۆۋەن بـولۇش، چېچىلاڭـغۇلۇقنى مەيـدانغا چىقىـرىش؛ جـددىي پەيتلـەردە تـەمتىرەپ تـوغرا ھۆكـۈم چىقىرالماسـلىق؛ كۈنسـايىن دۈشمـەننى كۆپـەيتىۋېلىش، غەلىبىگـە لايىقلىشالماسـلىق، غـەلىبنى سـاقلاپ قالالماسلىق؛ تۇسالغۇ، كەمچىلىك، قېيىنچىلىق، زەربىلەرنى ھېس قىلالماسـلىق، مۆلچەرلىيەلمەسلىك؛ دۈشمەننىڭ ھەر تەرەپلىمە سۇيىقەست، ھىيلـە ـ مىكـىر، زەربە ـ ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەسـلىك؛ ئەجـداتلار، قېرىنـداش ئەللـەر ياكى باشقا خەلقلەر ئۆز تارىخىدا سادىر قىلغان خاتالىقلارنى يەنە يېڭىباشـتىن سادىر قىلىش ــ دەل پىشىپ يېتىلمىگەن رەھبـەرلىك ئورگـىنىنىڭ سىياسـىي ئىشـلارغا بـاش بـولۇپ قالغىنـىدىن كېلىـپ چىقىـدىغان نەتىجـە. بۇنىڭـدىن ساقلىنىشـنىڭ بىـردىن ـ بىـر ئۇسـۇلى ئىنقىلابـنىڭ نېمىلىكىنـى نەزەرىيـە جەھەتتىن قاتتىق تەتقىق قىلىش، رەھبەرلىك قىلىش سـەنئىتىنى قـاتتىق تـەتقىق قىلـىش، ھەرقايىسـى ئەللـەرنىڭ ئىنقىلابىـي تـەجرىبىلىرىنى ئۆزىمىزنىڭكىگـە بىرلەشتۈرۈپ قاتتىق تـەتقىق قىلـىپ، ئۇنىڭـدىن ئـەقىل تېپـىش ۋە ئىنقىلابـنىڭ سىياسـىي تـەييارلىق باسـقۇچىدا رەھبـەرلىك قـابىلىيىتىنى ئاسـتا ـ ئاسـتا يېتىلدۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش.

ئۈچىنچى ــ كېرەكلىك تەرتىپ ۋە تەشكىلىي قـۇرۇلمىلارنى ئىنقىلابـتىن بـۇرۇن تـولۇق مۆلچەرلـەش، تـوغرا لاھىيەلـەش ۋە پۈتۈنلـەي تەييارلاشـقا تىرىشىش؛ ئىنقىلابنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن بىرنى ئون، يوقنى بار قىلالمـاي ھەسرەت چېكىپ مەغلۇپ بولماسلىق. چۈنكى ئىنقىلاب، باشلاپ بولغاندىن

كېيىن توختىتىپ قويۇپ، بىرمەزگىلدىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇپ باشلىۋالدىغان دىراما ئەمەس. ئۇنى باشلىدۇقمۇ بولدى، ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىش كېرەك. قالغان نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەتنىڭ دەل ئۆزى.

تېرشچانلىق كۆرسىتىپ مانا شۇ يۇقىرقى ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى ئىشلەش ـ ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى سىياسىي تەييارلىق ھېسابلىنىدۇ.

بىز تۆۋەندە بۇ سۆزلىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەسىلىلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

مەسىلەن ـ كرىست ئۇرۇشى(62) ياۋروپالىقلارغا ئىنتايىن زور پاجىئەلەرنى ئېلىپ كەلدى. ياۋروپالىقلار بۇ پاجىئەنىڭ بىردىن ـ بىر سەۋەبى ـ خرىستىئان دىنىنىڭ دۆلەتكە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىدىن بولدى دەپ قاراپ، بۇ دىنىنى ھاكىمىيەتتىن ئايرىپ تاشلاش ئارقىلىق، بۇنداق پاجىئەلەرنىڭ يەنە تەكرار يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىشتى ۋە ئىجرا قىلىشنى باشلىدى. بۇ ئەسلى خرىستىيان دىنىنىڭ ئۆز مۇرتلىرى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ئىنكار قىلىنىشى ئىدى. بىراق كېيىنكى يىللاردا دېموكراتلار، كوممۇنىستلار، خرىستىئانلار ۋە يەھۇدىي سۇيىقەستچىلەر بۇ ھۆكۈمنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ «خەلقئارالىق سىياسەت» دېيىشىپ بىلىشتى ھەمدە ئىسلام دىنىنى ۋەيران قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي تاكتىكىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

مۇسۇلمانلار تارىختىن بۇيانقى ئەڭ قىيىنچىلىق مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان يېقىنقى دەۋردە بۇ ئەپسانىنىڭ كەڭ ـ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنىشى نەتىجىسىدە، مۇسۇلمانلار ئىچىدىن زور كۆلەمدىكى « ئىلمانىي» قالپىقنى كىيگەن ئەگەشكۈچى ئېقىم رەسمىي شەكىللەندى. بۇلار ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىككىنچى بىر يەھۇدىي قەۋمى بولۇپ قالدى. بۇ زىيانلىق سىياسىي مەھسۇلات ئاقىبەتتە « مۇسۇلمان دۆلىتى » دەپ ئاتىلىۋاتقان

دۆلەتلەردە «قۇرئان» نىڭ قانۇن قىلىنماسلىقىنى، مۇسۇلمان خەلقلەردىكى ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىقنىڭ يوقىقا چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

دېمەك، يۇقىرقى تەشۋىقات ماھىيەتتە غەيرى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىسلام دىينىنى ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت ئىپلاس سىياسىي ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي تەييارلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئىشنى ئەڭ ئاۋۋال ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىكى ئىسلامىي، ئىمانىي مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈشتىن باشلىغانلىقى، ﷲنىڭ رەسۇلۇللاھ ۋەكىللىكىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كۈرەش تارىخىنى تونۇشتۇرۇشى ۋە ئۇندىن باشقا پۈتكۈل دۇنيا سىياسىيونلىرىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى سىياسىي ھاياتىنى كۆچلۈك سىياسىي نەزەرىيىۋى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشلىغانلىقى ھەم بارلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنىڭ ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن ھەر تەرەپلىمە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلىشى ــ نەخ ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى سىياسىي تەييارلىقتىن ئىبارەت ئىدى.

يۇقىرقى نەزەرىيىۋى بايان ۋە ئەمەلىي مىساللار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، سىياسىي تەييارلىققا ئېتىبار بېرىش ـ بەرمەسلىك ئۇدۇللا سىياسىي جەھەتتە غەلىبە قىلىش ـ قىلماسلىققا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بىر يېتەكچى باشچىلىق قىلغان ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئىگە قىلىمەن دەيدىكەن ئۇنىڭغا يۈزدە ـ يۈز ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

خوش، ئۇنداق بولسا بىز بۇ ساھە بويىچە تارىختا نېمە ئىشلارنى قىلغان؟ ھازىرقى ئەھۋالىمىز قانداق؟ تۆۋەندە بۇنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

تەخمىنەن 2 مىڭ يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن ھون، تۈرك، ئۇيغۇر ئىمپېرىيىلىرى؛ خىتايلار بىلەن بولغان نەچچە يۈز يىللىق ئۆتكۈر كۈرەش جەريانىدا ھەربىي جەھەتتىن كۆپ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ ھېچقانداق سىياسىي تەييارلىق ئېلىپ بارمىدى، نەتىجىدە ئۆزى ئاجىز ھەم

يۇمشــاق، خــۇددى ياچۇەككــە ئوخشــايدىغان ختــايلار تەرىپــدىن ۋەيــران قىلىپ تاشلاندى.

ساتۇق بۇغراخاندىن باشـلانغان تۈركسـتان ئىسـلام ئۇمۇملاشـتۇرۇش ھەرىكتى سياسي جەھـەتتىكى ھـەر تەرەپلىمـە تـەييارلىقىنىڭ ئـەتراپلىق ۋە مۇكەممەل بولمىغانلىقى سـەۋەبلىك، ئۇيغـۇرلار ئېلىـنىڭ ئـۈچتىن بـىر قىسـمىغا تەسىر كۆرستىش بىلەنلا توختاپ قالدى. پەقـەت خوتـەن ئـايىمىقىلا ساقمۇـ ساق 45 يىل قارشىلىق كۆرسەتتى.

سياسـي جەھـەتتىكى قىينچىلىـق مەزگـىللىرىمىز باشـلانغاندىن كېـيىن مەيـدانغا چىققـان جىھـاد ئـەمىرلىرى، سياسـي جەھـەتتىكى تـەييارلىقىنىڭ تۇتامسىزلىقى، ھەتتا بىر قىسىملىرىنىڭ پەقـەتلا تەييارلىقسـىزلىقى، ئـۇلارنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيتىگە سەۋەب بولدى.

بۈگـۈنكى ئـەھۋالىمىزغا قـاراپ باقىـدىغان بولسـاقمۇ، خـەلقىمىزنىڭ سياسي تەييارلىقى سېستىملىق، مەقسەتلىك، زۆرۈر سياسـي پائالىيەتكـە ئايلىنالمىغان. بۇنى تۆۋەندە تەپسىلي كۆرۈپ ئۆتەيلى.

بىرىنچى، سياسي مۇناسىۋەت ساھەسىدىكى ئەھۋالىمىز

1 ـ خـەلقىمىز ئىچىـدىكى ئويغانغـان كىشـلەر ئارىسـىدا ئۈمىدسـىزلەر كۆپ، جىق ئىشلارغا كۆزى يەتمەيدۇ، نۇرغۇن ئىشلارنى ئـويلاپمۇ قويمايـدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەسكىري ۋە سياسي جەھەتتە خېلىلا بىلىمسىز.

2 ـ ھـازىرقى ۋاقىتتـا ھـەقىقي تـوغرا ئويغىنىـپ ھەرىكـەت قىلىۋاتقـان بىلىملىــك قېرىنداشــلىرىمىز ئارزۇيىمىزغــا نىســبەتەن يېتــەرلىك ئەمــەس، تەشكىلىي كۈچ جەھەتتىن ئارقا سېپىمىز كاۋاك.

3 ـ ئويغانغـان قېرىنداشـلىرىمىزدا مۇكەممـەل سياسـي بىرلىـك يـوق، ھـەرىكىتى چېچىلاڭغۇ، بىـر ـ بىرىگـە مـاس كەلمىگـەن، بـەزىلىرى تـەكرار ھالەتتە. قوزغالغان سياسي ھەرىكەتلـەرنىڭ ھـەر تەرەپلىمـە زەربـە بېرىش

كـۈچى ئـاجىز، دائىرىسـى كىچىـك، نەتىجىسـى تـۆۋەن، بەرگــەن قۇربـان ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ. دېمەك ئومۇمىيۈزلۈك ھەقىقىي تەشكىللەنمىگەن.

4 ـ تۈركىستانلىقلار ئىچىدە ئىلمانىي ــ مىللەتچىلەرگىمۇ ئەگەشمىگـەن، ئىسـلام دىنىنىمـۇ ھـەقىقىي چۈشـىنىپ كەتمەيـدىغان خېلـى زور سـالماقنى ئىگەللەيدىغان بىـر تۈركىـۈم خـەلق بـار. ئـۇلارنىڭ مەركەزلىشـىش دائىرىسـى ئاساسەن ئىدارە ــ ئورگـان ۋە بـازارلاردا. ئـۇلارنىڭ ئىسـلام دىنىنـى تـولۇق قـوبۇل قىلـىش ئېھتىمـاللىقى ناھـايىتى كـۆپ بولسـىمۇ، لېكىـن ھازىرغىچـە نەتىجە ئۇنداق بولمىغـان. پەقـەت ئـۇلار بـۇ جەھەتتـە قـۇرۇق داۋا قىلغـۇچى تەبىقـە بـولۇپ قالغـان. مىللىتىمـىز ئىچىـدىكى سـەل ئـاق ـ قـارىنى پـەرق قىلـدىغان كىشـىلەر ئەنـە شـۇنداق مۇجاھيـدلار، ئىلمـانىي ـــ مىللەتچىلـەر، ئېتىقادسىزلارغا بۆلۈنگەن.

5 ـ تۈركىسـتانلىق ئىلمـانىي ـ مىللەتچىلـەرنىڭ ئىچىـدە قارىغۇلارچـە ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلار كۆپ، مۇستەھكەملىرى ئاز. ئۇلارنىڭ خەلقنى قايىل قىلغـۇدەك سىسـتېمىغا چۈشـكەن ھېچقانـداق سىياسـىي پەلسەپىسـى يـوق. ھەممە ھەرىكىتى پەقـەتلا باشـقىلارغا يـاكى ئـەتراپتىكى نەرسىلەرگـە تايىنىـپ ئىلگىرىلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام دىنـى ئـۇلارنىڭ ئىچكـى جەھەتتـە تايىنـدىغان ئەڭ چوڭ يۆلەنچۈكى. تەرەققىي قىلغـان دېموكراتىـك دۆلەتلـەر ۋە تۈرك مىللەتلەر ۋەتىنـى ئـۇلارنىڭ تاشـقىي جەھەتتـە تايىنـدىغان يۆلەنچـۈكى. ئـۇلارنىڭ ئـەڭ ئـاخىرقى نىشـانى مىللىتىمىزنـى ئۇيغۇرچـە سۆزلىشـىدىغان ئامېرىكىلىقلاردىن قىلىپ چىقىش.

دېمەك، ئۇلارنىڭ مىللىي رىقابەتچىلىكتىن باشـقا ھېچقانـداق ھـەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگـۈچ كـۈچى يـوق. بـۇ ئـاجىز ئېتىقـاد، «ئىسـلام دىنىنـى سـانائەت ئـارقىلىق، سـانائەتنى مائارىـپ ئـارقىلىق، مائـارىپنى مۇسـتەقىللىق ئارقىلىق، مۇستەقىللىقنى جىھاد ئارقىلىق قۇتقۇزۇپ قالىمىز» دېگـەن ئـۇزۇن مۇددەتلىك جەمئىيەت تەرەققىيات پروگراممىمىزنى ھەقىقىي قايىـل بولغـىدەك

چۈشەندۈرەلىسەك ۋە ئىشەندۈرەلىسەك تېزلا ئىسلام ئېتىقادىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. ئىنشائاللاھ. لېكىن ھازىرغىچە بۇ ساھەدە سېستىمىلىق خىزمەت ئىشلەنمىدى.

6 ـ بىزنىڭ ھازىرقى ئىسلامىي سىياسىي تەشۋىقاتىمىز خەلقىمىز ئىچىدىكى پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە تەربىيەلەنگەن ۋە ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ. كىشىلەر ئۇنى تولىمۇ كونا ۋە ئۆزىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە ماس كېلىدىغان. ئۇ يەنە ئاساسەن قۇرۇق ۋە كېسەل قايىل قىلالمايدۇ. سۈپەتتە، رادىكاللىقى تۆۋەن.

7 ـ ئۇمۇمىي مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ، مۇجاھىدلارنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تەكشىسىز. جۈملىدىن مۇجاھىدلار ئىچىدە نېمە ئىش قىلىشنى، قانداق قىلىشنى، قاچان قىلىشنى، قانچىلىك دائىرىدە قىلىشنى، كىم بىلەن قىلىشنى ھەقىقىي مۆلچەرلىيەلمەيدىغان مېڭىسى تۇتۇق قېرىنداشلىرىمىز خېلى كۆپ، دېمەك ــ پروگراممىسىز.

8 ـ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەشۋىقاتىمىزنىڭ مەنا دائىرىسى تار. زور كۆپچىلىك خەلقىمىزنىڭ ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئۆتنۈملۈك يوللىرى، ئىسلامىي دۆلەتنىڭ قۇرۇلمىسى، ئىسلامىي دۆلەتنىڭ كېلەچىكى توغرىسىدىكى بىلىمى بەك ئاز ياكى يوق دېيەرلىك، بار بىلىممۇ ئىنتايىن ئابستراكت. بۇ مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا سىياسىي جەھەتتىكى ئۈمىدسىزلىككە سەۋەبچى بولغان.

9 ـ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەشۋىقاتىمىزنىڭ تەبىقە دائىرىسى تار، ھەقىقىي كېرەكلىك ئىسلامىي سىياسىي بىلىملەر ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە قورشاۋدا قالغان، بۇ خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي جەڭگىۋارلىقى ۋە ئىنتىپاقلىقىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

10 ـ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەشۋىقاتىمىزنىڭ مىللەت دائىرىسى تار. بىر تۈركىزىم مىللەتلەر تۈركىستاننىڭ ئاساسىي پۇقرالىرىدىن ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەۋھىدى يوق ھېسابتا بولۇپ قالغان. ھەتتا تۈركىستاندا نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئىسلام دىنىنى ئازراقمۇ قوبۇل

قىلمىغان مىللەتلەر خېلى بار. ئۇلار بىلەن بولغان سىياسىي ئالاقىمىز ئاجىز ياكى ئۈزۈلگەن.

11 ـ تۈركىستان مىقياسىدا مەيدانغا كەلگەن سىياسىي جەھەتتىكى يېڭى بىلىم، يېڭى ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشى ئىنتايىن سېستىمسىز، ئىشەنچسىز ھەم ئاستا. بۇ بىرلىككە كەلگەن سىياسىي مۇناسىۋەتتىكى تەكشىلىكنى يوقىقا چىقارغان ھەمدە سىياسىي جەھەتتىكى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتىمىزنى قاتتىق بوغۇپ قويغان.

12 ـ ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ۋە دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق تارىخىدىكى كۈرەش تەجرىبىلىرىدىن، سىياسىي ئىنقىلاب نەتىجىلىرىدىن خەلقىمىز، بولۇپمۇ ھەرىكەتچان ياشلىرىمىز خەۋەرسىز ھالەتتە. بۇ تۈركىستاندىكى ھازىرغىچىلىك ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ سەۋىيىسىنىڭ خەلقئارا سەۋىيىدىن، دۇنيا ۋەزىيىتىدىن خېلىلا ئارقىدا قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

13 ـ تۈركىستانلىق ئومۇمىي مۇجاھىدلارنىڭ سېپىدە بىرلىككە كەلگەن، ئىنتايىن مۇستەھكەم، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ھەم خەلقنى ئۇمىدلەندۈرەلەيدىغان كۈچلۈك بىر سىياسىي سېستىما تېخى مەيدانغا چىقمىغان. باشلىق، رەھبەر، سىياسىيون قالپىقىنى كەيگەنلەر بەك كۆپ؛ گەپ، ھۆكۈم كۆپ؛ تۇتقان يول ھەرخىل، ئىش قالايمىقان. بۇ بىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن، ئىشەنچلىك، سەۋىيىسى يۇقىرى مەركىزىي رەھبەرلىك ئورگىنىمىزنىڭ يوقلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

14 ـ تەۋھىد ئىسلاھاتى ئېلىپ باردۇق دېگىنىمىز بىلەن ئىلمىي تەتقىقات قىممىتى ئۈستۈن ماتېرىياللارنى ھازىرغىچە سېستىمىلىق تارقاتمىدۇق. ئىسلام دىنى تۈركىستانغا شۇ سەۋەبتىن ئومۇميۈزلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ سىڭىپ كىرەلمىگەن. بولۇپمۇ شەھەرلەر ۋە ئالىي مەكتەپ، يەن ـ تېخنىكا ئورۇنلىرىدا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق.

بولار بىزنىڭ هازىرقى ئىچكى سىياسىي مۇناسىۋەت ئەھۋالىمىز.

ئەمدى بىز خەلقئارا سىياسىي مۇناسىۋەت ئەھۋالىمىزغا قاراپ باقايلى.

1 ـ چەتئەللەردىكى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان تۈركىستان ھەققىدىكى ھەرساھە ئاخباراتلارنىڭ كۆپى مەقسەتلىك مۇسۇلمان تەشۋىقاتچىلارنىڭ قولىدىن چىقمىغاچقا سۈپىتى تۆۋەن، سانى ئاز، تەسىر قوزغىغىدەك دەرىجىدە ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى ئىسلام دىنىنىڭ ئەسىرىمۇ يوق، نوقۇللا دېموكراتىيە ۋە مىللەتچىلىك مەقسىتىدە مەيدانغا چىققان. شۇڭا خەلقئارادىكى مەنپەئەتلىك نۇرغۇن سىياسىي نوقتىلار، خەلقلەرنىڭ ئېڭىغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ يوق ھېسابتا. نەتىجىدە بىزنىڭ تېخىچە دۇنيا بويىلاپ مۇكەممەل ئاخبارات، تەمىنات، تەتقىقات، ياردەم لىنىيەيمىز شەكىللەنمىگەن. بۇ، ئىشىمىزنى قىيىنلاشتۇرۇپ، يۈكىمىزنى ئېغىرلىتىۋەتكەن. بۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللاردىكى ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتكە ئەينەن دېگۈدەك ئوخشايدۇ.

2 ـ تۈركىستان ئىسلام مۇستەقىللىق ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيتى، دەرىجىسى، كېلەچىكى توغرىسىدا كۆچەپ سىياسىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ؛ دۇنيادىكى قېرىنداش، قانداشلىرىمىز ئارىسىدا ئومۇمىي قوزغۇلۇش، قىزغىنلىق، ئۈمىد پەيدا قىلىش ئارقىلىق؛ بۇ قېتىمقى ئىنقىلابىمىزنى مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام ئىنقىلابلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇشقا خەلقئارا مۇھىت ھازىرلاش كېرەك.

(شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ھازىرقى دۇنيا ختاينىڭ كۆچىيىپ كېتىشىدىن قاتتىق خەۋپتە.)

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى كەملىكلىرىمىز. بەلكىم بۇنىڭغا ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرستىشىمىز مۇمكىن؛ لېكىن شۇ نەرسە ھەقىقەتكى، ھېچقانداق رەھبەر، ھېچقانداق

قەۋم قىينچىلىقىسىز غەلىبە قىلمىغان. ئۇلارنىڭ قىممىتى دەل قىينچىلىق ئىچىدە غەلىبە قىلغانلىقىدا.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىزمەتلەرسىز غەلىبىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز قىيىن، شۇڭا بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى چوقۇم تولۇقلىشىمىز كېرەك.

## ئىككىنچى، سىياسىي نەزەرىيىۋى تەتقىقات ساھەسىدىكى ئەھۋالىمىز

ھەر قانداق بىر ئىنقىلاب خاراكتېرلىك سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئەمەلىي ئەھۋالىغمۇ، ئارزۇغىمۇ ئۇيغۇن بولغان؛ شۇ ئىنقىلابىي گۇرۇھقا خاس بىر مۇكەممەل سىياسىي قېلىپ لاھىيەلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇشى كېرەك. بۇ، سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ئىنقىلابىي سۈپەتكە، غەلىبىگە لايىق دەرىجىگە، پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ ئېڭىغا تەسىر كۆرسەتكۈدەك سىياسىي ۋە پەلسەپىۋى تۈسكە ئىگە بولۇشىنى بىۋاستە بەلگىلەيدۇ.

بىز تۈركىستانىنىڭ ھازىرقى سىياسىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا قاراپ باقىدىغان بولساق بۇنداق ئىجابىي، ئۆزىمىزگە خاس بولغان سىياسىي نەزەرىيىۋى ئېقىم تا ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى ۋە شەكىللەنگىنى يوق. بۇ بىزدە ھازىرمۇ سىياسىي دوراپچىلىق، ئەمەلىي سىياسىي ۋەزىيەتكە ئەگىشىۋېلىش، پاجىئە يۈز بەرگەندىن كېيىن تەدبىر كۆرۈش قاتارلىق خاتا جىھادى رەھبەرلىك ئۇسۇلىنىڭ يۈرگۈزۈلۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئەلبەتتە بىزنى مەغلۇبىيەتكە باشلاپ بارىدۇ.

## ئۈچىنچى، جىھادىمىزغا كېرەكلىك بولغان تەرتىپ ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىلارنى تەييارلاش جەھەتتىكى ئەھۋالىمىز

بۇ ساھە ــ ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىيە، ئاخبارات، تەمىنات قاتارلىق تۈرلەر بويىچە كېرەكلىك ئورگانلارنى مۇكەممەل لاھىيەلەش ۋە قۇرۇش؛ جىھادنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك پۈتكۈل تەرتىپنى

ئىلمىي لاھىيەلەش ۋە جىھاد سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بارلىق كىرىم ـ چىقىم مۆلچەرىنى ئىلمىي ئوتتۇرىغا قويۇش؛ شۇ ئارقىلىق جىھادنىڭ مۇكەممەللىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭغا سەل قاراش جىھادنى يېتەرلىك تەرزدە ياكى ھەقىقىي تەرزدە باشلىيالماسلىقتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق تەقدىرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

بىز ئۆز جىھادىمىزنىڭ ھازىرقى سۈپىتىگە ياخشىلاپ قاراپ باقساقلا، بۇ جەھەتتە ناھايىتى كۆپ يېتىشسىزلىكلەر ئىچىدە تېرىشچانلىق كۆرسىتۋاتقانلىقىمىز ئېنىقلا مەلۇم بولىدۇ.

يۇقىرقى ئۈچ تۈر بويىچە بايان قىلىنغان سۆزلىرىمىزدىن مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، بىزنىڭ ھازىرقى سىياسىي تەييارلىقىمىز يېتەرلىك ئەمەس.

دېمەك ــ بۇ بىزنىڭ ھازىرقى پەيتتە تۈركىستاننىڭ ئىسلامىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارماقچى بولغان جىھادنى باشلىيالمايدىغانلىقىمىزنى، ئەگەر قارا قۇرساقلىق قىلىپ باشلاپ قويساق، ۋاللاھۇئەئلەم، مەغلۇبىيەتنىڭ بىزنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنداق بولسا بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ئارتۇقچىلىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى زادى نېمە؟

سىياسىي مۇناسىۋەت ساھەسىدىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تۈگىتىشنىڭ ئۇسۇلى

1 ـ تۈركىستاننىڭ ئىسلامىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارماقچى بولغان جىھاد توغرىسىدىكى تەرەققىيات مۆلچەرىنى، غەلىبىنىڭ مۇمكىنچىلىكلىرى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنى، مۇھىم مەخپىيەتچىلىكلىرىمىزنى ئاشكارىلاپ تاشلىماسلىققا دىققەت قىلغان ئاساستا پۈتۈن يۇقىرىلارغا ئومۇمىيۈزلۈك تەقدىم قىلىش.

2 ـ خەلقئارادىكى ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى، جىھادلارنىڭ غەلىبە ـ مەغلۇبىيەت تەجرىبىلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ كېلەچەكى توغرىسىدىكى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى سېستىمىلىق قىلىپ پۈتۈن يۇقىرىلارغا تەقدىم قىلىش.

3 ـ يۇقىرقى ئىككى نوقتىغا دۆلەتچىلىكنىڭ نېمىلىكى توغرىسىدىكى ئىلمىي سىياسىي دەرسلىكنى قوشۇپ، مۇجاھىدلار ئىچىدە ئالاھىدە سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش.

4 ـ دىنىي مائارىپنى قانچىلىك قۇربان بېرىشتىن قەتئىي نەزەر ھەرگىزمۇ توختىتىپ قويماسلىق.

5 ـ قابىلىيەتلىك، ئىشەنچلىك، ئېتىراپ قىلىنىدىغان يەر ئاستى سىياسىي خىزمەتچىلەرنى تەرەپ ـ تەرەپكە يوللاپ؛ تۈركىستاندىكى پۈتكۈل ئىسلامىي سىياسىي پائالىيەتچىلەرنى بىر بايراق ئاستىغا يىغىش.

6 ـ مۇكەممەل باشقۇرۇش، باشقۇرۇلۇش سېستىمىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن بەرپا قىلىش.

7 ـ تۈركىستاندىكى ئاممىۋى ئىسلام دىنىي تەشۋىقاتىنىڭ ئاساسىي نىشانىنى ئالىي مەكتەب، كارخانا ـ زاۋۇت، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، شەھەر يۇقىرىلىرى، ئىلمىي تەتقىقات ساھەلىرىگە قارىتىش ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ تەشۋىقاتنى پۈتۈن تۈركىستان بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش.

8 ـ دېموكرات ــ ئىلمانىيلارغا نىسبەتەن « ئەگەشكۈچىلىرىنى قاتتىق تېرىشچانلىق كۆرسىتىپ قوشۇۋېلىش، يېتەكچىلىرىگە سەۋرى قىلىپ مۇۋاپىق ئىتتىپاقلىشىش» كۆز قارىشىدا مۇئامىلە قىلىش.

9 ـ ئىسلامىي دۆلەتچىلىك سىياستىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ۋەزىيەت ئېتىبارى بىلەن يوشۇرغىنىمىزدىن تاشقىرى؛ قالغىنىنى پۈتۈن يۇقىرىلارغا ياخشى ئومۇملاشتۇرۇش.

10 ـ تۈركىستاندىكى غەيرى تۈرك مىللەتلىرىگە قابىلىيىتى ئۇنىۋېرسال كىشىلەرنى ھازىردىن باشلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش ( ياكى تېپىپ چىقىش ۋە ياكى ئەۋەتىش ).

11 ـ چوقۇم ئۆزىمىزگە خاس زامانىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى بەرپا قىلىپ؛ يېڭى بىلىم، يېڭى ئۇچۇر، يېڭى بۇيرۇق ـ تەكلىپلەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى، تارقىلىش ۋاقتى ۋە سۈپىتىگە، ئىناۋىتىگە كاپالەتلىك قىلىش.

12 ـ رەھبەرلىك سىستېمىسىنىڭ يىغىنچاق، مۇستەھكەم، قابىل بولۇشىغا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش. ئىشخانىدا ئولتۇرغۇزۇلىدىغانلارنى ھەرگىز كۆپەيتمەسلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىش.

13 ـ پۈتۈن يەر شارىغا تارقالغان مۇكەممەل ئاخبارات ـ تەشۋىقات سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئۇچۇر ئىگەللەپ، ئۇچۇر تارقىتىپ، ياردەم قوبۇل قىلىش؛ ياكى شۇنداق نوقتىلارنى تېپىپ جىھادىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەتتىن خەۋەرسىز يەڭ ئىچىدە بىلگىنىمىزنى قىلىپ مەغلۇپ

بولۇدىغان تارىخىي سەھۋەنلىكنى سادىر قىلماسلىق، خەلقئارالىق سىياسىي ماسلىششچانلىقنى ئاشۇرۇش.

14 ـ سىياسىي بۆلگۈنچى ئېقىملار ئىچىگە كىيىنكى سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن سىڭىپ كىرىشنى باشلاش.

سىياسىي نەزەرىيۋى تەتقىقات ساھەسىدىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تۈگىتىشنىڭ ئۇسۇلى

رەھبەرلىك سىستېمىسىدىكى كىشىلەر ئاساس، باشقىلار قوشۇمچە بولغان ئاساستا، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن ئىجابىي يەكۈنلەش، ئىجاد قىلىش ئېلىپ بېرىپ؛ ئەمەلىي سىياسىي پائالىيىتىمىز جەريانىدا زۆرۈر ئۆزگەرتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈشلەرنى قىلىپ؛ ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق ۋە يېتەرلىك بىر سىياسىي ئەندىزىنى لاھىيەلەپ چىقىش.

جىهادىمىزغا كېرەكلىك تەرتىپ ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىلارنى تـەييارلاش ساھەسىدىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تۈگىتىشنىڭ ئۇسۇلى

بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ، لازىملىق ئادەملەرنى تېپىپ، تېزدىن قول سېلىپ ئىشلەش.

يۇقىرىقى خىزمەتلەرنى ئىشلەش جەريانىدا تۈركىستاننىڭ، دۇنيانىڭ ۋە بەزى خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەمەلىي ئەھۋالىدىكى ھەر بىر ئۆزگىرىشكە ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىشىمىز ھەمدە ئۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز؛ شۇ ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتىكى ئەمەلىي بىلىم، ئەمەلىي پائالىيەتتە يۈكسەك ئىلغارلىقنى ساقلاپ، سىياسىي تەييارلىقتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم ياخشى ئورۇنلىشىمىز كېرەك. بۇ مۇشۇ نۆۋەتلىك تۈركىستان جىھادىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشىدىكى مۇھىم ئالدىنقى شەرتلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز ئەمدى سىياسىي تەييارلىقنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغان سىياسىي كۈرەش مەسىلىسى ئۈستىدە توختۇلۇپ ئۆتەيلى.

سىياسىي كۈرەش دېگىنىمىز ـ دۈشمەن ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر تەرەپلىمە قورالسىز ئېلىشىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ ــ جىھادنى باشلاشتىن بۇرۇن، سىياسىي تەييارلىقنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىدۇ. جىھاد باشلانغاندىن كېيىن سىياسىي تەييارلىقتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بىرساھە بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

جىھادنىڭ سىياسىي تەييارلىقى تا غەلىبىگىچە داۋاملاشقانغا ئوخشاش بۇمۇ تا غەلىبىگىچە داۋاملىشىدۇ ئەمما ئۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى شۇكى، سىياسىي تەييارلىقنىڭ مەقسىدى ـــ ئۆزىمىزنى كۈچەيتىش، سىياسىي كۈرەشنىڭ مەقسىدى ــ دۈشمەننى يېڭىش.

سىياسىي كۈرەش ــ چىقىمى ئاز، لېكىن نەتىجىسى كۆپ بولغان بىر خىل جىھاد. ئۇ قوراللىق ئېلىشىشنىڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشىشگە ۋە ئۇ

نەتىجلەرنىڭ مۇقىملىششىغا ناھايىتى زور ياردەملەرنى بېرىدۇ ـــ قورالىلىق كۈرەشنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، ئىشنى ئازايتىپ، ياردەمنى كۆپەيتىپ، دۈشمەننى مەغلۇبىيەتكە قىستايدۇ.

لېكىن ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇش ـ بولماسلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ زۆرۈر شەرتى ـ ئۇنىڭ يېتەرلىك زورلۇق كۈچكە تايانغان ـ تايانمىغانلىقىدا. ئەگەر زورلۇق كۈچتىن خالىي بولغان سىياسىي كۈرەش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەنمىز، بىزنىڭ سىياسىي كۈرىشىمىز ئەھمىيەتسىز ۋە قىممەتسىز سىياسىي داۋا ھەم سىياسىي داۋراڭغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا خۇددى خەلقئارادىكى بىر تۈركۈم سىياسىي قەلەندەرلەرگە ئوخشاش، مۇستەقىللىق تىلەمچىلىرىگە ئايلىنىپ قالىمىز. شۇڭا زورلۇق كۈچىمىز قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك دەرىجىدىكى سىياسىي كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك.

بۇ ھەقتە بىز الله سۇبھانە ۋەتەئالانىڭ سۈرە ئەنفالدىكى: ﴿دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر..﴾* دېگەن كۆرسەتمىسىنى قەتئىي ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

سىياسىي كۈرەشكە مۇناسىۋەتلىك بىلىم ـ چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندە بىز بۇساھەگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

مەسىلەن ــ رەھبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ جەڭ ئارقىلىق ئازات قىلغان زېمىنىدىن سىياسىي كۈرەش ئارقىلىق

---

* 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئازات قىلغان زېمىنى كۆپ بولدى، قورال ئارقىلىق يەڭگەن دۈشمەنلىرىگە قارىغاندا سىياسىي كۈرەش ئارقىلىق يەڭگەن دۈشمەنلىرى كۆپ بولدى. بۇلارنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخنى ئەتراپلىق ئۆگەنگەن ھەر بىر مۇئمىن ئەلبەتتە ياخشى بىلىدۇ.

يەنە، كوممۇنىستلارنىڭ باشلامچىسى بولغان لېنىن، ستالىنلار(63) 20 ـ، 30 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنى« باسمىچىلارغا قارشى تۇرۇش» شوئارى ئاستىدا قوزغاپ، باتۇر مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزغا قارشى ئۆزى ئۈچۈن ئاجايىپ كاتتا خىزمەتلەرنى قىلدۇرۇپ، نۇرغۇن زېمىننى ئىگەللەپ ئالدى.

ماۋزېدۇڭ ھەم ئۆز ئىنقىلابى جەريانىدا سىياسىي كۈرەشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتقاچ، گومىنداڭنىڭ 500 مىڭدىن كۆپ ئەسكىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، بېيجىڭ قاتارلىق خېلى كۆپلىگەن جايلار جەڭسىزلا قولغا كىرگۈزۈلۈپ بولۇندى.

ماۋ زېمىن، چىن تىيەنخۇ، لىن جىلۇ(64) قاتارلىق ئۈچ كومۇنىست خىتاي 40 ـ يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا ئىككى يىلدىن سەل كۆپرەك سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى. نەتىجىدە ئادەمنى نومۇس قىلدۇرغىدەك نۇرغۇن شەرمەندىچىلىكلەر مەيدانغا چىقتى. يەنى ــ خەلقىمىز ئارىسىدا ماۋنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ « ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزايلى! » دەپ نامايىش قىلدىغانلار، شېئىر يازىدىغانلار، مال ـ مۈلۈك ئىئانە قىلىدىغانلار تېزلا مەيدانغا كەلدى ۋە زورايدى ( مەسىلەن: ل. مۇتەللىپ(65) ئەنە شۇ دولقۇننىڭ مەھسۇلاتى ئىدى ).

60 ـ، 70 ـ يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان زور دەرىجىدىكى قىرغىنچىلىق ۋە يوقۇتۇش، ماۋ رەھبەرلىكىدىكى قانخور كومۇنىست خىتايلارنىڭ سىياسىي كۈرىشىنىڭ تىپىك مەھسۇلاتى

بولغان بىر تۈركۈم ماڭقۇرتلارنىڭ قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن بەك تېز ئورۇنلاندى.

يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ زېمىنىنى بىكارلايدىغان قىرغىنچىلىق سىياستى بولغان پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى، خىتايلارنىڭ سىستىمىلىق سىياسىي كۆرىشى نەتىجىسىدە خەلق ئارىسىدا كاللىدىن ئۆتكەن ھالدا ئومۇملىشىشقا باشلىدى.

2001 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن باشلاپ دۇنيا كاپىرلىرى« تېررورچىلار ئىسلام دىنىغا تەئەللۇق ئەمەس» دەپ كاپىلداپ، مۇجاھىدلارنى خەلق ئاممىسىدىن ئايرىپ تاشلاش ئارقىلىق يوقىتىشقا قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

شۇڭلاشقا بۇ نۆۋەتلىك تۈركىستان جىھادىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، پۈتكۈل جىھادنىڭ سىياسىي تەييارلىقىغا ( بولۇپمۇ جىھادتىن بۇرۇنقى سىياسىي تەييارلىققا ) ۋە جىھاد جەريانىدىكى ئۆز لايىقىدىكى سىياسىي كۆرەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، بۇ جەھەتتىكى تارىخىي سىياسىي كەمچىلىكلىرىمىزگە مەڭگۈلۈك خاتىمە بېرىشىمىز كېرەك.

بولۇپمۇ خەلقنى قوزغاپ بولۇپ تەربىيەلەيدىغان خاتا سىياسىي ئۇسۇلنى تاشلاپ، تەربىيەلەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تەشكىللەپ قوزغۇتۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم. شۇ نەرسىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىمكى، دۈشمەنلىرىمىز ئۆز تارىخىدا ئەڭ كۈچەيگەن باسقۇچقا كىردى.

## خاتىمە

ئىنشائاللاھ، تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق جىھادىنىڭ غەلىبىسى دۇنيانىڭ مۇستەبىت سىياسىتىگە تۈگىتىش خاراكتېرلىك زەربە بېرىدۇ. مۇسۇلمان تۈرك مىللەتلەر بىرلىكىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ياۋروئاسىيا قىتئەسىدە قۇدرەتلىك بىر ئىسلامىي كۈچ بولۇپ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ خەلقئارا مۇنبەردىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى يەھۇدىي - ناسارالارغا كۈچلۈك تۇسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم كۈچىمىزنى سەللا ئاشۇرۇپ يۈكىمىزنى يەڭگىللىتىدىغان بارلىق لىنيەلەرنى ھەرگىز قولدىن بەرمەي قەتئىي ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك تېرىشچانلىق كۆرسەتمىسەك بولمايدۇ. ئەلبەتتە سىياسىي تەييارلىق ۋە سىياسىي كۈرەش بىزنىڭ غەلبە - مەغلۇبىيىتىمىزگە تاقىلىپ بارىدىغان مەركىزىي مەسىلە. شۇڭا ئۇنىڭغا بۇنىڭسىزمۇ ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك بولىدۇ.

## 9 ـ باب. ئۆزىمىزگە خاس بولغان ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى ۋە ئەسكىرىي ئىستراتېگىيە نەزەرىيىلىرىنى يەكۈنلەپ چىقىش ــ ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تۈپ تەلىپى

تۈركىستانلىقلار ئۆز تارىخىدا ئاجايىپ ھەيران قالغۇدەك ھەربىي مۇۋاپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بىر قەۋم. مەسىلەن: قاراخانىيلارخانلىقىدىن تاكى ئوسمانىيلار خىلاپىتىگىچە بولغان ئىسلامىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان مۇۋاپپەقىيەتلىك جىھادلار؛ جاھىلىيەتتىكى تۇران ۋە تۈركلەرنىڭ ئارىيان ۋە خىتايلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان نەچچە يۈز يىللىق مۇۋاپپەقىيەتلىك جەڭلىرى بۇنىڭ ئۆلگىلىك مىسالى.

لېكىن شۇنچە نۇرغۇن ھەم ئاجايىپ ھەربىي تاكتىكا ـ تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان بىز تۈركىستانلىقلارنىڭ شۇ ئاساستا يەكۈنلەنگەن ئىلمىي، سىستېمىلىق ھېچقانداق بىرەر ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسىنىڭ ۋە جەڭ تاكتىكىلىرىنىڭ بولماسلىقى بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق، بەكمۇ ئېچىنارلىق ئىش. ئەگەر بۇ ساھەدە تۇتامغا چىققۇدەك بىرەر ئەمگەك قىلىنغان بولسا ئىدى ــ ئىنشاالله، بىز ھەم ھازىرقى ۋاقىتتا ئۆزىمىزگە خاس بولغان بىرتۈركۈم ھەربىي غەلىبىلەرنىڭ ئىگىسى بولار ئىدۇق. چۈنكى ئۆزىمىزگە خاس بولغان ئۇرۇش تاكتىكا ـ نەزەرىيىلىرى ھەر قانداق مىللەت ـ قەۋمنىڭكىدىن كۈچلۈك ۋە ئۈستۈن.

سەۋەبى، بىرىنچىدىن ــ ئۇ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا ئەڭ ئۇيغۇن ۋە بىزگە ئەڭ چۈشىنىشلىك. ئىككىنچىدىن ــ باشقىلارنىڭ تەسەۋۋۇر ـ تەتقىقاتى، نەچچە يۈز يىللار مابەينىدىكى قانلىق ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە شەكىللىنىپ مۇكەممەللەشكەن ئۇ جەڭ تاكتىكىلىرىغا ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ.

1993ــ يىلــى چېچىنىيــەدە جىھــاد باشــلانغان ۋاقىتتــا رۇســلار، چېچەنلــەرنىڭ ئۆزىگــە نىســبەتەن ھەرتــەرەپتىن كىچىــك بىــر قارشــىلىق كۆرسىتەلىشى كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ رۇسلارنىڭ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگــەن ۋە رۇســلارنىڭ ئارمىيىســىدە خىزمــەت قىلغــانلىقىنى، پۈتــۈن ئۇنىۋېرسال ئەھۋالىنىڭ ئۆزىگە تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، « بۇ تۇپىلاڭنى بىــر كېچــە ـ كۈنــدۈزدىلا بىــر تــەرەپ قىلىــۋېتىمىز » دەپ داۋراڭ سېلىشــقان ئىــدى. ھــالبۇكى ئىــش دەل ئۇنىڭ ئەكســىنچە ئاخىرلىشــىپ، چېچىنىيلىكلەر غەلىبە بايرىقىنى دۇنيا ئاسمىنىــدا جــەۋلان قىلــدۇردى. كېيىن موسكۇۋادىكى ھەربىي ئەمەلدارلار شۇ نەرسىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىكى، چېچەن مۇجاھىدلىرى ئۇلار بىلمەيدىغان ۋە چۈشــىنەلمەيدىغان قارشــىلىق ۋە جەڭ تاكتىكىلىرى بويىچە ئۇرۇش قىلغان ئىدى.

بىزمــۇ يۇقىــرىدا ئېيتىــپ ئۆتكــەن تــارىخىي جــەڭ غــەلىبىلىرىنى ئەلبەتتــە ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى جەڭ تاكتىكىلىرىغا ئىنتــايىن جــەڭگىۋار بولغــان ھەربىي كۈچىمىزنى ماسلاشتۇرۇش يولى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن. بىــراق بىزنىڭ خىتاي، رۇس ياكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشــمايدىغان بىــر يېرىمىــز، بىر قېتىملىق جەڭدە بىر قوماندان ئىجاد قىلىپ قوللانغان جــەڭ تــاكتىكىلىرى يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلــەن تاشــلىنىپ قالغــان. كېيىنكىلــەر بولســا ئېھتىيــاجلىق بولغاندا ئۆزىگە يارىشا جەڭ ئۇسۇللىرىنى كەشىپ قىلغــانۇ، ئۇمــۇ يىللارنىــڭ ئۆتىشــى بىلــەن تاشــلىنىپ قالغــان. ھېچكىــم بــۇ جەھەتتــە ئەجــدادى يــاكى سەبداشــلىرىدىن سېســتىمىلىق بىــر نەرســە قــوبۇل قىلمىغــان، قــوبۇل قىلغــان تەقدىردىمۇ سانى ئاز، دەۋرىيلىكى يوق دېيەرلىك بولغان.

يۈســۈپ خــاس ھــاجىپنىڭ پەقــەت ئــەينى دەۋرنىــڭ ھــەربىي ئىشــلار ئــەھۋالىنى ھېــس قىلىــپ بىلىۋېلىشــىمىزغا يــاردەم بېرىــدىغان، ئــەۋلاتلارغا قارىغاندا ئەجداتلارغا پايدىلىقراق بولغا ئازغىنە بىر تۈركۈم بايانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغانــدا، ئۇنىڭــدىن باشــقا ھېچقانــداق بىــر تــۈرك تىللىــق پــەرزەنت ئــۆز

ئەجــدادىنىڭ هــەربىي تــەدبىرلىرىنى پــەن ســۈپىتىدە تــەتقىق قىلمىغــان، مۇكەممەلەشتۈرمىگەن ياكى ھېچبولمىسا تەپسىلىي قىلىپ بولســمۇ خاتىرىلەپ قالدۇرمىغان. قەلەم بىلەن چىقىشالمايدىغان ئۇدۇم، نۇرغۇن نەرسىلەر قاتـارى ھەربىي ئىشلار ساھەسىدىكى گۆھەردەك بىلىملىرىمىزنىڭـمۇ ئەنـە شـۇنداق ئاساسەن يوقۇلۇپ كېتىشكە سەۋەبچى بولغان.

يېڭىدىن ئىجاد قىلىپ ئىشلىتىش ياخشى، بىراق:

1 ـ ئـۇ ئىجـاد قىلغىنىمــىز ھەرقانچــە مۇكەممــەل ۋە ئىلمــىي بــولۇپ كەتسۇن، بەربىر نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدا نۇرغۇن سـىناقلاردىن ئۆتـۈپ مۇكەممەللىشــىپ، مۇقىملىشــىپ قالغــان ھــەربىي بىلىملــەرنىڭ، جــەڭ تاكتىكىلىرىنىڭ تەڭدىشى بولالمايدۇ.

2 ـ ئۇرۇش قىلغاندا ئەسكىرى تـەدبىرنىڭ تۆۋەنلىكى ئـاخىرى بېرىــپ نۇرغۇن كۈچنى خورىتىپ، ئورۇنســىز مەغلۇبىيـەتنى كەلتـۈرۈپ چىقىرىـدۇ. بىر ئادەمنى بولسىمۇ ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىش، بىر قېتىم بولســمۇ كۆپرەك غەلىبە قىلىش، بىر مىنۇت بولسىمۇ جەڭنى بۇرۇن ئاخىرلاشـتۇرۇش كېرەك. بۇ ھەر قانداق بىر ئۇرۇشتىكى ئەقەللى تەلەپ.

ئـۇنىڭ ئۈستىگــە «ئۇرۇشــنىڭ بىرســى جــەڭ، تـوققۇزى رەڭ». بـۇ ئەلبەتتە نۇرغۇن ھەربىي قابىلىيەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇنـداق قابىلىيەتنى بىردەۋردىلا ياكى بىر نەچچە قوماندانىنىڭ باش قاتتۇرۇشى بىلـەنلا شەكىللەندۈرگىلى بولمايدۇ.

3 ـ بىز ئىلىشماقچى بولغان خىتاي ۋە رۇس قاتارلىق مىللەتلەر دۇنياغا مەشھۇر گېنېراللارنى ھەيران قالدۇرغان ئىنتايىن مۇكەممەل ئـۇرۇش تەجرىبـە ـ تاكتىكىسىغا ئىگە. يەنى ــ «سـۈنزىنىڭ ھـەربىي ئىشـلار تـەدبىرى»، «36 تەدبىر»، «غەلبە قىلىش ئىلمى» ۋە باشقا بىر تۈركۈم ھەربىي بىلىملەر دۇنيـا ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە چاقناپ تۇرۇپتۇ.

4 ـ بېشىنى ئېچىگە تىقىۋېلىپ جەڭ قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈپ يۇرت ئىگەللەشكە ئىنتىلىش، تۈركىستاننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قىلچىلىك ماس كەلمەيدىغان قارىغۇلۇق. تۈركىستاندىكى جىھاد ئەزەلدىن تا ھازىرغىچە، ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ ھەربىي، سىياسىي تاكتىكا ئىنقىلابى بولۇدۇ، خالاس.

ئۇنداق بولسا ھازىر بىز بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالىمىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ پەقەت بىرلا يول ــ دۇنيا ئىسلام تارىخىدىكى ھەربىي تاكتىكا ـ تەجرىبىلەرنى يېتەكچى؛ ئۆز مىللىي تارىخىمىزدىكى ھەربىي تاكتىكا ـ تەجرىبىلەرنى ئاساس؛ ئاساسلىق دۈشمەنلەرنىڭ ھەربىي تاكتىكا ـ تەجرىبىلىرىنى، بىزنىڭ ھەربىي تاكتىكا ـ تەجرىبىلىرىمىزنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى ۋە شەكلىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان، سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرىدىغان قارشى مۇداپىيە لىنىيسى؛ باشقا پۈتكۈل مىللەتلەرنىڭ ھەربىي تاكتىكا ـ تەجرىبىلىرىنى تولۇقلىغۇچى قىلىپ؛ ئۆزىمىزگە خاس بولغان سېستىملىق ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى يەكۈنلەپ چىقىپ، ھەربىي رىقابەتتە ئۇتۇپ چىققۇدەك دەرىجىدە ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

خوش، بىز تۆۋەندە يۇقىرقى تۆت تۈرلۈك قوبۇل قىلىش ساھەيىمىزنى كۆزىتىپ باقايلى.

## 1 ـ خەلقئارا ئىسلام تارىخىدا شەكىللەنگەن ھەربىي تاكتىكا ـ تەجرىبىلەر

مۇسۇلمانلارنىڭ بىر تۈركۈم ھەربىي تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئالدىنقى بابلاردا مۇۋاپىق قىستۇرما قىلىپ بايان قىلغان ئىدىم. بۇ يەردە مەخسۇس ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك، ئىلگىرى سۆزلەنمىگەن بىر تۈركۈم تاكتىكا ـ تەجرىبىلەرنى الله قادىر قىلغانچە قىسقىچە تونۇشتۇرماقچىمەن.

پەيغەمبەرلەردىن ھەربىي ساھەدە ئومۇميۈزلۈك ئۈزۈپ غەلىبە قىلغۇچى پەيغەمبىرىمىز بولغاچ، شۇ زاتنىڭ تاكتىكا ـ تەجرىبىلىرىنى گەپنىڭ باشلانمىسى قىلماقچىمەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك سۈپىتى بىلەن باشقىلارنى ۋەيران قىلىدىغان سۈيقەستلىك ئۇرۇش تاكتىكىلىرىدىن كۆرە، باتۇرانە سىياسىي كۆرەشنى دۇرۇس كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز تارىخىدا ئادەمنى سۆيۈندۈرگىدەك ئۆزى ئاددىي، ئۈچۈق ـ يورۇق، مەردانە ئۇرۇش تاكتىكا ـ تەجرىبىلىرىنى بىزگە سۈننەت قىلىپ قالدۇرۇپ كەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ الله نىڭ رەھمەت ـ سالىمى ئۇ زاتقا چۈشۈپ تۇرسۇن، ئامىين!

1> ئاددىي ھەرىكەتلەر بىلەن مەغلۇبىيەتنى سىياسىي غەلىبىگە ئايلاندۇرۇش

مەسىلەن: ئۇھۇد غازىتى(66) ئەسلى مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان ئىدى. بىراق رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كېلىپلا كەينىگە يېنىپ كاپىرلار تامانىغا ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەردى. ئەسلى، « مۇسۇلمانلار بەك ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى، ئەمدى بېشىنى كۆتىرەلمەيدۇ » دەپ ئويلاشقان كاپىرلار؛ بۇ يۈرۈشتىن قاتتىق چۆچىشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ سۇنماس روھى، كۈچ ـ قۇدرىتى، غەزەب ـ نەپرەت ۋە غەيرەت ـ جاسارىتى ـ ئەرەب يېرىم ئارىلىنى زىل ـ زىلىگە سالدى. رەسۇلاللاھ نىڭ كۈچلۈك ئەقىل ـ پاراستى قانلىق نومۇسنى ئەنە شۇنداق شانلىق زەپەرگە ئايلاندۇردى.

دېمەك، ئەگەر بىزنىڭ جىھادىمىزدا مانا شۇنىڭدەك مەغلۇبىيەتلەر يۈز بەرگەندە، ھەر ـ قانداق بىر قوماندان ئۆز ئەھۋالىنى قاتتىق تەتقىق قىلىپ، رەسۇلۇللاھ كەبى ئاددىي ئەمما مۇۋاپىق چارىلەر بىلەن بۇنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ئۇ ۋاقىتتا مەغلۇبىيەت قولغا كەلگەن سىياسىي غەلىبىنىڭ ئالدىدا كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

2> دۈشمەننىڭ ئىتتىپاقىنى پارچىلاپ، كېيىن بىر۔ بىرلەپ مەغلۇپ قىلىش

مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ باشتىلا ئېرىشكەن كىچىك سىياسىي، ھەربىي غەلىبىسى ۋە ئىشلەتكەن سىياسىي ۋە ھەربىي خاراكتېردىكى ھەر تەرەپلىمە تاكتىكىلىرى ئەينى دەۋردىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئازغۇنلارنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىشىنى يوقىتا چىقارغان بولسا؛ مەشھۇر «ھۇدەيبىيە سۇلھىسى»(67) ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىغا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بەردى. بۇ تارىخىي پۇرسەت رەسۇلۇللاھ نىڭ كاپىر، مۇناپىق ۋە يەھۇدىيلاردىن ئىبارەت ئۈچ ئەكسىيەتچى گۇرۇھنى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىشىغا كەڭ ـ كەڭرى شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

دېمەك، بىرىنچىدىن ـ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن كېلىدىغان بالايى ـ ئاپەت خەۋپى، بۇ دۇنيا ئۈچۈنلا ياشايدىغان غەيرى مۇسۇلمان تائىپىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى يوقىتا چىقىرىدۇ. ئىككىنچىدىن ـ باشتىلا غەلىبە قىلىدىغانلىقىمىزنى دۇنيا خەلقىگە تونۇتۇپ قويۇش غەيرى مۇسۇلمان تائىپىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى يوقىتا چىقىرىدۇ. ئۈچىنچىدىن ـ ھەر تەرەپلىمە مەنپەئەتلىك توختام غەيرى مۇسۇلمان تائىپىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى يوقىتا چىقىرىدۇ. تۆتىنچىدىن ـ ھەرخىل ئاشكارە ـ يوشۇرۇن ھەربىي، سىياسىي قىسىش ـ تازىلاش خاراكتېردىكى تاكتىكىلار ھەم غەيرى مۇسۇلمان تائىپىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى يوقىتا چىقىرىدۇ.

3> تېنچلىق بىلەن غەلىبىگە ئېرىشىشنى ھەر دائىم ئەستىن چىقارماسلىق

مەسلەن: بىر نەچچە يىل بۇرۇن سىياسىي ۋە ھەربىي ئايغاقچىلارنى كىرگۈزۈش، مۇسۇلمانلارنىڭ قىپچىپ كېلىشىنى چەكلەش، قۇرەيشلەر بىلەن باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، ھەربىي جەھەتتىن تەھدىت شەكىللەندۈرۈش، پەيت تاللاپ سىقىش قاتارلىق ۋاستىلار بىلەن؛ اللە نىڭ ياردىمى ئاستىدا مەككىنى رەسۇلۇللاھ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلدى(68) ھەمدە ئۇندىن باشقا نۇرغۇن قەبىلە ۋە قەبىلە ئەزالىرىنىڭ تىنچ بويسۇنۇشىنى قولغا كەلتۈردى.

شۇ بىر نەرسە ئادەمنى قاتتىق ھەيران قالدۇرۇدىكى، مەدىنىنى پايتەخت قىلغان ئەينى دەۋردىكى كاتتا بىر ئىسلامىي دۆلەتنى رەسۇلۇللاھ پەقەت بىرنەچچە مىڭ ئەتراپىدىكى ھەرخىل ئېتىقادلىق ئىنسانلارنىڭ شەھىد بولۇش ۋە ئۆلۈشى بىلەن قۇرۇپ چىقتى. بۇ ئەلبەتتە ئىنسانىيەت تارىخىدا ھېچقاچان يۈز بەرمىگەن ۋە يۈز بەرمەيدىغان بىر سىياسىي قابىلىيەتنىڭ نامايەندىسى؛ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش، تىنچلىق بىلەن ھاكىمىيەتنى تىكلەشتىكى مەڭگۈ جەۋلان قىلىپ تۇرۇدىغان ئۆلگە ئىدى، ئىنشاالله.

دېمەك، قان تۆكۈش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئەمەس، مەقسەت غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش. ئەڭ لەززەتلىك غەلىبە ـ تىنچلىق بىلەن قولغا كەلگەن غەلىبە. بىز بۇنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماي، ھەرخىل لاھىيەلەرنى تۈزۈپ، تىنچ ئازاد قىلىشقا مۇمكىن بولىدىغان كىچىككىنە مەھەللە ـ قىشلاق چاغلىق ئورۇن بولۇدىكەن ئۇنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشىمىز كېرەك.

بىز بۇ جەرياندا رەسۇلۇللاھ نىڭ كاپىرلارنىڭ ئىقتىسادىي، يېزائىگىلىك، يېمەك ـ ئىچمەك بازىلىرىنى ۋەيران قىلىش ئۇسۇلىنى ئەڭ كۆپ قوللانغانلىقىغا، تىنچ ئازاد قىلىشنىڭ ماھىيەتتە ناھايىتى زور بىر خىل ھەربىي دىپلوماتىيە تاكتىكىسى ئىكەنلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك.

## 4 > سىياسىي جۇغراپىيەدىن ۋە دۇنيانىڭ سىياسىي يۆزلىنىشىدىن ئومۇمىيۈزلۈك خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش

مەسىلەن: ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ كىملىكى، ئارتۇقچىلىقى، كەمچىلىكى، ئېتىقادى، كۈچى، جايلىشىش ئەھۋالى ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ھەرتەرەپلىمە تەسىرى، ئۇلارنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى، سىياسىي يۆزلىنىشى قاتارلىقلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەپسىلىي بىلىپ تۇردى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرنىڭ ئاھ ــ ۋاھ دەپ قالغۇدەك قىرغىن قىلىشىغا، سۇيىقەست قىلىشىغا ۋە ياكى مەغلۇپ قىلىشىغا ئۇچرىمىدى. چۈنكى مۇداپىيە تەدبىرى ئالدىنئالا ئېنىق، مۇكەممەل، تۈزۈپ بولۇنغان ئىدى.

دېمەك، غەلىبىنى مۇستەھكەم ساقلاپ، مەغلۇبىيەتتىن ۋە زىيانكەشلىكتىن ساقلىنىپ، كۈنسېرى ئالغا بېسىشنىڭ بىردىن ـ بىر زۆرۈر شەرتى ــ دۇنيانىڭ سىياسىي جۇغراپىيىسى ۋە سىياسىي يۆزلىنىشىدىن ئومۇمىيۈزلۈك خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش. شۇڭلاشقا جىھادىمىز جەريانىدا رەھبەرلىرىمىز بۇ خۇسۇستا ناھايىتى ئىنتىلىشچان بولۇشى، لاھىيە تۈزۈپ ئىلمىي بىلىمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

## 5 > نامى مەشھۇر مەمنەپچىلەرنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىپ، باشقىلىرىنى قورقۇتۇش يولى بىلەن كاپىرلارنى سۇلھىگە قىستاش، لېكىن ئۆزى قەتئىي سۇلھىگە ئالدىرىماسلىق

مەسىلەن: قۇرەيشلەرنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، يۇتۇن ئەرەب ۋە غەيرى ئەرەب قەبىلىلىرىنى مۇسۇلمانلاردىن قورقىدىغان قىلىۋېتىپ، ئەڭ مۇۋاپىق پەيتتە الله نىڭ بۇيرىقى بىلەن ھۇدەيبىيەدە كاپىرلارنى سۇلھىگە قىستاش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ مەشھۇر قوماندان ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك سىياسىي دەلىل.

ئاشكارا دەۋەت مەزگىللىرىدەك سىياسىي ئورنى شۇنچە خەتەرلىك ھالەتتىمۇ كاپىرلار بىلەن سۇلھى قىلىشقا قەتئىي ئالدىرىمىغانلىقى ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر دانا ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىل.

ئاجىز ۋاقىتتا كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن سۇلھى قىلساڭ يېپىلىپ كېتىسەن، كۈچلۈك ۋاقىتتا ئاجىز دۈشمەن بىلەن سۇلھى قىلساڭ يەپ كېتىسەن. دۈشمىنىڭ بىلەن تەڭ كۈچلۈك ۋاقىتتا سۇلھى قىلساڭ ئۇزۇن مۇددەت تېرىكىشىپ قالىسەن.

شۇڭا سۇلھىنى، باشتا ئۆلۈم لەيلەپ تۇرسىمۇ پەيتى كەلمىگەن بولسا تۈزمەسلىك، مۇۋاپىق پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك، ئەھمىيەتسىز بولسا ئېتىبار بەرمەسلىك كېرەك. بۇنىڭغا جىھادىمىز جەريانىدا رەھبەرلىرىمىز چوقۇم ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى لازىم.

**6 > سىياسىي قابىلىيىتى ئۈستۈن كىشىلەرنى قوماندان قىلىش**

مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدىكى جىھادلارنى تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولساق، نۇرغۇن جەڭلەرگە باتۇرلار ياكى نامى مەشھۇر مۇسۇلمانلار ئەمەس؛ دەل شۇ ۋاقىتقا نىسبەتەن سىياسىي قابىلىيىتى ئۈستۈن كىشىلەرنىڭ قوماندان بولغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

دېمەك، سىياسىينىڭ ئەڭ جانلىق ۋە ئەڭ مۇرەككەپ قىسمى ھېسابلىنىدىغان جەڭگە، سىياسىي ساھەدە قابىلىيەتلىك كىشىلەر رەھبەرلىك قىلمىسا غەلىبە نىشانىغا يەتكىلى بولمايدۇ، كەسىپ ــ كەسىپ ئەھلىگە مۇھتاج.

**7> كەيپىياتى ئوتتۇراھال كىشىلەرنى قوماندان قىلىش**

مەسىلەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەبى قاتتىق قول كىشىلەرنىڭمۇ، ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەبى رەھىمدىل كىشىلەرنىڭمۇ پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن قوماندان قىلىپ سايلانماسلىقى بۇنىڭ دەلىلى.

دېمەك جەڭ، ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈش مەسلىسىلا ئەمەس، ياكى ئۇنىڭ ئەكسىنچە رەھىم ـ شەپقەت بىلەن باشقىلارنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئـەدەب ـ ئەخلاق مەيدانىلا ئەمەس. ئـۇ نېمـە قىلسـاڭ قىلـپ «بىشـى بـارلارنى بـاش ئەگدۈرىدىغان، پۇتى بارلارنى تىزلاندۇرىدىغان»، قىساسىمۇ ئالىدىغان، قايىلمۇ قىلـدىغان، ئـادەمنى سۆيىندۈرىدىغان غـەزەپ ـ نـەپرەت سـورىنى. ئـۇ ـــ تەمكىن، كەلگۈسى مەنپەئەتنى ھەممىدىن ياخشى چۈشـىنىدىغان ۋە ھەممـىدىن ئۈستۈن كۆرىـدىغان، دىپلوماتىيىگـمۇ ئۇبـدان ئېتبـار بېرىـدىغان، سىياسـەتتە ئۇتتـۇرۇپ دۈشمىنىنـى يـوق قىلـپ تاشـلاش پۇرسـتىنى قولـدىن بېرىپمـۇ قويمايدىغان، ئوتتۇرا تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ باش بولۇشىغا مۇھتاج.

## 8 > ئىز باسار قوماندان سايلاپ مەغلۇبىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش

مەسىلەن: رۇم ئەسكەرلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي يۈرۈشتە ئۈچ قوماندان تـەرتىپ بىلـەن بىـر ـ بىرىگـە ئىزباسـار بولغـان ھالـدا سـايلاپ قويۇلـدى.(69) ئـۇلارنىڭ ھەممىسـى شـەھىد بـولۇپ كەتكەنـدىن كېـيىن، ساھابىلار خالىد ئىبنى ۋەلىدنى باش قوماندان قىلىپ سـايلاپ غەلىبـە قىلـدى. ئەگەر رەسۇلۇللاھ بىرلا قوماندان بىلـەن بـۇ قوشـۇننى يولغـا سـالغان بولسـا، كېيىنكى ئۈچ قوماندانىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغـان جـەڭ ئەلبەتتـە يـۈز بەرمەس ئىـدى. سـاھابىلەرمۇ پەيغـەمبىرىمىزنىڭ بۇجەھـەتتىكى تەۋسىيىسـى بولمىغاچ، كېيىنكى ئۈچ قوماندانىنى سايلاشماس ئىدى.

دېمـەك، قىينچىلىـق دەرىجىسـى، ئـەھمىيتى، تەسـىرى زور بولغـان جەڭلەرگــە قابىلىيــەتلىك كىشــلەرنى كــۆپرەك قاتناشــتۇرۇپ، ئىزباســار قوماندانلارنى سايلاپ، مەغلۇبىيەتنىڭ ئالـدىنى ئېلىـش ـــ بـاش قومانـدانىنىڭ بۇرچـى بولسـا؛ قومانـدان يىقىلغـان ھامـان يېڭـى رەھبـەر سـايلاپ ئـۇنىڭ باشچىلىقىدا ئالغا بېسىشنى داۋاملاشتۇرۇش ـــ مۇجاھىدلارنىڭ ۋەزىپىسـى. بــۇ ســوزۇلۇپ كېتــدىغان يــاكى دەھشــەتلىك بولۇدىغــان جەڭــلەرنىڭ

مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى.

رەھبەرلىرىمىز بولۇپمۇ دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن جىھادىي تارىخىمىزدا كۆپ زىيانلارنى تارتقانلىقىمىزنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

**9 > باتۇرلارنىڭ جىھاتتىكى رولىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش**

مەسىلەن: بىر ھەمزە، ياكى بىر بەررا، ياكى بىر ئەلىي، ياكى بىر خالىدنىڭ قىلغىنىنى بىرنەچچە كىشى بىرلىشىپمۇ قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ـ كۈچلۈك ئىمان، ساغلام ئەقىدە، قورقماس يۈرەك، ئۈستۈن قابىلىيەت، يۈكسەك ساداقەت، چەكسىز ئۈمىدۋارلىق، پۈتمەس ـ تۈگىمەس غەزەب ـ نەپرەت قاتتىق بىرلىشىپ كەتكەن. ئىنتىپاقلىقى ھەر قانچە مۇستەھكەم ئالاھىدە گۇرۇپپىدىمۇ يۇقىرقى نەرسىلەر بىر ئادەمدىكىدەك ئۇنداق ياخشى ماسلىشىپ كېتەلمەيدۇ.

دېمەك، باھادىر ـ باتۇرلار جەڭگىۋارلىق ۋە غەلىبىنىڭ يۈرىكى، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش ھەر قانداق بىر قوماندانىنىڭ چوقۇم دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسى.

**10> دۈشمەنلەرنى شەخسلەر بويىچە يوقۇتۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش**

بۇنى رەسۇلۇللاھ ئىككى تۈرلۈك يول بىلەن ئىجرا قىلدى. بىرسى ـ مۇسۇلمان قىلىپ سەپكە قېتىۋېلىش، يەنە بىرى ـ مەخپىي كاللىسىنى ئېلىش.

دېمەك، دۈشمەنىنىڭ ئالاھىدە ئادەملىرىنى ھەر خىل يوللار بىلەن يوق قىلىپ تاشلىغانلىق، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ھازىرلاپ بولغانلىق. چۈنكى جەڭنىڭ غەلىبىسى قابىلىيەتلىك رەھبەر، قابىلىيەتلىك باتۇر جەڭچى، شۇ قېتىملىق جەڭگە زۆرۈر بولغان ئىقتىدارلىق قوراللارنىڭ ئۆز ـ ئارا زىچ ماسلىشىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىرەرسىنىڭ

كەملىكى ھامىنى مەغلۇبىيەتكە سەۋەبچى بولۇپ تۇرىدۇ ( ئۇمۇمىي ئاددىي جەڭچىلەر جەڭدە پەقەت تولۇقلىغۇچىلىق رول ئوينايدۇ ).

شۇڭا جىھادىمىز جەريانىدا يۇقىرقىلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك.

### 11 > جەڭنىڭ ماددىي مەنپەئەتكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش

جەڭ ــ ئادەملەرنى ئاساس، قورالنى كۈچ، تاكتىكىنى يېتەكچى، ئىستراتېگىيىنى نىشان، ئىقتىسادنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدىغان جانلىق سىياسىي ۋەقە. شۇڭا ئۇنى ئېلىپ بارغاندا ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكىۋى بۇيۇملارنىڭ قولغا چۈشۈشىگە بەك قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. بۇ دۈشمەننى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئۆزۈمىزنى كۈچەيتىدىغان ئەڭ ئاساسلىق مەنبەلەرنىڭ بىرى.

مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيش كارۋانلىرىغا ئالاھىدە ھۇجۇم قىلىشى؛ قولغا چۈشۈدىغان ئۇلاق، مال ـ مۈلۈك، قورال ـ ياراغلارغا ئۆز لايىقىدا ئېتىبار بېرىشى بۇنىڭ دەلىلى.

### 12 > جەڭنىڭ سىياسىي تەسىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش

مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيشلەرنىڭ خەلقئارا سودا قوشۇنى بولغان كارۋانلارغا بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىشى، پۈتۈن ئوتتۇرا شەرقنى زىل ـ زىلىگە سېلىپ، مۇسۇلمانلارنى دۇنياغا تونۇتتى. ئۇلارنىڭ سىياسىي تەسىرى ئائىلە ـ ئائىلىلەرگىچە چوڭقۇر ماكانلاشتى. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياۋىي قابىلىيىتىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس نامايەندىسى ئىدى.

دېمەك، بىزمۇ ئۆزىمىزگە ئىنتايىن پايدىلىق بولغان دۇنياۋىي سىياسىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدىغان؛ خەلقىمىزنى سۆيۈندۈرۈپ، ئىسلامغا مايىل قىلىپ، مۇجاھىدلاردىن پەخىرلىنىدىغان قىلىدىغان مۇۋاپپەقىيەتلىك جىھادلارنى ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك.

## 13 > جىهاد مەزگىلىدە ئالاھىدە ئىقتىدارلىق قورال ـ ياراغلارغا ئىگە بولۇشقا قاتتىق ئىنتىلىش

مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ مۇداپىيەدە تۇرۇۋاتقان خەيبەر يەھۇدىيلىرىغا بىر نەچچە كۈنلەپ قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلالمىغاندىن كېيىن، دۈشمەن قولىدىن مەنجاناقنى ئولجا ئېلىپ ئىشلىتىپ، دۈشمەنلەرنىڭ سېپىل ـ ئىستىھكاملىرىنى بۇزۇپ تاشلىۋىدى، شۇ كۈنىلا جەڭ غەلىبە قىلدى.

دېمەك، بىر نەچچە يۈزلىگەن مۇجاھىدلاردىن بىر قورالنىڭ رولى چوڭ بولدى. مانا بۇ تېخنىكىنىڭ كۈچى ئىدى.

شۇڭا ھەر قانداق بىر قوماندان تېزراق، چىقىمسىزراق، ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبە قىلىمەن؛ مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدىغان مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىمەن دەيدىكەن؛ چوقۇم ئالاھىدە ئىقتىدارلىق قورال ـ ياراغلارغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بولمىسا ئارزۇيى بىر نەچچە ئەۋلاتقىچە ئەمەلگە ئاشماسلىقى ياكى كۆپۈككە ئايلىنىشى مۇمكىن.

## 14 > شەھىد، غازىيلارغا پۈتۈن كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قاتتىق قوزغاش ۋە ئۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش

مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن اللە نىڭ بۇھەقتىكى ھۆكۈملەرنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە جاكارلىشى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەمزە كەبى شەھىدلەرنىڭ ئاياللىرىنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشى ۋە مەخسۇس شەھىدلەرگە ئاتاپ دۇئا قىلىشى، شۇنىڭدەك شەھىدلەرنىڭ ئائىلىسىگە مەخسۇس نەپىقە تارقىتىشى بۇنىڭ دەلىلى. شۇنىڭ بىلەن ئەينى دەۋر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارىسىدا شەھىد ياكى غازى بولۇشقا ئىنتىلىش بىلەن بىر قاتاردا، ئۇلارغا لايىقىدا ھۆرمەت قىلىش تۇيغۇسى كۆتۈرۈلدى ۋە ئومۇملاشتى.

شەھىد ۋە غازى بولۇشقا ئىنتىلىشنى ـ اللهنىڭ ئايەت، رەسۇلۇللاھ نىڭ ھەدىسلىرىنى تونۇشتۇرۇش؛ ئىماننى مۇكەممەل، ئېتىقادنى ساپ قىلىش بىلەن پەيدا قىلىش ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىش كېرەك بولسا؛ شەھىد ۋە غازىلارغا ھۆرمەت قىلىش تۇيغۇسىنى ـ دەۋەتكە ماس ھالدا ئەمەلىي چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىش بىلەن ئاندىن پەيدا قىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك بولىدۇ. بۇنداق تۇيغۇنىڭ بولۇشى ۋە يۇقىرى پەللىگە چىقىشى، پۈتۈن ئىسلام قوشۇنىنىڭ شەھىدلىك ۋە غازىلىققا بولغان ئىنتىلىشىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئومۇمنىڭ جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئەلبەتتە بۇ غەلىبىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، جىھادىمىز جەريانىدا رەھبەرلىرىمىز شەھىد ۋە غازىلارنىڭ قىيامەتتىكى ئىستىقبالى توغرىسىدىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنياغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدىمۇ قاتتىق ئويلىنىشى ۋە بۇنىڭدىن ئۈبدان پايدىلىنىشى كېرەك.

**15 > كەچۈرۈم قىلىش بىلەن ئەسىرلەرنى ئىچ ـ ئىچىدىن تەسىرلەندۈرۈپ قايىل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش، بۇ ئارقىلىق ھەم دۈشمەننى تۈگىتىش ھەم كېلەچەكتىكى كۈچلۈك ئىتتىپاقلىققا ئاساس سېلىش**

مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىزنىڭ جىھادلاردا مۇۋاپىق يۇسۇندا ئەسىرلەرگە ئەركىنلىك بەرگەنلىكى، مەككىنى تېنىچ ئازاد قىلغىنىدا قۇرەيشلەرگە نىسبەتەن بىرنەچچە كىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلغانلىقى بۇنىڭ ياخشى دەلىلى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە ـ قاتتىق تەسىرلەنگەنلەر، ياكى ئۆزىگە نىسبەتەن چىقىش يولى ھېس قىلغانلار، ياكى ھاياتىغا نىسبەتەن تېنچلىقنى ئارزۇ قىلىدىغانلار توپ ـ توپى بىلەن رەسۇلۇللاھ غا بويسۇندى ـ دە، بىر تەرەپتىن ۋەھشىي دۈشمەن سۈيۈملۈك قېرىنداشقا ياكى ئىتتىپاقداشقا ئايلاندى. يەنە بىر

تەرەپتىن ئىسلامىي ھاكىمىيەتنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى نۇرغۇن ئائىلىلەردىن ئورۇن ئالدى. قىرغىنچىلىق سەۋەبىدە جەددىي ـ جەمەتى غۇم ساقلايدىغان روھىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئورۇن قالمىدى. شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن تېزلىك بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا كېڭىيىپ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا باشلىدى. مانا مۇشۇ ئىككى سەۋەب غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تېز پۇرسەتتە يوق قىلىپ تاشلىدى.

دېمەك بىز، جىھادىمىز جەريانىدا كاپىرلارنىڭ سېپىدە تۇرۇشقان تۈرك خەلقلەرنى ئاساس قىلغان تۈركىستان پۇقرالىرىغا، ختاي ۋە رۇسلارغا ئوخشاش كاپىرلار زېمىنىدا ئولتۇراقلاشقان باشقا مۇسۇلمان ياكى ئاز سانلىق مىللەت ئەۋلاتلىرىغا، رۇس ۋە ختايلارغا ئەھۋالغا قاراپ، سىياسىي مەنپەئەت ياكى سىياسىي زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارمىغان ئاساستا كەچۈرۈم بىلەن ئۆزگەرتىۋېلىش ئۇسۇلىنى جانلىق ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇنى مۇۋاپىق ئورۇنلىيالىساق، ئىنشائاللە، بىر تۈركۈم غەلىبىلىرىمىزگە سەۋەب بولغۇسى.

16 > ئازغۇنلارنىڭ ئەۋلادىنى تەربىيە ئاستىدا ئالاھىدە ئەتىۋالاپ

ئىشلىتىپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى يانىغا تارتىش،

زىيانكەشلىكىدىن توختىتىش، ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشىغا بولغان

ئىچكى قىزغىنلىقىنى يوق قىلىپ تاشلاپ ياكى سۇۋۇتۇپ، كەلتۈرىدىغان

زىيىنىنىڭ دەرىجىسىنى ئازايتىش. يەنە بىر تەرەپتىن شۇ زەھەرلىك ئىدىيۋىي

يۆنىلىشنىڭ ئەۋلاتلاردا داۋاملىشىشىغا خاتىمە بېرىش

مەسىلەن: ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قىزىنى ئېلىش، ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەينىڭ ئوغلىنى يېتەكلەش ۋە بىر تۈركۈم يەھۇدىيلارنىڭ ھەم مۇشرىكلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنى ئۆز قېشىغا تارتىش ـــ رەسۇلۇللاھ نىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلىرىنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ ھېسابلىدۇ.

دىمەك بىز، ئۆز جىھادىمىز جەريانىدا بۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، چوقۇم قولغا كېلىشكە تېگىشلىك مەنپەئەتكە ئېرىشىشىمىز لازىم.

## 17 > قوماندان ياكى رەھبەر ئۆز ئەتراپىدىكى پۈتۈن مۇجاھىدلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ياخشى بىلىپ تۇرۇش

مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ نىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى پۈتۈن مۇجاھىدلارنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشىنى ۋە ئىقتىسادىي، مەدەنىي، بىلىم سەۋىيە، تۇرمۇش، قابىلىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي بىلىپ تۇرغانلىقى بۇنىڭ ياخشى دەلىلى. بۇ كېيىنچە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سىياسىي، ھەربىي، مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي پىلانلىرىنى ئورۇنلىشىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى.

دىمەك، قوماندان ياكى رەھبەر ئۆز ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدىكى پۈتۈن مۇجاھىدلارنىڭ يۇقىرقى ئەھۋاللىرىنى بىلىپ تۇرۇشقا قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەك. بۇ مۇۋاپىق لاھىيە تۈزۈپ، مۇۋاپىق ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق ھەرىكەت قوللۇنۇپ، مۇۋاپىق نەتىجىگە ئېرىشىشكە ھەمدە سۇيىقەست ۋە زىيانكەشلىك ئوبېكتىلىرىنىڭ بايقىلىپ يوقۇتىلىشىغا ھەر تەرەپلىمە قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەلبەتتە ھازىر رەسۇلۇللاھ نىڭ دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا جاھان نەچچە ھەسسە مۇرەككەپلىشىپ، ۋەزىيە كۆپىيىپ، قوشۇننىڭ سانىمۇ ئېشىپ كەتتى. لېكىن رەھبەرلىرىمىز بۇنى باھانە قىلىپ كاۋاكىغا كىرىۋالماستىن، پۈتۈن تېرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ بۇ جەھەتتىكى ئىشلارغا ھەم ۋاقىت سەرپ قىلىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك، بۇ جىھادىمىزنىڭ تۈپ تەلەبلىرىنىڭ بىرى.

بىز بۇ جەرياندا يەنە، رەسۇلۇللاھ نىڭ مۇجاھىدلارنىڭ شەخسىي تەلەپ - ئارزۇلىرىنى ئىلاجى بار قاندۇرۇپلا قالماستىن، تۆپىلەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى ھەم ئەستىن

چقارماسلىقمىز كېرەك. بۇ قوشۇنىمىزنىڭ روھىي جەھەتتىكى تۇراقلىقى ۋە بۇيرۇققا بويسۇنۇش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 18 > قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ئىز باسار ياكى مەشھۇر قوماندانلاردىن قىلىپ چىقىشنىڭ بىردىن ـ بىر يولى ـ ئۇلارنى ئۆز لايىقىدىكى بىرەر ئىشقا باش قىلىش

مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ نىڭ نامى يوق، قابىلىيىتى يوشۇرۇن ھالەتتىكى ياشتا ھەر خىل مۇسۇلمانلارنى باش قوماندان قىلىپ، بىر تۈركۈم ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى بۇنىڭ مىسالى.

دېمەك، بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىرادە ۋە قابىلىيەت ئەمەلىي پائالىيەت جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ، مۇكەممەللىشىدۇ. قوماندان، رەھبەر ئەنە شۇنداق يېتىشىپ چىقالايدۇ ياكى ئۆزىنى قېرىنداشلىرىغا نامايەن قىلالايدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا باش قوماندان ياكى رەھبەر، قول سېلىپ قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا تونۇتۇپ، ئۇنىڭ كېلەچەكتىكى رەھبەرلىككە ئىجتىمائىي ئاساس تىكلەپ بېرىشى كېرەك، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ سىياسەت جەھەتتىكى داۋاملىقلىقىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇسۇللىرىدىن بىرى.

قەھرىمانغا مەيدان كېرەك، مەيدانسىز قەھرىمان ھەقىقىي قەھرىمان بولالمايدۇ. بىز جىھادىمىز جەريانىدا بۇنىڭغا سەزگۈرلۈك بىلەن ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ھەر ساھە ئىشلىرىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قابىلىيەتلىك، پىشقان، سىناقتىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم ئەۋلادلارنى، سەبداشلارنى ۋە ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئاساسىي سىياسىي پروگراممىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ، دۇنيادا مەڭگۈ جەۋلان قىلىشىنىڭ ۋە قۇدرەت تېپىپ جاھانغا ھەلقىلىق تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالەتكە يېتىشىنىڭ مۇھىم ئېھتىياجى.

## 19 > مۇجاھىدلارنىڭ روھىي ئۈستۈنلۈكىدىن ئۇستۇلۇق بىلەن پايدىلىنىش

رەسۇلۇللاھ نىڭ بەزى ئوتتۇراھال ياكى كىچىك جەڭلەرگە ئۇلاپلا يەنە شۇنداق جەڭدىن بىرنى باشلاپ غەلىبىگە ئېرىشىشى بۇنىڭ مىسالى. مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىز خەندەك غازىتىغا جۇپلاپلا بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىغا ئۇرۇش ئېچىپ، تولۇق غەلىبە قىلدى.

جەڭچىلەرنىڭ روھىيىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ئۇرۇشنىڭ شىددەتلىك بولۇش - بولماسلىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەڭ يۇقىرى روھىيەت دەل ئەڭ ياخشى ھەم ئەڭ قىززىق جەڭ منۇتلىرىدا مەيدانغا كېلىدۇ، ئاندىن ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە بېسىلمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز بىر نەچچە قېتىم نەخ ئەشۇ ئارتۇقچە كۈچتىن دەل ۋاقتىدا پايدىلانىدى - دە، ئاجايىپ ياخشى جەڭ نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى. بۇ رەسۇلۇللاھ نىڭ نەقەدەر پىشقان ھەربىي مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىنى شەكسىز ئىسپاتلايدىغان تەپسىلاتلاردۇر.

دېمەك، قوماندانلىرىمىز مۇجاھىدلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى، ئەسەبىي روھىي ئۈستۈنلۈكنى پەيدا قىلىشنى ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، بۇ بىزگە نۇرغۇن مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەمما شۇ ئىككى نەرسىگە قاتتىق دىققەت قىلىشىمىز لازىمكى، بىرسى — بۇ پەيتتە زىيادە قىززىققانلىق؛ قارىغۇلارچە، ئەھمىيەتسىز، چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەر؛ كاج - بۇيرىقسىزلىقلار ھەم يۈز بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا قوماندانلار بۇنداق ئۇستىلىقنى قىلمەن دېگىندە سەزگۈرلۈكنى بەك ياخشى ساقلىشى كېرەك. ئىككىنچىسى — داۋاملاشتۇرۇپ ئېلىپ بارىدىغان ئىككىنچى قېتىملىق جەڭگە نىسبەتەن ئەگەر قوماندانلار غەلىبە قىلىشقا تولۇق ئىشەنچە قىلالىسا ئاندىن ئۇ يولغا قەدەم بېسىشى، بولمىسا سەۋرى

قىلىشى كېرەك. بۇ جىهادىمىزدا بىر قەدەم ئالدىغا، بىر قەدەم كەينىگە مېڭىپ قېلىشتىن بىزنى ساقلاپ قالىدۇ.

## 20 > مەخپىي ھەرىكەت گۇرۇپپىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، كاپىرلارنىڭ دۆلەت سىستېمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، جەڭ مەيدانىغا كېلىدىغان بېسىمنى ئازايتىش

مەسىلەن: ھۇدەيبىيە سۇلھىسىدىن كېيىنكى كارۋان يولىدىكى ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى غەنىمەتچى قوشۇن ۋە رەسۇلۇللاھ تەرەپ ـ تەرەپكە يولغا سالغان بىر تۈركۈم ھەربىي گۇرۇپپىلار بۇنىڭ مىسالى.

جىهاد مەزگىلىدە كاپىرلارنىڭ ھەرخىل ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرىۋېتىش ياكى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىش؛ ھەر تەرەپتىن كۈتمىگەن چىقىم ۋە ئويلىمىغان پاجىئەلەرگە ئىگە قىلىش؛ ھۇجۇم سىستېمىسىنى، مۇداپىيە لىنىيىسىنى، ئارقا سەپ پىلانىنى بىتچىت قىلىۋېتىش؛ سىياسىي، ئىقتىسادىي كرىزىس پەيدا قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن كاپىرلارنى ھەرتەرەپتىن سىقىپ كۈچىنى خورىتىۋېتىش كېرەك، بۇ ئومۇمىي جىهادىمىزدا، جەڭ مەيدانىغا كېلىدىغان بېسىمنى ھەسسىلەپ تۆۋەنلىتىدۇ.

دېمەك، كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن باشنى ئىچىمىزگە تىقىۋېلىپ ئۇرۇشۇۋەرگەندىن كۆرە، ئۇنى ھەر ئاماللار بىلەن بىر نەچچە دەرىجە بولسىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇپ، قورقۇتۇپ، بېشىغا پىت سېلىپ ئاندىن كېيىن تۇتۇشۇشىمىز ياكى تۇتۇشقاچ شۇنداق قىلىپ، غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ ئېهتىماللىقىنى يۇقىرى كۆتېرىشىمىز كېرەك. بۇ رەھبەرلىرىمىز جىهاد جەريانىدا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان مۇھىم نوقتىلارنىڭ بىرى.

## 21 > ئىچكى قىرغىنچىلىقتىن ساقلىنىش

مەســـلەن: رەســۇلۇللانىڭ ئابــدۇللا ئىبــنى ئۇبــەي باشــچىلىقىدىكى مۇناپىقلار گۇرۇھىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، مەقسەتسىز ۋە ئەمەلىي سەۋەبلەر تۇپەيلى خــائىنلىق قىلــىپ ســالغان مۇســۇلمانلارنى اﷲ نــىڭ ئىزنــى بىلــەن كەچۈرۈشــى، يــاكى بــەزى جــازالارنى ئىلاجــى بــار كېچىكتــۈرۈپ، كېچىكلىتىپ، يوققا چىقىرىپ ئىجرا قىلىشى بۇنىڭ دەلىلى.

ئــۆز ئىچىگــە نىســبەتەن ھەددىــدىن تاشــقىرى قــاتتىق قــول بــولۇش نارازىلىقنى قوزغۇتىدۇ، جەڭگىۋارلىقنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئۆز ئىچىگە نىسبەتەن ھە دېگەندە قىرغىنچىلىقنى مۇداپىيەلىنىش ياكى تەربىيەلىۋېلىشنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىش ـ قوشۇننى قارىمۇقارشى گۇرۇھلارغا بۆلىۋېتىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ جىھاد سېپىگە بولغان ئىنتىلىشى ۋە ياردىمىنى يوقىا چىقىرىــپ تاشــلايدۇ يــاكى تۆۋەنلىتىۋېتــدۇ. ئــۇلارنىڭ كېلەچەككــە بولغان گۈزەل ئۈمىدى ۋەھىمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

مانــا شــۇنداق، قوشــۇننىڭ مــەركىزىي ئورگــانىغا بولغــان ســاداقىتىنى تۆۋەنلىتىپ ئۇلارنى قارىمۇ ـ قارشى گۇرۇھلارغا بۆلۈپ تاشلاش، قوشۇندىن خەلقنى ئــايرىۋېتىش قاتــارلىقلار ـــ دەل بــىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىزگــە ســەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

بــۇ ھەرگــىز رەھبەرلەرگــە زىيــادە يۇمشــاققول بــولۇپ قوشــۇننىڭ كەينــدىن ئەگىشــىپ ماڭــدىغان، ئــۇلارنىڭ رايــى بويىچــە ئــىش قىلــدىغان، سىياسىي كرىزىس ۋە ئــۇلارنىڭ مەنبەســىنىڭ ئالــدىنى كەســكىن ئالمايــدىغان، دىــين ـ ئىســلامنىڭ مۇســتەھكەملىك بىلــەن ئىجــرا قىلــدىغان جــازالاش قانۇنلىرىنى دەپســەندە قىلــدىغان ھالەتكــە چۈشۈشــنى تەشــەببۇس قىلغــانلىق ئەمــەس. بــەلكى چــەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشــكە ۋە رېئاللىققــا، كېلەچەككــە، مەنپەئەتكە ئېتىبار بەرمەسلىككە قارشى تۇرغانلىق.

دېمەك، ئىچكى قىرغىنچىلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇش ـ ئەڭ مەنىسىــز، ئــەڭ مەنپەئەتسىز، ئەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان، پۈتــۈن كېلەچەكلــەرنى خارابلىققــا

ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان ئىپلاس سىياسىي كرىزىس بولۇپ؛ ئۇ تەرەققىيات نىشانىمىزنى، ئالغا ئىنتىلىشىمىزنى بۇرىۋېتىدۇ؛ كۈچىمىزنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. چۈنكى خەلق بىر پەستىلا بۆلىنگەن گۇرۇھلارنىڭ كەينىگە سەپ بولۇپ، پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، دۈشمەنلەر بۇنى سۈيىقەست، ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن مەڭگۈلۈك سىياسىي ھالەت قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇپ قويىدۇ. بارسا كەلمەس، ماڭسا تۈگىمەس يول ئەنە شۇنداق شەكىللىنىدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا رەھبەرلەر جىھادىمىز جەريانىدا ھەرگىز شارائىت ھازىرلاپ قويماسلىقى كېرەك.

بۇنىڭ بىرىنچى ئامالى ــ سىياسىي ساھەدە ئومۇمىي جەھەتتە مۇستەھكەم، كونكرېتنى جەھەتلەردىن سەزگۈر، قابىل، كەڭ قورساق بولۇش.

ئىككىنچىسى ــ ئىچكى جەھەتتىكى تازىلاشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك. پەيتى كەلگەندە يەڭ ئىچىدە بىتەرەپ قىلىپ ياكى ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەرنىڭ نەتىجىسى قىلىپ تۈگىتىش. ھەرگىزمۇ ئاممىۋىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك. بۇ ئارقىلىق خەلق ئارىسىدىكى ئىدىيىۋى تەۋرىنىش ياكى ئىدىيىۋى بۆلىنىشتىن ساقلىنىپ قېلىش.

ئۈچىنچىسى ــ قوشۇنغا، پۈتۈن پۇقرالارغا روھىي جەھەتتىن مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان جازالاشلارنى قاتتىق سىمۋوللاشتۇرۇپ، تەسىرىنى پۈتۈن كىشىلەرنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭدۈرۈۋېتىش بىلەن شۇ يولغا مەڭگۈلۈك توسۇق ئورنىتىۋېتىش.

## 22 > ھەربىي ھەرىكەت پىلانىنى ئىشەنچسىز قوشۇنلارنى ساندىن چىقىرىپ تاشلىغان ھالەتتە تۈزۈش

مەسىلەن: رەسۇل ﷲ مەككىنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلغاندىن كېيىن ھۇنەينگە قىلغان(70) ھۇجۇمدا دەسلاپتىلا قالايمىقانچىلىققا دۇچار بولدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرسى ــ مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ كۆپلىكىگە ئىشىنىپ،

ﷲ بىلـەن بولغـان مۇناسـۋىتىنى سۇسلاشـتۇرۇپ قويـدى. ئىككىنچىسـى ـــ ئىشەنچلىك بولغان قوشۇن بىلەن ئىشەنچسىز بولغان قوشۇن ئېنىق ئايرىلغـان هالدا مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان ئىدى.

دېمەك، ئىشەنچسـىز قوشـۇن بـەلكى كۆتمىگـەن يـەردىن زىيـان يـاكى مەنپەئـەت ئېلىـپ كېلىشـى مـۇمكىن. بـەلكى پايدىسـىمۇ، زىيىنىمـۇ تەگمەسلىكى هەم مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ئەنە شۇنداق تۇراقسىز، ساداقەتسىز تائىپە. ئۇ مۇشۇ ئالاهىدىلىكى بىلەنلا هەرگىز مەسئۇلىيەت قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇنـى رەهبـەرلىرىمىز جىهـادىمىز جەريانـدا هەرگـىز ئەسـتىن چىقارماسـلىقى كېرەك.

**23 > دۈشمەننى تەييارلىنىۋاتقان باسقۇچىدا يوقىتىشقا قاتتىق كۈچ چىقىرىش**

مەسلەن: رەسۇلۇﷲ نىڭ دۈشمەنلەرنى ئۆز يۇرتىدا تەييارلىنىۋاتقانـدىلا نۇرغۇن قېتىم ئالاهىدە قىسىملارنى ئـەۋەتىپ يـوق قىلىـپ تاشلىشـى بـۇنىڭ دەلىلى.

دۈشمەنلــەرنى تــەييارلىق باســقۇچىدىلا يــوقۇتۇپ تاشــلىغاندا تۆۋەندىكـىدەك تـۆت تۈرلـۈك مەنپەئەتكـە ئېرىشـكىلى بـولىدۇ: (1) مۇداپىيەگـە قارىغانـدا هۇجۇمـدا مۇجاهىـدلارنىڭ جەڭگـىۋارلىقى ئۈسـتۈن بولىدۇ. (2) بۇنداق يوقۇتۇپ تاشـلاش نۇقـۇللا ئـادەم ئۆلتۈرىـدىغان جـەڭ بولمـاي؛ دىـن، زېمـن، ئـادەم، مـال ـ مۈلـۈكنى ناهـايىتى زور دەرىجـدە كېڭەيتىدىغان مەنپەئەتى كۆپ جىهاد بـولىدۇ. (3) دۈشمەنلـەرنىڭ ئـۇرۇش تەييارلىقى پۈتمىگەن ۋاقىتتا هۇجۇم قىلىـش زور كۆپچىلىـك ۋاقىتتـا غەلىبىگـە سەۋەب بولىدۇ. (4) هۇجۇمغا تۇيۇقسىز ئۇچرىغـان، تـەييارلىقى پۈتمىگـەن دۈشمـەن قـاتتىق هـودۇقۇدۇ، قـورقۇدۇ. بۇنـداق روهــي هالـەت هۇجـۇم قىلغۇچىغا ئەلبەتتە كۆپ پايدىلىق بولىدۇ.

دېمــەك، ئــەڭ مەنپەئــەتلىك ئــۇرۇش ـــ دۈشمــەننى ئــۆز ئۇۋىســىدا ئۇجۇقتـۇرۇش. تاسـادىپىي مەنپەئەتلـەر ئـەڭ كـۆپ جـەڭ ـــ ئـوتتۇرا يولـدا

دۈشمەن قوشۇنىنى كۆتۈۋېلىش. شۇنداق بولغان ئىكەن، رەھبەرلىرىمىز جىھادىمىز جەريانىدا بۇ ساھەدە قولىدىن كەلگەنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى زۆرۈر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قالدۇرۇپ كەتكەن يۇقىرقى بىر تۈركۈم تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولغان مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنە ئۆزگىچە خاس بىر قىسىم ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى ئىجاد قىلدى. مەن تۆۋەندە بۇلاردىن نوقتۇلۇق قىلىپ ئىككىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

## 24 > ئادەم قالقىنى ئىشلىتىش

بۇ ئىراقلىقلارنىڭ 1991 ـ يىلى كۇۋەيت ۋەقەسىدە[*] ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچىلارنىڭ بومباردىمان قىلىشىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن قوللانغان تاكتىكىسى. ئۇلار بومباردىمان قىلىنىپ كېتىشىنى خالىمايدىغان بىرقانچە ئورۇنغا ئامېرىكا ۋەكىللىكىدىكى غەرب ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنىڭ پۇقرالىرىنى سولاپ، بىر قىسىم مۇداپىيە مەقسىدىگە يەتكەن ئىدى.

دېمەك، ئەڭ كىچىككى تانكىدىن باشلاپ، چوڭى مەھەللە ـ كەنتلەرگىچە بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ ھۇجۇمنى كۆچەيتىش ياكى مۇداپىيەنى مۇستەھكەملەش ـ دۈشمەن ئالدىراپ تەڭ كېلەلمەيدىغان ئۆزى يۇمشاق، قۇۋۋىتى زور تاكتىكا.

## 25 > « پۇل دېگەن جىننىمۇ ئۇسۇلغا سالىدۇ »

بۇ سۆز چېچىنىيەدىكى جىھادتا تازا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى، مەن بۇنىڭغا دەلىل قىلىپ مۇنداق ئىككى ۋەقەنى بايان قىلماقچى.

بىرىنچى ۋەقە ــ لاتۆيىلىك(71) تەنتەربىيەچى ئاياللارنىڭ بۇ قېتىمقى جىھادقا كۆرسەتكەن تەسىرى.

---

* 1990 ـ يىلى ئىراقنىڭ كۇۋەيتكە ھۇجۇم قىلىشىدىن مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا شەرق كرىزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

چېچەنىيەدىكى مۇجاھىدلار ئايلىقىغا ئىش ھەققى بېرىش توختامى بىلەن لاتۋىيىلىك تەنتەربىيە قارىغا ئېتىش ماھىرلىرىنى تەكلىپ قىلىشقان ئىدى. ھەر بىر ئايال بىر تۈركۈم رۇسىيە ئەسكىرىنى يەر چىشلىتىشتى، نەتىجىدە بىرنەچچىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، زور كۆپچىلىكى پۇللۇق بولۇپ يۇرتىغا قايتىشتى. مۇجاھىدلارنىڭمۇ جەڭ مەيدانىدىكى نۇرغۇن ۋەزىپىسى يەڭگىللىدى.

ئىككىنچى ۋەقە ــ بومبا «ئوغرىلاش».

بۇ قېتىمقى جىھادتا چېچەنىيە مۇجاھىدلىرى رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ ۋلادىۋاستوكتىكى(72) راكېتىلىرىدىن بىر نەچچىنى سېتىۋېلىپ، پۇل خەجلەپ 7 ـ 8 مىڭ كىلومېتىر يولنى بېسىپ چېچەنىيەگە ئېلىپ كېلىشتى.

دېمەك، پۇل ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ بىر تۈركۈم كەمتۈكلىرىمىزنى خەلقئارادىكى مۇۋاپىق ئادەم ۋە نەرسىلەر بىلەن تولۇقلاپ كېتىش ئىمكانىيىتى ھازىر پۈتۈن دۇنيادا مەۋجۇت، شۇڭا بۇ قېتىمقى جىھادىمىز جەريانىدا ــ ئۆزىمىزنىڭ قىلىۋېلىش، ئارىيەت ئېلىش، كۆتۈرە بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن يۇقىرقىدەك شارائىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىشقا قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ يۈكىمىزنى ۋە ۋەزىپىمىزنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ.(73)

## 2 ـ تۈركىستانلىقلار ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا شەكىللەندۈرگەن ھەربىي تاكتىكا ـ تەجرىبىلەر

### 1> بوراندەك ھۇجۇم قىلىپ، قۇيۇندەك چېكىنىش، يەنى ـ چاقماقتەك ئۇرۇش تاكتىكىسى

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ـ دۈشمەن ئەڭ كۈتمىگەن يەر، كۈتمىگەن ۋاقىت، كۈتمىگەن كۈچتە ئىنتايىن يۇقىرى سۈرئەتتە ھۇجۇم قىلىپ؛ تېزلىكتە ۋەيران قىلىش ۋە ئىگەللەپ ئېلىش. ياكى دۈشمەن كۈتمىگەن يەردىن، كۈتمىگەن ۋاقىتتا، كۈتمىگەن كۈچنى ئىنتايىن يۇقىرى سۈرئەتتە چېكىندۈرۈپ، چوڭ مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىپ قېلىش ۋە دۈشمەننىڭ پىلانىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، كېيىنكى جەڭگە تەييارلىنىش. يەنى ـ ئۆزىگە پايدىلىق ھەر تەرەپلىمە شارائىتنى قولغا كەلتۈرۈش.

بۇ تاكتىكا ھونلارنىڭ دەۋرىدە(74) ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇپ، خىتايلار بۇ تاكتىكا سەۋەبلىك پۈتۈن چېگراسىغا تام سوقۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان ۋە شۇ ئارقىلىق بۇنداق ھۇجۇمدىن مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قالماقچى بولغان، بىراق مەقسەتكە تولۇق يېتەلمىگەن.

بۇ تاكتىكا كېيىنچە ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىپ كۆپلىگەن دۆلەتلەرنى يوق قىلىپ، دۇنيانى زىل ـ زىلىگە سالغان غەربىي ھونلارنىڭ(75) تەسىرىدە نۇرغۇن خەلقلەرگە تارقالغان ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ تاكتىكىنى قوللۇنۇپ ئەڭ چوڭ غەلىبىگە ئېرىشكۈچى گېرمانلار بولدى.

بۇ تاكتىكا ئاساسلىقى ئازغىنە كۈچ بىلەن كۆپ كۈچنى مەغلۇپ قىلىشتا، ياكى كۆپ كۈچتىن ئازغىنە كۈچنى ساقلاپ قېلىشتا ھەمدە قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە كۆپ غەلىبىلەرگە ئېرىشىش بەك زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، ياكى ئۇرۇشنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى سوزۇلۇپ كېتىشىگە خاتىمە بېرىلمەكچى بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

## 2 > پايدىلىق جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە قورشاۋ رايونى ھاسىل قىلىپ، ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن دۈشمەن قوشۇنىنى يۇقىرى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بىراقلا قىرىپ تاشلاش ياكى سىپپىنى بۇزۇپ قوغلاپ يۈرۈپ يوقۇتۇش

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ــ دۈشمەننى ئۆزىگە قارشى تۇرۇشتا قاتتىق قورقۇدىغان قىلىۋېتىش ياكى شەرمەندە قىلىپ جەڭگىۋارلىقىنى قاتتىق تۆۋەنلىتىۋېتىش ( يەنى ــ دۈشمەننى روھىي جەھەتتىن زور دەرىجىدە ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى يا سىياسىي بېقىندىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش ياكى كېيىنكى ئۇرۇشلاردا تېز غەلىبە قىلىش ).

بۇ تاكتىكىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ھونلار دەۋرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ تاكتىكا سەۋەبلىك خىتايلار ھونلار بىلەن 180 يىل بېقىندى ھالەتتىكى تېنچلىق سىياسىتىنى ئورنىتىشقا مەجبۇر بولغان.

بۇ تاكتىكىنىڭ كېيىنكى يېرىمى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تارىخىدا مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ھەربىي جەھەتتىن زەئىپلەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالغان. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى ــ ئۇسۇلى بىر خىل لېكىن شەكلى پەرقلىق بۇ تاكتىكىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دۈشمەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. بۇنىڭغا ئاجايىپ زور چىدام ۋە دۈشمەنگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ كۈچلۈك ھەربىي قوشۇن كېرەك بولۇدۇ. بۇ تاكتىكىنىڭ كېيىنكىسىدە دۈشمەن ئۈچ تەرەپتىن قورشىلىپ، دۈشمەنگە نىسبەتەن جۇغراپىيىلىك شارائىتى ناچار بولغان بىر تەرەپ ئۇچۇق قالدۇرۇلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇنداق قىلغاندا تۇيۇقسىز كۈچلۈك ھۇجۇمغا ئۇچراپ پىتىراپ كەتكەن دۈشمەن قوشۇنى سەللا تەڭ كېلەلمىگىدەك بولغاندا ياكى قارشى تەرەپنى مۆلچەرلىيەلمەي قورقۇنچقا چۈشكەندە چېكىنىشكە تەبئىي يۈزلىنىدۇ. نەتىجىدە بۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ياكى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە كىچىك قورشاۋلارنى قۇرۇپ

يوقۇتۇش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئالدىنقىغا سىڭىشتۇرغاندا چىدام ۋە ھەربىي كۈچكە بولغان تەلەپ خېلىلا ئاجىز بولىدۇ.

بۇ تاكتىكا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ياكى قوزغىلىپ چىققان دۈشمەن قوشۇنىنى كۈتۈۋېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**3 > كېچىلىك ھۇجۇم**

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ــ ئاز كۈچ بىلەن كۆپنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ياكى دۈشمەننى بىر قېتىملىق ھۇجۇم بىلەن بىراقلا ۋەيران قىلىش.

بۇ تاكتىكا توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن ئەسىرىدە توختۇلۇپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمي جەڭ تاكتىكىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

بۇتاكتىكىنى ئىشلەتكەندە ئۆزىنى كۆپ كۆرسىتىپ ھەيۋە بىلەن غەلىبە قىلىش ( يەنى دۈشمەننى ئۆز سايىسىدا ئۆزىنى ئۈركۈتۈپ مەغلۇبىيەتكە قىستاش ) ياكى كۈچ خۇراپاتلىق ئۈچۈن ( كۈچ قىينچىلىقى بار پەيتلەردە غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ) دۈشمەنگە ياردەمچى چاقىرىشقىمۇ، جان تىكىپ مۇداپىيەلىنىشكىمۇ پۇرسەت بەرمەي قىرىپ تاشلاش مەقسەت قىلىنىدۇ. ھۇجۇم سۈرئىتى تېز بولىدۇ.

بۇ تاكتىكىنىڭ ئالدىنقى قىسمى كىچىك تىپتىكى ئۇرۇشلارغا ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشلارغا، كېيىنكى يېرىمى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئورۇنلارنى چوقۇم قولغا ئېلىش كېرەك بولۇپ قالغان پەيتلەردە قوللىنىلىدۇ.

**4 > كۈچلۈك يېۋالىمەن دېسە ئۇنىڭغا ۋەزىر بولۇۋېلىش**

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ــ دۇنياۋى ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن پەيتلەردە جاھاننى ئىستېلا قىلىۋاتقانلارغا تەڭ كېلىش مۇمكىن بولمىغاندا، ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن ياردەمچى دۆلەتلەردىن بولۇۋېلىپ مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىش.

بۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ موڭغۇل ئىستىبلاسىدىن ساقلىنىپ قېلىشقا ئىنتىلىشى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن تاكتىكا بولۇپ، ئەينى دەۋر دۇنيا ھەربىي ئىشلار تارىخىدا ھەيران قالارلىق نەتىجىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان.

چىڭگىزخان ئىستىبلاسى دۇنيانى قانغا پاتتۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە بىر قىسىم دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ قېلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك ھالەتتە ئىدى. راست دېگەندەك كورىيە، ختاي، تاڭغۇت، ۋېتنام، تايلاند، بىرما، لائوس، قاراخانىيلار، خارازىملەر، ئاباسىيلار، قىرغىزلار، ئورۇسلار ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بىر تۈركۈم ھاكىمىيەتلەر ئۇلارنىڭ قۇللۇقىغا چۈشتى. يەنى ـ ھازىرقى ئاسيا قىتئەسىنىڭ تەخمىنەن 80 پىرسەنتى ۋە شەرقىي ياۋروپادىن ئىبارەت چەكسىز زېمىن موڭغۇللارنىڭ قول ئاستىدا قالدى.

بىراق شۇنىسى ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇدىكى، چەكسىز كەتكەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز مۇستەقىللىقىنى يۇقىرىقى 150 يىلدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ـ چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنىغا يېقىنلىشىپ بولغىچە ئىدىقۇتلار موڭغۇللارنىڭ شۆھرىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ھۆرمەت بىلەن ساقلاپ قالدى.

ئىدىقۇتلار موڭغۇللارغا ياردەملىشىش جەريانىدا ئۇلارغا ھەددىدىن تاشقىرى بەك كۆيۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن موڭغۇللارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە بىردىن ـ بىر مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ، سەلتەنىتىنى 570 نەچچە يىلغا يەتكۈزدى. بۇ ئەلبەتتە ئاجايىپ زور غەلىبە ئىدى.

بۇ تاكتىكىدا مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن دۇنياۋىي ئىستىبلادىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن قوللۇنىلغان.

بىز بۇنى دۈشمەن قوشۇنىغا ئايغاقچى گۇرۇپپىلارنى تەسلىم بولغان سۈپەتتە سىغداپ كىرگۈزۈشكە ھەم ئىشلىتىشىمىز مۇمكىن.

**5 > يىلاننىڭ بېشىنى كېسىپ، قۇيرۇقىنى مىدىرلىيالمايدىغان قىلىپ تاشلاش**

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ـــ مەلۇم رايوندىكى دۈشمەن قوماندانلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا يوشۇرۇنچە_بىراقلا قول سېلىپ يۈتۈنلەي يوقۇتۇپ، ئەسكەرلىرىنى ئەقلسىز، ھەرىكەتسىز بۇتقا ئايلاندۇرۇپ قويۇش. ئارقىدىنلا دەھشەتلىك ھەربىي ھۇجۇم ياكى ئامىۋىي قوزغۇلۇش بىلەن ھەممىنى يوق قىلىپ تاشلاش.

بۇ باتۇر تەڭرىقۇد ۋە ساتۇق بۇغراخاننىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشىدا ۋە ياقۇببەگنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز قولغا ئېلىشىدا قوللانغان تاكتىكىسى.

بىرلا ۋاقىتتا دۈشمەننىڭ ئىچكى قىسمىدا مەخپىي قىرغىن، سىرتىدا ھەربىي ھۇجۇمنى شەكىللەندۈرگەنلىك، ماھىيەتتە كۈچلۈك يەتمەيدىغان ياكى روبىرو ئېلىشىشنى خالىمايدىغان دۈشمەننىڭ پۇت ـ قولىنى پەم بىلەن باغلاپ قويۇپ ئەدىبىنى بەرگەنلىك. نەخ قوماندانلاردىن ئايرىلىپ قالغان ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچراش ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك.

بۇ تاكتىكىدا قوماندانلارنىڭ ئورنىغا ئىستىراتېگىيىلىك تەسىرى ئىنتايىن زور بولغان خالىغان بىر ھەربىي ئوبيېكتنى تاللىۋېلىشىمىز ھەم مۇمكىن.

بۇ تاكتىكا ئۆز پۇقرالىرىمىز بىلەن دۈشمەن قوشۇنى ئارىلاش ئورۇنلاشقان، دۈشمەنگە قارشى ئوچۇق ـ ئاشكارە قوزغۇلۇش ياكى ھۇجۇم قىلىش مەغلۇبىيەتكە ياكى قاتتىق قىرغىنچىلىققا سەۋەب بولىدىغان شەھەر ـ بازارلارنى قولغا ئېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

# 6 > ئاز كۆپ بىلەن ئىلىششقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندا «قوي بىراقلا يولۋاسقا ئايلىنىدۇ»

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى — باتۇر كىشىلەرنىڭ ئەڭ قىيىنچىلىق مەزگىللەردە ئىنسانىيەتنى ھەيران قالدۇرۇپ تەلۋىلەرچە غەلىبىگە ئىنتىلىدىغان قارا كۈچنى قوزغاش ئارقىلىق، كۆپ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ياكى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش.

بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن(76) ئەسكەرلىرىگە ۋە راشىدىن خۇجا(77) دەۋرىدە ھاكىمىيەتكە قارشى چىققان تۇڭگان - خىتاي تۇپىلاڭچى ئەسكەرلەرگە قارشى (78) قوللانغان تاكتىكىسى.

بۇنداق شەكىلدىكى مۇۋاپپەقىيەتلىك جەڭنىڭ بىر قوشۇن ياكى بىر قەۋم ئىچىدە بىر - ئىككى قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىشى پۈتكۈل ئەسكەرلەر ۋە خەلقلەرنىڭ غۇرۇرىنى ئومۇميۈزلۈك لاۋۇلدىتىپ، باتۇرلۇقنى نەچچە ئون ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئەلبەتتە شۇ قەۋمنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ھەر قانداق بىر جىھادىي قوشۇن ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى سىياسىي تەربىيە دەرسلىكى.

بۇ تاكتىكا ئومۇمىي ھۇجۇمغا پۈتلىكاشاڭ بولۇدىغان نوقتۇلۇق توچكىلارنى يوقۇتۇش، دۈشمەن رايونىدا قاتتىق تالاپەتلەرنى مەيدانغا چىقىرىپ ئۇلارنىڭ ھۇجۇم ئىقتىدارىنى زەئىپلەشتۈرۈش، كېرەكلىك ئادەم ياكى ماددىي بۇيۇملارنى قولغا چۈشۈرۈش، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇش، ھۇجۇم قىلغان دۈشمەندىن ئۇمۇمىي قوشۇن ياكى خەلق ئاممىسىنى مۇداپىيە قىلىش، تاجاۋۇزچىلارنى يوقۇتۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا قوللۇنىلىدۇ.

بۇ تاكتىكىنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ شەرت — ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالىدىغان ئالاھىدە ئەترەت بەك قاتتىق تاۋلانغان ھەم تاللانغان بولۇشى كېرەك.

## 7 > دۈشمەنگە سادىق بولۇپ دۈشمەننى يېڭىش

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ــــ دۈشمەننى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈپ، خالىغان مەقسەت ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرەلەيدىغان قىلىش.

بۇ ئىران شاھى دارا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە مەركىزىي ئاسىيا خەلقى ئۇلارغا قارشى قوللانغان تاكتىكا بولۇپ، بىر ياكى بىر نەچچە شەخسلەر تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئەلبەتتە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭغا نەقەدەر زور ئەقىل ـ پاراسەت، قابىلىيەتنىڭ لازىملىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم.

بۇ تاكتىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ھەل قىلغۇچ شەخس ياكى شەخسلەر، يا ئۇرۇشتىن ناھايىتى ئىلگىرىلا دۈشمەن سېپىگە كىرگۈزۈلۈپ ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا ئېرىشىپ بولغان بولۇشى، يا دۈشمەن ئىچىدىن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن شۇ ۋەزىپىنى گەدىنىگە ئېلىشقا يېتەرلىك دەرىجىدە كۆندۈرۈلگەن بولۇشى، يا دۈشمەن ئىچىدىن تاللاپ تەربىيلەنگەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى نەخ ئىش پەيتىدە ئۇنداق كىشىلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلاش ھازىر كۆپۈنچە ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ تاكتىكىنىڭ ئايغاقچىلىقتىن پەرقى شۇكى، بىزگە خىزمەت قىلغۇچى شەخس ياكى گۇرۇپپىلار، دۈشمەن قوشۇنىدا ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك كۆچىگە ئايلىنىدۇ. تاكى دۈشمەن مۇشۇ بىر قېتىم يېڭىلسە مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدىغان ھالەتكە يەتكىچە يۇقىرقى يۇسۇندا ھەرىكەت قىلىۋېرىدۇ، دەل شۇ لازىملىق بىر قېتىمدىلا جان تىكىپ بىز ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

## 8 > خەندەك ھىيلىسى

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ــــ دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى يوقتۇنلەي يوق قىلىش، ئۇلارنى پارچىلاپ تاشلاش،

يـاردەمنى قـوبۇل قىلالمايـدىغان قىلـىش، ئارقـا سـېپىنى ئـۆزۈپ قـويۇش، جەڭگىۋار كۈچىنى ۋەيران قىلىش.

بۇنى 2 مىڭ يىل بورۇن هونلار خىتايلارغا قوللانغان. هىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلـى پەيغەمبــەر ئەلەيهىسســالامۇ بىــر قېــتىم ئىشــلەتكەن. هــازىرقى زامــان جەڭلىرىدە بۇ تاكتىكىنىڭ شەكلىدە كۆپ ئۆزگىچىلىكلەر پەيدا بولغان.

**9** > شانلىق غەلىبىمىزنى دۈشمەنگە، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆزى يەتكۈزسۇن!

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ـ ئاجايىـپ مـەغرۇرلۇق بىلـەن ئۆزىل ـ كېسىل غەلىبە قازانغـان دەهشـەتلىك جەڭـلەرنىڭ ئـەڭ هـەلقىلىغۇچ يەرلىرىگـە شـاهىد بولغـان دۈشـمـەن ئەسـكەرلىرىنى هـەر خـىل يـوللار بىلـەن قـويۇپ بېـرىش ئـارقىلىق، دۈشـمـەن قوشـۇنى ئىچــدە ئـۇلارنىڭ روهىيىتىنـى زەئىپلەشتۈرىدىغان سىياسي كرىزىس پەيدا قىلىش.

بۇتۆمـۈر خەلىپــە تەرىپــدىن قوللۇنىلغـان تاكتىكـا بــولۇپ، ئەمــەلىي ئەهۋالغا ئاساسەن مۇۋاپىق تەرزدە يولغا قويۇلۇدۇ.

**10** > سەن كىمسەن؟! ئۆزۈڭنى ئىسپاتلا قېنى!

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ـ غۇرۇرى كۈچلۈك ئادەم ياكى قەبىلە ـ گۇرۇهنى ماختاش، مەسخىرە قىلـىش، مۇسابىقىگـە تـەكلىپ قىلـىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلـەن؛ ئوتتۇرىغـا قويۇلغـان نىشـانغا نىسـبەتەن هەددىـدىن تاشقىرى تېرىشچانلىق كۆرسەتكۈزۈپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش.

بــۇ ئۇيغــۇر خــەلقىنىڭ قــەدىمىي تاكتىكىلىرىــدىن بــىرى بــولۇپ، كوممۇنىستلار شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلغاندىن كېيىن خەلقىمىزنى ئىشلىتىپ يېپىشتىكى نەتىجىلىك تاكتىكىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرىۋالغان.

بىز بۇنى ئىلمىيلاشتۇرۇپ ئۆز ئەھۋالىمىزغا قاراپ مۇۋاپىق پايدىلانساق، قوشۇنىمىز ئىچىدە خىلمۇ خىل كۈچلۈك جىھادىي قىزغىنلىق پەيدا قىلالايمىز.

## 11 > دۈشمەن تومۇرىغا پىت تېرىش

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ــ دۈشمەن سېپىدە ئىشلەۋاتقان ئۆز قەۋمىمىزنىڭ ئۆزىگە، ئۇرۇق ـ تۇققان، ئائىلە ئەزالىرىغا ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ؛ ئۇلارنىڭ دۈشمەن سېپىدىن ئومۇميۈزلۈك چېكىنىشىنى ياكى دۈشمەن سېپىدىن غالىبلارچە ھەقىقەتكە قايتىشىنى قولغا كەلتۈرۈش.

بۇ تاكتىكا بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا كاپىرلار ھاكىمىيىتىنىڭ مۇسۇلمانلار ۋەتىنىدە پۇت تېرەپ تۇرۇش ئاساسىنى يوق قىلىپ تاشلاپ، بىزنىڭ جىھادىمىزنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى چىقىشتىن ئىبارەت خاراكتېرىنى كۈچەيتسە؛ يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۆز سېپىمىزنى كۈچەيتىپ دۈشمەننى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

شۇڭا بۇ تاكتىكىنى قوللىنىپ مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىشكە ھەر قانداق بىر چوڭ ـ كىچىك رەھبەر باشتىن ـ ئاخىر ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

## 12 > ئۆمۈچۈك ئۇسۇلى

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ــ دۈشمەننىڭ سانى كۆپ، جايلىشىش ئورنى كەڭرى، ئەمما بىر ـ بىرىگە مۇرىدەشكەن ھالەتتە جايلاشقان؛ مۇئەييەن بىر ئورۇنغا ھۇجۇم قىلىنسا قورشاۋدا قېلىش خەۋپى شەكىللەنگەن؛ ناۋادا بىرەر قېتىملىق ھۇجۇمدا غەلىبە قىلغان تەقدىردىمۇ ئومۇمىي جەڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولمايدىغان ۋاقىتتا؛ بارلىق كۈچنى كەڭ دائىرىدە ئارقىمۇ ـ ئارقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەممە جايغا تەڭ تېگىش. بىر ھۇجۇم چەمبىرىكى ياكى ھۇجۇمچى گۇرۇپپا ئۆلۈپ تۈگىسە ئىككىنچىسى،

ئىككىنچىسى تۆگسە ئۈچىنچىسى، تۆتىنچىسى... بىلەن دېگەن دولقۇنى شەكلىدە توختىماي باستۇرما قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننى ئومۇمىيۈزلۈك يوق قىلىش.

بۇ قەدىمىي تۈرك جەڭ تاكتىكىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ تاكتىكا ــ ھەربىي قوۋۋەتنىڭ يېتەرلىك بولۇشى، جەڭچىلەرنىڭ ئۆلۈمدىن قورقماسلىقىنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ. بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ، بىر جەڭ مەيدانى ياكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ جەڭ ۋەزىيىتى تۇراقلىشىپ قاتماللىشىپ قالغاندا ھەمدە بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەت، بىر جەڭ مەيدانى ياكى بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك خەتەرگە، بېسىمغا، يوقۇلۇشقا دۇچ كەلگەندە شۇ چىگىشنى ۋە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قوللۇنىلىدۇ.

## 13 > نىيازلىق قىلىش

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ــ باتۇر، قابىل پەھلىۋانلار يەككە ـ يەككە ھالەتتە چېچىلىپ جايلىشىپ مەرگەنلىك قىلىش، پىدائىلىق قىلىش.

بۇ تاكتىكا ــ يۈكسەك بارتۇرلۇق بىلەن ئۆلۈمدىن قەتئىي قورقمايدىغان يۈكسەك جاسارەتنى تەلەپ قىلىدۇ. دۈشمەن كۈچىنى خورىتىش، پارچىلاش، ئالداش ۋە دۈشمەن روھىنى سۇندۇرۇشتا قوللۇنىلىدۇ.

بۇ تۈرك خەلقلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن جەڭ تاكتىكىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئەمەلىيىتى ھەم شۇ تاكتىكىغا تەئەللۇق جەڭ ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 14 > بۆرە ئويۇنى

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ــ جەڭ مەيدانىدا ئومۇمىيۈزلۈك خەتەرلىك ۋەزىيەت شەكىللەنگەندە ھەممە جەڭچىلەر يەككىمۇ ـ يەككە،

كۆچلۈك شىجائەت بىلەن بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ياكى قۇربان بولۇش ياكى خەتەردىن قۇتۇلۇش؛ ياكى دۈشمەن بىخۇد تۇرغاندا پۈتۈن سەپ بويىچە يەككىمۇ ـ يەككە بىراقلام ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەننى ئومۇميۈزلۈك قېرىپ تاشلاش ياكى ۋەيران قىلىش.

بۇ تاكتىكىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى باشقا ھېچقانداق چىقىش يولى قالمىغان جەڭ ۋەزىيىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ قەدىمي تۆرك جەڭ تاكتىكىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 15 > بۇدۇشقاق جېگى

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ـــ ئۆمۈچۈك ئۇسۇلى تاكتىكىسىنى بىرنەچچە يىللىق ئورۇشىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئۆزلۈكسىز ئىجرا قىلىش.

بۇ تاكتىكا ـــ ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆچلۈك ئەسكىرىي قوۋۋەت ۋە قىزغىن جەڭ قىلىش روھىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ قەدىمي تۆرك جەڭ تاكتىكىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىلىدۇ.

## 16 > تاڭگازا ھېيلىسى

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ـــ دۈشمەننىڭ ئاساسلىق ئەسكىرىي قۇۋۋىتىنى مۇئەييەن بىر قىيىن جەڭگە چېتىۋېلىپ، باشقا جايلاردا ئۆزىگە پايدىلىق ھەرتەرەپلىمە شارائىت ھازىرلاش.

بۇ تاكتىكا ـــ جۇغراپىيىلىك، ئىجتىمائىي، ئەسكىرىي شارائىتى دۈشمەنگە ئەڭ پايدىسىز؛ ئەمما ئۆزىگە يەڭگىل رايوندا ئىلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ تۇڭگانلاردىن تۆرك خەلقلەرگە كىرىپ ئۆزلەشكەن جەڭ تاكتىكىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 17 > قوماندان ئۆتۈنۈپ بېرىش

بۇ تاكتىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى — يالغاندىن تەسلىم بولغان ھالەتتە دۈشمەن رايونلىرىغا كىرىش ئارقىلىق شۇ يەرلەرنى بېسىۋېلىش ياكى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق دۈشمەننى ۋەيران قىلىش.

بۇ تاكتىكا ـ كۈچلۈك تەۋەككۈل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خەتىرىمۇ، پايدىسىمۇ كۆپ. جەڭ پەيتىدە چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق جەڭدە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما كۆپ قوللىنىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. (79)

## 3 ـ خىتايلار ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا شەكىللەندۈرگەن تاكتىكا ـ تەجرىبىلەر

خىتايلار نەچچە مىڭ يىللىق كەچمىشلىرى جەريانىدا نىسبەتەن مۇكەممەل ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەلىرىنى ئىجاد قىلدى ۋە بۇ جەھەتتە قىممىتى يۇقىرى بولغان تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ھەم يەكۈنلەپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ خىتايلارنى يېڭىشنى ياكى خىتايلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى ئويلاش ھەربىي ساھەدىكى ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن شۇڭا تۆۋەندە بۇ تاكتىكا ـ تەجرىبىلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچى.

خىتايلار ئۆز زامانىغا نىسبەتەنلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى تەرەققىي تاپقان دۇنياغا نىسبەتەنمۇ خېلىلا ئىلغار ۋە مۇكەممەل ھېسابلىنىدىغان بىر تۈركۈم ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ھازىر خىتايلارنىڭ جەمى 4397 پارچە مەخسۇس ھەربىي ئىشلار دەستۇرى بارلىقى ئېنىقلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ساقلانغىنى 2300 پارچە ئەتراپىدا بولۇپ، مەشھۇرراقى 14.* ئۇلار ـ سۈنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى، ۋۇچىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى، سىماراڭجۇنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى، سۈن

* مۇئەييەن دەرىجىدە ھەربىي نەزەرىيەلەر كىرگۈزۈلگەن باشقا ھەر خىل ماتېرىياللار بۇنىڭ سىرتىدا .

بىڭنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى، ۋېي لياۋزى، ئالتە خىل ئۇرۇش سەنئىتى، خۇاڭشىگۇنىڭ ئۈچ تەدبىرى، جۇگېلياڭنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى، تاڭ ـ لى سۆھبىتى، چېدىر كارامەتلىرى، ھەر خىل ئۇرۇشتىكى ئاجايىپ تەدبىرلەر، 36 تەدبىر، زىڭ ـ خۇلارنىڭ ئەسكەر باشقۇرۇشتىكى تولۇقلانغان ئۆزۈندىلىرى، ماۋزېدۇڭنىڭ بەزى ئەسەرلىرى.

بۇلار دۇنيا ھەربىي ئىلىم خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مەھسۇلاتلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1 > خىتايلارنىڭ ھەربىي تەدبىرلىرى

مەن تۆۋەندە بۇ ھەربىي تەدبىرلەردىن ئۈلگە سۈپىتىدە دۇنيادا بىر قەدەر مۇكەممەل ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان «سۈنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى» نىڭ دۇنيا ھەربىي ئىشلار تارىخىدىكى ئورنى ھەققىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، 36 تەدبىرنى يىغىنچاق تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچى.

« سۈنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى» نىڭ ئاپتورى سۈنزى ئەمنىينىڭ* ئاخىرقى يىللىرى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى ئەتراپىدىكى جى دۆلىتىدە تۇغۇلغان. كېيىن ۋۇ دۆلىتىدە باش مەشقاۋۇل ۋە باش گېنېرال بولۇپ كۆپ داڭ چىقارغان. ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ھاكىمىيەتتىن ئۆزلىكىدىن چېكىنىپ چىقىپ بىر كىشىلىك بولۇپ دۇنيادىن ئۆتكەن.

بۇ تەدبىر جەمى 13 بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بىرىنچى باب ـ پىلان ـ تەدبىر، ئىككىنچى باب ـ ئۇرۇش قىلىش، ئۈچىنچى باب ـ ھۇجۇمنى پىلانلاش، تۆتىنچى باب ـ ھال ـ مادار، بەشىنچى باب ـ ئەھۋالات، ئالتىنچى باب ـ ساختىلىق ۋە چىنلىق، يەتتىنچى باب ـ پايدىلىق شارائىتنى تالىشىش،

* مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 770 ـ يىلدىن 256 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي جۇ سۇلالىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىت خىتاي تارىخىدا ئەمنىيە يەنى ـ تېنچلىق دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ

سەككىزىنچى باب ـ جانلىق ئىش كۆرۈش، توققۇزىنچى باب ـ ھەربىي يۈرۈش قىلىش، ئونىنچى باب ـ يەر تۈزۈلۈشى، ئونبىرىنچى باب ـ ھەر خىل جايلار، ئون ئىككىنچى باب ـ ئوت بىلەن ھۇجۇم قىلىش، ئون ئۈچىنچى باب ـ ئايغاقچىلارنى ئىشقا سېلىش.

بۇ تەدبىردە ھەربىي ئىشلار ئىدىيىسى خېلى چوڭقۇر، نۇقتىئىنەزەرلەر بىرقەدەر تەپسىلىي ۋە سېستىمىلىق، ئۇرۇش قانۇنىيەتلىرى يامان ئەمەس ئېچىپ بېرىلگەن. ئىستراتېگىيە، سىياسىي ئىشلارنى قانۇنىيەت بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئەسكەرلەرگە مېھرىبانلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز بولمىغان بىلىم بار. دىپلوماتىيە، ئىقتىساد، پىسخىلوگىيە ساھەلىرى بويىچە ھەم ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى ئاچىدىغان بىرتۈركۈم ئۇچۇرلار بار.

ئۇ بولۇپمۇ گېنېراللارنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ئىقتىساسلىق كىشلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال پىلان تۈزۈش ئىلمى، گېنېرال تاللاش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ تەدبىر 8 ـ ئەسىردىلا ياپونىيىگە تارقالغان، 16 ـ ئەسىردىن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغىچە ھەر بىر ياپون_گېنېرالىنىڭ يېنىدا بىردىن «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى» بولغان. ھازىر بىر قىسىم ھەربىي مەكتەبلەردە ھەربىي ئەمەلدارلارنى تەربىيەلەشتە مۇھىم دەرسلىك قىلىنغان.

بۇ تەدبىر ناپالېيون(80) نىڭ ياقتۇرىدىغان كىتاب بولۇپ، ئۇ ھەر قېتىملىق ئۇرۇشتىن بۇرۇن بۇنى كۆرۈپ چىقىشنى ئۆزىگە لازىم تۇتقان.

گېرمانىيەنىڭ سابىق پادىشاھى ۋىلىيام II 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ تەدبىرنى كۆرۈپ:« بۇ كىتابنى 20 يىل بۇرۇن كۆرگەن بولسام، دۆلەتنى ھالاك قىلىشنىڭ ئازابىنى تارتمىغان بولاتتىمكەن» دەپ كەتكەن.

1961 ـ يىلى ئەنگىلىيە گېنېرالى مونتگومېرىي ماۋزېدۇڭ بىلەن كۆرۈشكەندە دۇنيادىكى ھەربىي مەكتەپلەردە « سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى » نى دەرسلىك قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان.

بۇ تەدبىر ھازىر ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئامېرىكا غەرب ھەربىي مەكتىپى، ئامېرىكا دېڭىز ـ ھاۋا ئارمىيە قوماندانلىرى ئىنستىتۇتى، ئەنگىلىيە خان جەمەتى ئوفىتسېرلار ئىنستىتۇتى قاتارلىق داڭلىق ھەربىي ئالىي مەكتەپلەردە ئىستراتېگىيە ئىلمى ۋە ھەربىي نەزەرىيە دەرسلىكى بويىچە زۆرۈر ئوقۇشلۇق قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمىنىڭ گېنېرالى گراي 1989 ـ يىلى بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، « سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى » نى ئوفىتسېرلارنىڭ 1990 ـ يىلقى ھەربىي ئىشلار نەزەرىيە دەرسلىكىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا قويۇشنى ئېيتقان.

ئامېرىكىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن چىققان سابىق پرېزىدېنتى، مەشھۇر سىياسىيون نىكسۇن ( 1913 ـ 2004 ) 1988 ـ يىلى « 1999 ـ يىلى ئۇرۇش قىلماي غەلىبە قىلىش » دېگەن ئەسىرىنى « سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى » دىكى ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىنى دۇنيا ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇ نەخ ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى دۆلەت ئىستراتېگىيە سىياسىتى ئىدى.

سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى تېنچلىق بىلەن ئۆزگەرتىش سىياسىتى دەل « سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى » دىكى تاكتىكىلاردىن ئەينەن كۆچۈرۈلگەن. ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتىكى دۇنياغا ئومۇمىيۈزلۈك خوجايىنلىق قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ نەزەرىيۋى ئاساسىمۇ دەل «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى » دىن كەلگەن.

« سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى » نىڭ شۆھرىتى قەدىمدىن تاكى ھازىرغىچە ئەنە ئەشۇنداق زور.

ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى يىللاردا بۇ توغرىدا ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارنىڭ كۆپىيىشى ئەلبەتتە بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تېرىشچانلىقىمىزغا ئاسانلىق يارىتىپ بەردى. شۇڭا ئەلبەتتە ئۇنى بىزمۇ ياخشى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

ئەمدى 36 تەدبىر بىلەن تونۇشايلى.

« 36 تەدبىر» ــ خىتايلار ئىنتايىن ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇشلاردىن، سىياسىي كۈرەشلەردىن يەكۈنلەپ چىققان ناھايىتى مۇكەممەل 36 ھەربىي ئىشلار تاكتىكىسى. بۇنى تولۇق ۋە تېگىگە يەتكۈزۈپ بىلىۋالغانلىق خىتايلارنىڭ خېلى كۆپ جەڭ پىلانلىرىنى ئالدىن بىلىۋالغانلىق بىلەن باراۋەر، چۈنكى خىتايلار ئەزەلدىن بۇنىڭسىز ئۇرۇش قىلمىغان ۋە قىلمايدۇ. بۇنىڭسىز ھەم سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانمىغان ۋە شۇغۇللانمايدۇ.

كېيىنكى تەتقىقاتلار داۋامىدا خىتاي مۇتەخەسسىسلەر بۇ تەدبىرلەرنى خاراكتېرىگە قاراپ ــ غەلىبە تاكتىكىسى، دۈشمەنلىك تاكتىكىسى، ھۇجۇم تاكتىكىسى، گىرەلىشىش تاكتىكىسى، تېرىكىشىش تاكتىكىسى، مەغلۇبىيەت تاكتىكىسى قاتارلىق ئالتە تۈرگە ئايرىپ چىققان بولۇپ مەنمۇ شۇ تەرتىپ بويىچە سۆز قىلىشنى لايىق تاپتىم.

### < 1 > غەلىبە تاكتىكىسى

1 < كۆپ ـ كۈندۈزدە ئوغرىلىقچە دەريادىن ئۆتۈش

بۇ، مەلۇم بىر پىلانغا مۇناسىۋەتلىك ھەربىي ھەرىكەتلەر بىلەن تەكرار ــ تەكرار شۇغۇللىنىپ قارشى تەرەپنىڭ خەۋپسىرىشىنى يوقۇتۇپ بىخۇدلاشتۇرۇش، يەنى ــ شۇ ھەرىكەتكە نىسبەتەن دۈشمەن كاللىسىدا ئادەت چۈشەنچىسى پەيدا قىلىش. نەتىجىدە پۇرسەت تېپىپ ئىشنى تۈگىتىشنى ياكى نورمال بىرەر پائالىيەتنىڭ ئارىسىغا پىلاننى ئورۇنلاشتۇرۇپ مەقسەتكە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ختايلار بۇنى ئۇرۇشتا جەڭ مۇھىم باسقۇچقا كىرىپ قالغاندا ياكى تېرىكىشىش باسقۇچىغا يېتىپ قالغاندا كۆپ قوللۇنىدۇ. قالغان مەزگىللەردە ھەم ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىپ تۇرۇدۇ. كىچىك كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەتلەردىن تاكى كاتتا جەڭلەرگىچە تەدبىقلاپ ئوتتۇرىغا چىقىرىۋېرىدۇ.

<2> ۋىي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش

مەسىلەن: 1970 ـ يىللاردا ۋېتنام كامبودژاغا ھۇجۇم قىلىۋىدى، ختايلار ۋېتنامغا ھۇجۇم قىلىپ كامبودژانى قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولدى. بۇ دەل مۇشۇ تاكتىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ختايلار بۇنى ئوتتۇرا، چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلاردا كۆپرەك قوللۇنىدۇ، قالغان ۋاقىتلاردا ھەم پۇرسەت تېپىپ ئىشلىتىپ تۇرۇدۇ.

< 3> ياتنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش

بۇ، يوقۇتۇشقا تېگىشلىك ئوبېكتلارغا ( دۆلەتتىن تاكى شەخسكىچە ) كۆچى يەتمىگەندە، ياكى شارائىتى بولمىغاندا، ياكى ئۆزى قول سالسا ئىش زىيىنىغا تەرەققىي قىلىپ كېتىدىغان تەرزدە بولۇپ قالغاندا باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئىش بجىرىپ مەقسەتكە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ختايلار بۇنىڭغا ئۇرۇشتا ئالدامچىلىق بىلەن ياكى ئىتتىپاقداشلىق بىلەن ئېرىشىدۇ. ئەڭ كۆپ قوللۇنىلىدىغان ئۇسۇل ئۆزىنىڭ ئادىمىنى تۆھمەت بىلەن ئۆزىگە ئۆلتۈرگۈزۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

< 4 > دۈشمەننى چارچىتىپ غەلبە قىلىش

بۇ، بىر تۈركۈم ئورۇنلاردىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاز كېچىپ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى تېزلىتىۋېتىش، تارقاق ئەمما كۈچلۈك بولغان ياكى يۆتكىلىشچان بولغان مۇداپىيەنى شەكىللەندۈرۈپ، دۈشمەننى تارقاقلاشتۇرۇش ياكى زېرىكتۈرۈش. ئەرزىمەس ئۇرۇشلارنى قىلىپ دۈشمەن كۆزىگە ئەرزىمەس كۆرۈنۈش قاتارلىق ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن دۈشمەننى جىسمانىي، روھىي، ماددىي، مۇداپىيە، بىخەتەرلىك، ئىتتىپاقلىق،

جەڭگــــۋارلىق جەھەتلـــەردىن ئومۇمىيۈزلــــۈك چارچىتـــــپ؛ ئارقـــــدىنلا دەھشەتلىك ھۇجۇم بىلەن پۈتۈنلەي يىغىشتۇرۇپ تاشلاشنى كۆرسىتىدۇ.

خىتايلار بۇنـى ئۇرۇشـتا كىچىـك جەڭـدىن تـاكى كاتتـا جەڭلەرگـىچە ناھايىتى كۆپ قوللۇنىدۇ.

< 5> توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش

بـۇ، ئۆزىگـە مۇناسـۋەتلىك ئـوبىيكتىلاردا پەيـدا بولغـان (يـاكى پەيـدا قىلىنغـان) ھـەرخىل قالايمىقـانچىلىقلاردىن سەزگـۈرلۈك بىلـەن دەل ۋاقتـىدا مۇۋاپىق پايدىلىنىپ مەقسىتىنى ئورۇنلىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

خىتايلار بۇنى كىچىك جەڭدىن كاتتا جەڭلەرگىچە قوللىنىدۇ.

< 6> ئۇياقتىن شەپە بېرىپ بۇياقتىن زەربە بېرىش

2 > دۈشمەنلىك تاكتىكىسى

<1> تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈش

بۇ، يوق يەردىن ئۆز مەقسىتىگە لايىق باھانە ـ سەۋەبلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئارزۇيىغا يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

خىتـايلار بۇنـى ئۇرۇشـتا تۇختـامنى يىرتـىپ تاشـلاش، ئـاۋال ھۇجـۇم قوزغاش، قارشى تەرەپنى زور دەرىجىدە قىرغىن قىلـىش يـاكى ئـۆز تەسـىرى ئاستىدىكى خالىغان كىشىلەرنى كۆزدىن يوقۇتۇشتا ئىشلىتىدۇ.

< 2> چىلى ساڭغا* يوشۇرۇن كىرمەك

بۇ، ھەر تەرەپلىمە شارائىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغانلىقى سـەۋەبلىك مۇداپىيىسى ئاجىزراق قىلىنغان يەردىن ھۇجۇم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

خىتــايلار بۇنــى ئۇرۇشــتا كىچىــك جەڭــدىن كاتتــا جەڭلەرگــىچە ئىشلىتىۋېرىدۇ.

< 3> تاقىقا چىقىۋېلىپ يولۋاس تاماششاسى كۆرۈش

* خىتايدىكى بىر قەدىمىي يەر ئىسمى

بۇ، قانداقتۇر ئىككى تەرەپنى جېدەلگە سېلىپ ئۆزى مەززە قىلىش، ھېچقايسىسىغا ياردەم بەرمەي كۆچنى تېجەش، ھەر ئىككىلىسى چارچىغاندا ياكى بىرى بىرىنى يوقۇتۇپ ھاردۇقتا تۇرغاندا ئاندىن ھۇجۇم بىلەن يېڭىلىشنى كۆرستىدۇ.

بۇنى خىتايلار ئۇرۇشتا ئاساسەن چوڭ جەڭلەردە ئىشلىتىدۇ. ئىشلىتىش نىشانىمۇ ناھايىتى چوڭ بولغان بولىدۇ.

< 4 > تىلى شىكەر، دىلى زەھەر بولۇۋالماق

بۇ، دۇستلىشىپ تۇرۇپ پىچاق سىپلىشنى كۆرستىدۇ. مەسىلەن: تۈرك خەلقلەر بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي زىدىيەت جەريانىدا خىتايلارنىڭ قىز ۋە مال ـ دۇنيا سوۋغاتلارنى ئۈزۈلدۈرمەي يوللىغاچ، ئاستىرتتىن ھەرخىل چارە ـ ئاماللارنى ئىشلىتىپ تۈرك خەلقلەر ھۆكۈمىتىگە زىيانكەشلىك قىلىپ، ھاكىمىيەتلەرنى بىر نەچچە قېتىم يىقىتىپ تاشلىشى دەل مۇشۇ تاكتىكىنى كۆرستىدۇ.

بۇنى خىتايلار ئۇرۇشتا ئوتتۇراھال جەڭدىن تاكى چوڭ جەڭلەرگىچە ئىشلىتىدۇ. ئىشنى دوستلۇق ئىزھار قىلىش ياكى تېنچلىق، ئىتتىپاقلىق توختامى تۈزۈشكە ئىنتىلىشتىن باشلايدۇ.

< 5 > قۇربانلىق ھېيلىسى

بۇ، چوڭ ئەسكىرىي پىلاننى ئورۇنلاش ئۈچۈن بىر تۈركۈم نەرسىلەرنى ( مەسىلەن ــ زېمىن، قوشۇن ۋە باشقا ماددىي ـ مەنىۋىي نەرسىلەرنى ) قۇربانلىققا تاشلاپ بېرىش ئارقىلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆرستىدۇ.

خىتايلار بۇنى ئۇرۇشتا بىر ئادەمدىن تاكى بىر نەچچە گۇرۇپپا ئادەمگىچە، بىرەر ئىستىھكامدىن تارتىپ تاكى بىرەر شەھەر ـ ناھىيىگىچە ( ۋاھاكازا ) بۇ تاكتىكىنىڭ قۇربانى قىلىپ ئىشلىتىۋېرىدۇ. شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى، دۈشمەن بۇنى بىز بەكلا كۆپ ئىشلىتىپ كەتكەن مەزگىلدە ئاندىن ئىشلىتىدۇ.

### < 6 > قوي ئۇچراپ قالسا يېتەكلەپ كەتمەك

بۇ، چوڭ قوشۇن بېسىپ كېلىپ پەيدا بولغان قالايمىقانچىلىقتىن شەكىللەنگەن ھەر تەرەپلىمە بوشلۇق ـ مەنپەئەتلەرنى، دۈشمەن چېكىنگەندە ياكى ئۇلاردا باشقا ئۆزگىرىشلەر بولغاندا (مەسىلەن: ھودۇقۇش، بىخەستىلىك، بىخارامانلىق، چارچاش، ئاچلىق، ئوق ـ دورىسىزلىق، تەكەببۇرلۇق، قېچىشقا ئوخشاش ) تېگىدىغان بەزى مەنپەئەتلەرنى ( ھېچبولمىغاندا كۆتۈرەلمەي قويۇپ قۇيۇشقان ئېغىر تىپتىكى قورال، مۇداپىيىسىز قالغان ھەربىي ئوبېكت چاغلىق ) ئىگەللىۋېلىشقا سەزگۈز بولۇش. دۈشمەنلەرنى پارچىلاپ، ئالداپ قورشاۋ رايونىغا ئېلىپ كىرىش. بىر جايغا يۈرۈش قىلىپ ماڭغاندا ئۆتەر يولدىكى يېزا ـ قىشلاق، قوشۇن، ھەربىي بازىغا ئوخشاش مەنپەئەتلىك ھەرقانداق نەرسىنى قولغا كىرگۈزگەچ يۈرۈش قىلىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىشلىتىش مۇمكىن.

## 3 > ھۇجۇم تاكتىكىسى

### < 1 > چۆپنى مىدىرلىتىپ يىلاننى ئويغاتماق

بۇ، دۈشمەن نائېنىق ياكى ئۇنىڭغا قول سېلىشقا قىيىنچىلىق بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەرىكەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

خىتايلار بۇنى ئۇرۇشتا كىچىك جەڭلەردىن تاكى چوڭ جەڭلەرگىچە قوللىنىۋېرىدۇ.

### < 2 > قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىش

بۇ، ئەھمىيەتسىز، ئەرزىمەس نەرسىلەرنى قارشى تەرەپكە كاتتا قىلىپ كۆرسىتىپ ئۇلارنى ھەددىدىن تاشقىرى ئارتۇقچە قۇربان بەرگۈزۈش ۋە ئۇلاردىن تەسەۋۋۇرلىغۇسىز زور مەنپەئەت ئېلىش ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ختايلار بۇنى ئۇرۇشتا ئەڭ كىچىك جەڭدىن ئەڭ كاتتا جەڭگىچە قوللۇنىۋېرىدۇ.

### < 3 > يولۋاسنى ئالداپ تاغدىن چۈشۈرۈش

بۇ، قارشى تەرەپنى، بار ئامالنى قوللۇنۇپ ئۆزىگە پايدىلىق بولغان تەبىئىي، ئىجتىمائىي ماكاندىن ئايرىپ تاشلاپ ياكى ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كۆچۈرۈۋېلىپ ئەھمىيەتسىز، ئاجىز قىلىپ تاشلاشنى كۆرسىتىدۇ.

ختايلار بۇنى ئۇرۇشتا ئەڭ كىچىك جەڭدىن تاكى كاتتا جەڭلەرگىچە قوللۇنىدۇ. كۆپىنچە ئوتتۇرا ياكى كاتتا جەڭلەردە ئىشلىتىدۇ. سىياسىي كۈرەشتە ئەڭ قاتتىق پايدىلىنىدۇ.

### < 4 > تورنى كەڭ يېيىپ بىلىقنىڭ چوڭنى تۇتۇش

بۇ، چوڭ مەنپەئەت ئۈچۈن كىچىك مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىشنى ياكى ئارزۇيىغا يېتىش ئۈچۈن ئەستايىدىللىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن پىلان تۈزۈپ مەقسەتنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ختايلار بۇنى ئۇرۇشتا پارتىزانلىق، رازۋېتكا، قورشاپ يوقۇتۇش ساھەلىرىدە ئەڭ كۆپ قوللۇنىدۇ. كىچىك جەڭلەردىن ئەڭ كاتتا جەڭلەرگىچە بىمالال ئىشلىتىۋېرىدۇ.

### < 5 > يەمچۈك تاشلاپ بىلىق تۇتۇش

بۇ ــ يالغان، ئەرزىمەس نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ قارشى تەرەپنى مەپتۇن قىلىپ ياكى ئۇنى يوقۇتۇش، ياكى ئەسىرگە ئېلىش، ياكى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ياكى ئەخمەق قىلىش، ياكى ئارتۇقچە چىقىم تارتقۇزۇش ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ختايلار بۇنى ئۇرۇشتا كىچىك جەڭدىن تاكى چوڭ جەڭلەرگىچە قوللۇنىۋېرىدۇ.

### < 6 > دەرەخنى يىقىتىپ مايمۇننى توزۇتۇش

بۇ، قارشى تەرەپنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەركىزىي تايانچىسىنى يوق قىلىپ تاشلاش ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

كاپىرلارنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتىكى جىھادىي جامائەتلەرنىڭ ئەمىر - قوماندانلىرىنى يوقۇتۇپ تاشلاشقا كۈچىشى مانا مۇشۇ خىل تاكتىكىغا كىرىدۇ.

بۇنى خىتايلار ئۇرۇشتا ئوتتۇرا، چوڭ جەڭلەردە قوللۇنىدۇ.

## 4 > گىرەلەشمە جەڭ تاكتىكىسى

### <1> قايناۋاتقان قازاننىڭ ئوتىنى تارتىۋېتىش

بۇ، دۈشمەن بىلەن ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل ئېلىشىشقا توغرا كېلىپ ئەمما تەڭ كېلىشكە (ياكى ئاسانراق يېڭىشكە) كۆز ئىلمىگەندە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ تۇرغۇچى ئوبېكتلارنى يوقۇتۇش ئارقىلىق ياكى ئىستىقبال نائىنىق، يا پايدىسىز بولۇپ قالغاندا ھەممە ئىشنى يۇغۇشتۇرۇپ جىم يېتىۋېلىش ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنى خىتايلار ئۇرۇشتا ئوتتۇرا، چوڭ جەڭلەرنى قىلغاندا ۋە ئالاھىدە گۇرۇپپىلارنى ئىشقا سالغاندا ئەڭ كۆپ قوللۇنىدۇ.

### <2> سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش

بۇ، ۋەزىيەت قالايمىقان پەيتلەردە ياكى ئۆزى يالغان ۋەزىيەت قالايمىقانچىلىقى پەيدا قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ھەرىكىتىنى يۇشۇرۇپ، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ۋە ئاجىز تەرەپلەردىن قول سېلىپ مەقسەتكە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

خىتايلار بۇنى ئۇرۇشتا ئەڭ كىچىك جەڭدىن، ئەڭ كاتتا جەڭگىچە قوللۇنۇۋېرىدۇ ھەمدە دائىم ئەڭ كۆپ ئىشلىتىشكە قاتتىق ئىنتىلىدۇ.

### <3> قۇيرىقىنى تاشلاپ ئۆزى قېچىپ كەتمەك

بۇ، تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان دۈشمەنگە يولۇقۇپ چېكىنىشكە توغرا كەلگەندە، ياكى دۈشمەننى بىخۇد قويۇپ ئاساسىي كۈچنى يۆتكەپ كېتىش

زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، ياكى خەتەر ئاستىدا قالغان مەلۇم ئوبىيكتلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، ياكى كېرەكلىك بىر تۈركۈم نەرسىلەرنى دۈشمەنلەردىن چاندۇرماي ئېلىپ كېتىشكە توغرا كەلگەندە، سىرتقى ھالەتنى ئەينەن ساقلاپ ئاستىرتتىن كۆز بوياپ مەقسەتكە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ختايلار بۇنى ئۇرۇشتا چوڭ ـ كىچىك بارلىق جەڭلەردە بىمالال قوللىنىۋېرىدۇ.

<4> ئىشكنى يېپىپ ئوغرىنى تۇتۇش

بۇ، تەڭ كېلەلەيدىغان دۈشمەنگە نىسبەتەن تۆت تەرەپنى قورشاپ يوقۇتۇپ تاشلاشنى كۆرسىتىدۇ. ختايلار بۇنى ئۇرۇشتا ھەرخىل جانلىق شەكىلدە ئىجرا قىلىۋېرىدۇ. ئوتتۇرا ـ چوڭ جەڭلەردە، پارتىزانلىق ھەرىكەتلەردە كەڭ ـ كەڭرى ئىشلىتىدۇ.

< 5> يىراقتىكىلەر بىلەن دوست بولۇپ يېقىندىكىلەرنى يوقۇتۇش

ختايلار بۇنى ئۇرۇشتا ھۇجۇم يۆنىلىشىنى بەلگىلەشتە پايدىلىنىدۇ.

< 6> يول ئارىيەت ئېلىپ گۇئونى* بېسىۋېلىش

بۇ، كىچىك دۈشمەننىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغۇچىغا ئەمەلىي ياردەم بەرگۈچى قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ قاتتىق ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىش ئارقىلىق بويسۇندۇرۇۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ختايلار بۇنى ئۇرۇشتا دائىم دېگۈدەك قوللىنىدۇ.

5 > تېركىشىش جېڭى تاكتىكىسى

< 1> كۆۋرۈكنى ئوغرىلاپ تۈرۈكنى ئالماشتۇرۇماق

بۇ، قايتا ـ قايتا ئۆزىنىڭ ھەربىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئاساسىي كۈچىنى جەلىپ قىلىپ ئېلىپ چىقىپ، نىشاننىڭ ئىچىنى

* ختاي تارىخىدىكى قەدىمىي بىر بەگلىكنىڭ نامى

كاۋاكلاشتۇرۇپ، دۈشمەننى يېڭىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تاكتىكا ئايغاقچىلىق ئۇرۇشىدىمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرۇدۇ.

خىتايلار بۇنى ئۇرۇشتا ئوتتۇراھال، چوڭ جەڭلەردىمۇ قوللۇندۇ.

<2> قىزىم ساڭا دەي كېلىنىم سەن ئاڭلا

بۇ، كۆچلۈكلەر ئاجىزلارنى ئۆز خىزمىتىگە سېلىشتا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى ۋە كۆز قارشىنى تولۇق تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى قايىل قىلىش ئارقىلىق بۇيرۇقنى جان ـ دىلى بىلەن ئورۇنلايدىغان قىلىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

خىتايلار بۇنى ئۆزىگىمۇ، دۈشمەنگىمۇ ئىشلىتىدۇ.

<3> كېسەل قىياپەتكە كىرىۋالماق.

بۇ، ھېچ ئىش قىلالماي قالغاندا گالۋاڭ بولۇۋېلىپ، سوغۇققانلىق بىلەن ئۆزىنى ئاشكارىلىماسلىقنى، ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلاپ يەڭگىللىك بىلەن ھەرىكەت قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

خىتايلار بۇنى ئۇرۇشتا كىچىك جەڭدىن چوڭ جەڭلەرگىچە ئىشلىتىدۇ.

<4> ئۆگزىگە چىقىرىپ شوتىنى ئېلىۋېلىش

بۇ، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن قارشى تەرەپنى ئۆزىگە قاتتىق جەلىپ قىلىش ئارقىلىق بارسا كەلمەس يولغا ــ ھەممە تايانچى شارائىتىدىن ۋە بارلىق ياردەمدىن ئايرىلىپ قالغان ئۆلۈك جايغا پاتتۇرۇپ قويۇپ، ئۇلاردىن كۆڭلى خالىغانچە مەنپەئەتلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ تاكتىكىنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ستالىنمۇ قوللانغان.

خىتايلار بۇنى ئۇرۇشتا ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ئىشلىتىدۇ. كىچىك جەڭدىن تاكى ئەڭ كاتتا جەڭلەرگىچە تەدبىقلاۋېرىدۇ.

<5> دەرەخ ئۈستىدە گۈل ئېچىلدۇرۇش

بۇ ــ ھەرخىل، ھەرتەرەپلىمە يالغان ۋەزىيەت پەيدا قىلىپ، دۈشمەننى خاتا چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ، قورقۇتۇش ئارقىلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

خىتايلار بۇنى ئۇرۇشتا چوڭ ـ كىچىك بارلىق جەڭلەردە قوللۇنىدۇ.

<6> مېھمان تۇرۇپ ساھىبخان بولىۋېلىش

بۇ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ دۈشمەن ئارىسىغا تەرتىپلىك ھالدا ئاستا ـ ئاستا قول تىقىپ، خەتەرلىك نەرسىلەرنى پەم بىلەن يوقۇتۇپ، قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋېلىش ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ تاكتىكا ــ سىڭىپ كىرىش، پايدىلىق شارائىتنى بايقاپ پۇت تىكلەپ تۇرۇش، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىچكىرىلەپ كىرىش، ئاساسىي ھوقۇقنى مۇستەھكەملەش، ئىراقلا « ساھىبخان » بولىۋېلىش قاتارلىق بەش تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

خىتايلار بۇنى ئۇرۇشتا ئوتتۇرا ـ چوڭ جەڭلەردە قوللۇنىدۇ.

## 6 > مەغلۇبىيەت تاكتىكىسى

<1> سەتەڭلار ھىيلىسى

بۇ، سەتەڭلەردىن پايدىلىنىپ دۈشمەننىڭ مۇھىم، ئاجىز تەرەپلىرىگە قول سېلىپ؛ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش، ئاخباراتىنى ئوغۇرلاش، ھەل قىلغۇچ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈش، مۇھىم يەرلىرىنى ۋەيران قىلىش، پىلانلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋېتىش، ئۆزى ئۈچۈن قولدىن كەلگەنچە خىزمىتىگە سېلىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ تاكتىكا كۆپىنچە ئاساسەن كۈچلۈك ۋە ئەقىل ـ قابىلىيەتلىك دۈشمەنگە نىسبەتەن قوللۇنىلىدۇ.

دۇنيا ھەربىي ئالىمىدە شۇنداق بىر سۆز باركى ـــ قەھرىماننىڭ سەتەڭلەر ئۆتكىلىدىن ئۆتمىكى تەس. خىتايلاردىمۇ شۇنداق بىر سۆز باركى ـ 40 يىللىق كوممۇنىستنى ئازدۇغان ئايال.

بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى كۆرۈپ ئۆتۈشىمىز يېتەرلىك:« مەندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەر كىشىلەرگە، ئاياللارغا قارىغاندا زەرەرلىكراق بىر پىتنىنى قالدۇرمىدىم.» *

ھازىر ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە « سەتەڭلەر» سۆزى پەقەت ئاياللارغىلا ئەمەس، بەلكى شۇ خىزمەتتىكى قابىلىيەتلىك ئەرلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

## <2> قۇرۇق شەھەر ھىيلىسى

بۇ، بوش نەرسىنى تېخىمۇ بوش قىلىپ كۆرسىتىپ، دۈشمەننى گۇمانغا سېلىش ئارقىلىق زىياندىن ساقلىنىپ قېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

خىتايلار بۇنى ئۇرۇشتا ئوتتۇرا، چوڭ جەڭلەردە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر ـ ئىككى قېتىم ئىشلىتىدۇ. ئەمما كىچىكراق جەڭلەردە قانچىلىك ئىشلەتكىسى كەلسە شۇنچىلىك ئىشلىتىۋېرىدۇ.

## <3> زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش

بۇ، دۈشمەن قايسى ئۇسۇل ـ ۋاستىلەرنى قوللانسا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنمۇ نەخ شۇنىڭدەك ئۇسۇل ـ ۋاستىلەرنى قوللۇنىشنى كۆرسىتىدۇ. دۈشمەن مېنى ساختا دەپ ئويلاپ راستچىللىق قىلغاندا، مەن ساختا بولماي راست بولۇشۇم؛ دۈشمەن مېنى راست دەپ ئويلاپ ساختىلىق قىلغاندا، مەن راست بولماي ساختا بولۇشۇم كېرەك.

خىتايلار بۇنى ئۇرۇشتا چوڭ ـ كىچىك بارلىق جەڭلەردە قوللۇنىدۇ.

## <4> قىيناق ھىيلىسى

ئادەتتە ھەرقانداق ئادەم ئۆز ـ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلمايدۇ. ئەگەر ئۆزىگە زىيان كەلتۈرسە چوقۇم ھەقىقەت ئۈچۈن كەلتۈرىدۇ.

---

* بۇخارى رىۋايىتى

بۇ تاكتىكا دەل مۇشۇ ھاياتىي قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىپ راست ـ يالغاننى ئالماشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ جاسۇسلۇق مەقسىتىگە تېزلا يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ تاكتىكا بىلەن دۈشمەننى جەلپ قىلىپ قىلتاققا دەسسىتىش خۇددى كىچىك بالىنى ئالدىغاندەكلا ئاسانغا توختايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

خىتايلار بۇنى ئۇرۇشتا كاتتا جەڭلەردە قوللۇنىدۇ. سىياسىي ساھەدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىدۇ. ئىندەككە كەلتۈرۈش، ياكى ئۆچەي ـ باغرىنى سۇغۇرۇۋېلىش، ياكى قالايمىقانچىلىققا سېلىش ــ بۇ تاكتىكىنىڭ ئېنىق ۋەزىپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

< 5>  چۈشەك ھىيلىسى

بۇ تىغمۇ ـ تىغ ئېلىشىشقا بولمايدىغان قۇدرەتلىك دۈشمەننى ئۆز ـ ئۆزىگە چۈشەتكۈزۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق ھۇجۇم تەدبىرى تۈزۈپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

شۇ بىر نەرسە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ــ بۇ تاكتىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى دۈشمەننى چارچىتىش. خىتايلار بۇنى ئۇرۇشتا ئوتتۇرا، چوڭ جەڭلەردە كۆپ قوللۇنىدۇ.

<6>  پەشنى قېقىپ كەتكەن ھەممىدىن ئەلا

بۇ تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان دۈشمەندىن ۋاز كېچىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ پۇرسەت تېپىپ، كۈچ توپلاپ، تەييارلىق قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

تەھلىل قىلىپ باقىدىغان بولساق، دۈشمەن مۇتلەق ئۈستۈنلىكتە تۇرغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشساق مەغلۇپ بولىمىز. تەسلىم بولۇش بولسا 100 پىرسەنتلىك مەغلۇبىيەت، مۇشۇنداق پەيتتە سۈلھى تۈزۈش بولسا 50 پىرسەنت مەغلۇبىيەت، پەقەتلا چېكىنىش ـ مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىپ غەلىبىگە قەدەم بېسىشنىڭ پۇرستىنى ساقلاپ قالغانلىق.

بىز شۇ نەرسىنى ھەم ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى، بۇ يەردە تەلەپ قىلىپ ئېيتىلىۋاتقىنى ئىلمىي يۇسۇندىكى چېكىنىش، ھەرگىز قېچىش ئەمەس. خىتايلار بۇنى ئۇرۇشتا چوڭ ـ كىچىك بارلىق جەڭلەردە قوللۇنىدۇ.

مانا بولار خىتايلارنىڭ« 36 تەدبىر» ى.

قىستۇرما

< 1> بۇ تەدبىرلەرنى خىتايلار ئۇرۇشتا ئەڭ كىچىك گۇرۇپپىدىن تاكى پۈتۈن ئارمىيەگىچە بىمالال ئىشلىتىۋېرىدۇ.

<2> بۇ تەدبىرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىنى خىتايلار يەنە سىياسىي، ئىقتىسادىي، جاسۇسلۇق، دىپلوماتىيە ساھەلىرىدىمۇ ئەپچىللىك بىلەن ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىدۇ.

<3> بۇ تەدبىرلەر ئەمەلىيەتتە مۇكەممەل بىر پەن بولۇپ، يۇقىرىدىكى بايانلار پەقەتلا بۇ توغرىدىكى ئاددىي بىر چۈشەندۈرۈش. شۇڭا تۈركىستاننىڭ ئىچى ـ تېشىدا ئېلان قىلىنغان بۇ جەھەتتىكى مەخسۇس ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ناھايىتى كۆپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

<4> يۇقىرىدىكى بايانلاردىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى، « 36 تەدبىر» نى پۈتۈن دۇنيا خەلقى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىشلىتىپ كەلگەن، خىتايلار بولسا ئۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئەڭ بۇرۇن سىستېمىلاشتۇرغان. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاملى بىزدە ھەم مەۋجۇد.

## 2> كوممۇنىستلار ۋە ھەربىي تاكتىكا

كوممۇنىستلار خىتايلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل تەرەققىيات تارىخىدا ئەڭ چوڭ غەلىبە قازانغان ھەربىي، سىياسىي مۇتەخەسسىسلەر؛ ئەشەددىي مىللەتچى ۋە قانخور جاللاتلاردۇر.

ئۇلار ئەجداتلىرى قولغا كىرگۈزۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان نۇرغۇن گۆھەردەك زېمىنلارنى مۇستەملىكە قىلدى، نۇرغۇن سىياسىي كۈچلەرنى يوق قىلىپ تاشلىدى. نۇرغۇن مىللەتلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇ ئاساستا ئىلگىرىكىلەر ئۇخلىسا چۈشىدە كۆرمەيدىغان زور تەرەققىياتلارغا ئاساس سېلىپ، خىتايلارنىڭ دۇنيا سىياسىي مۇنبىرىدىن نوپۇزلۇق ئورۇن تۇتۇشىغا سەۋەبچى بولدى.

ئۇلارنىڭ بۇنچىلىك كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولغان غەلىبىلىك ئىشلىرى ئىچىدە سالمىقى زور ۋە ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئەلۋەتتە ھەربىي ئىشلار ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىدى.

ئۇلار بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت - نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى مەيدانغا چىقاردى. بۇلار ئەجداتلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن، كوممۇنىست قوماندان - سىياسىيونلارنىڭ ھەربىي ماھارىتىنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن ھەربىي پاراسەت خەزىنىسى ئىدى.

مەن تۆۋەندە بۇ تاكتىكىلاردىن ئىلگىرى تونۇشتۇرۇلمىغانلىرىدىن بىر نەچچىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىپ ئۆتىمەن.

<1> ئاقىللارنى ھەرخىل يوللار بىلەن بىر يەرگە توپلاش

ئەينى دەۋردە خىتايلارنىڭ قابىلىيەتلىك ھەرخىل سىياسىي مۇتەخەسسىس - قوماندانلىرى ئاساسەن بىر بايراق ئەتراپىغا توپلۇنۇپ، ماۋنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى.

دېمىسىمۇ بىر ۋەتەن، بىر مىللەتنىڭ سىياسىي تەقدىرى نۇرغۇن ئاقىللارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ بىرلىكتە باش قاتتۇرۇپ، ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، سىستېمىلىق ۋە دۆشمەنلەرگە سېلىشتۇرغاندا يۇقىرى سەۋىيەلىك ھەرىكەت قىلىشى بىلەن ئاندىن ھەل بولىدىغان مۇرەككەپ مەسىلە.

خىتاي كوممۇنىستلارنىڭ غەلىبىسى دەل ئەنە شۇنداق غەلىبە بولدى.

ئۇلارنىڭ قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى يىغىۋېلىش مەنبەسى ـ كوممۇنىست پائالىيەتچىلەر گۇرۇھى بىلەن گومىنداڭ ۋە باشقا ئىقىمدىكى كىشىلەر گۇرۇھى بولدى. ئەلبەتتە شەرت ـ ياكى قەتئىي مۇستەھكەم كوممۇنىست خىتاي بولۇش ياكى مىللىتىگە ئۆزىنى ئاتىغان غەيرى كوممۇنىست خىتاي بولۇش ئىدى.

بۇنى ماۋ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى:

بىرىنچىسى ــ ئۇچراتقان ھامان تەكلىپ قىلىش. ئىككىنچىسى ــ بايقىغان ھامان سىياسىي نەسىھەت قىلىپ يىغىۋېلىش.

نەتىجىدە بۇ كوممۇنىستلارنىڭ كېلەچەكتىكى غەلىبىسىگە مۇستەھكەم ئاساس بولدى.

<2> ھەر تەرەپلىمە شارائىتى ئەۋزەل ئورۇنلارغا تايانچ بازا قۇرۇۋېلىش

خىتاي كوممۇنىستلار ئەينى دەۋردە بىرسى ــ ئادەم سانى كۆپ، تەرەققىياتى ئۈستۈنرەك بولغان ئەڭ چوڭ شەھەرلەرگە؛ يەنە بىرسى ــ ھۆكۈمەت كۈچى ئاجىز ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئەۋزەل، نامرات يېزا ـ قىشلاقلارغا تايانچ بازا ۋە باش ئورگانلارنى قۇرۇۋالغان ئىدى. شەھەردىكىلەر سىياسىي پائالىيەتچىلەر ۋە رەھبەرلەر، قىشلاقتىكىلەر ھەربىي پائالىيەتچىلەر ۋە قوماندانلار ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە بىخەتەرلىكىگە ناھايىتى پايدىلىق بولدى.

<3> پارتىزانلىق ئۇرۇشنى ئاساس، مۇنتىزىم ئۇرۇشنى بولسا ھەل قىلغۇچ ۋاستە قىلىپ پايدىلىنىش

پارتىزانلىق ئۇرۇش قارشى تەرەپكە كەلتۈرىدىغان زىيان ـ تالاپەتلىرى ھېسابسىز لېكىن ئۆزىگە نىسبەتەن زەرەرى ئاز بولغان ھەربىي ھەرىكەت. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچەيتىپ قارشى تەرەپنى ۋەيران قىلىش، قارشى تەرەپنى مۇنتىزىم ھەربىي مەقسەتكە يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەر قانداق

ھەربي ھەرىكەتنىڭ باشلانمىسى ۋە مۇھىم تەركىبى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇلۇدۇ.

ئۇنىڭ سىياسىي ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى زور بولسىمۇ لېكىن ئۇنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلالمايدۇ. ئەلبەتتە مۇنتىزىم ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ ئاندىن سىياسىي ئىشلارنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

خىتاي كوممۇنىستالار ئەينى دەۋردە نەخ شۇنداق قىلدى.

<4> يېزىلار ئارقىلىق شەھەرنى ئېلىش

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىشتا باشلامچى سىياسىي كۈچ ۋە زور دەرىجىدە تايىنىدىغان بىر تائىپە تايانچى كىشىلەر بولۇدۇ. ئۇنى شۇ ۋاقىتنىڭ ۋەزىيىتى، شۇ رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بەلگىلەيدۇ.

لېنىن چارپادىشالىقنى ئۇرساق ئۈچۈن ۋەيران قىلىپ تاشلىغاندا، رۇسىيەدىكى ئىشچىلاردىن پايدىلانغان ئىدى. چۈنكى ئۇ، كوممۇنىستلارغا نىسبەتەن ئەڭ كەسكىن، ئەڭ ئويغانغان تائىپە ئىدى.

ماۋ بولسا دۆلەتنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن 95 پىرسەنت نوپۇسنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلارنى قوزغىماي ھېچ ئىش قىلالمايتتى. چۈنكى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئوقۇغان بەش ـ ئون ئادەم خىتاي ئىنقىلابىنىڭ ئېھتىياجىغا نىسبەتەن ھېچنېمە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىلاردا ياپون ۋە گومىنداڭنىڭ كۈچى ئاجىز بولۇپ قولغا ئېلىش، تەرەققىي قىلىش ئاسان ئىدى.

بۇنىڭغا قوشۇلۇپ يەنە بىر چوڭ ئەۋزەللىك شۇ ئىدىكى ــ يېزا خەلقى خىتايلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ نامرات، ئەڭ جاپا تارتىۋاتقان تائىپە بولۇپ؛ ئازراق ماددىي مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئەگەشتۈرۈۋېلىش ئاسان ئىدى.

مانا شۇ سەۋەب تۈپەيلى لېنىن شەھەرلەرنى ھەرىكەت باشلاش نوقتىسى قىلغان بولسا، ماۋ «يېزىلار ئارقىلىق شەھەرنى ئېلىش» تىن ئىبارەت بۇ تاكتىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**<5> ئارمىينى پارتىيگە بويسۇندۇرۇپ، سىياسىيونلار ھەممىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، قارىغۇلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش**

بۇ لېنىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، ماۋ ئەينەن كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەن.

بۇ بىر جەھەتتىن ئۇرۇشنىڭ سىياسىي قىممىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا قوماندان بىلەن سىياسىي كومىسسار بىر ـ بىرىگە نازارەتچى بولغان ھالدا خىزمەت قىلغاچ؛ خاتالىقنىڭ، خائىنلىقنىڭ ئالدى ئېلىنغان ئىدى.

**<6> دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا قېچىش، توختىغاندا پاراكەندە قىلىش، قاچسا قوغلاش، ئالداپ تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىۋېتىپ بىر ـ بىرلەپ يوقۇتۇش، مۇنتىزىم ئۇرۇش قىلماسلىق**

بۇ ماۋ ئوتتۇرىغا قويغان پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسى بولۇپ، كوممۇنىست خىتايلارنىڭ نۇرغۇن غەلىبىسىگە سەۋەبچى بولغان ئىدى.

**<7> تەرەپ ـ تەرەپكە يەر ئاستى ھەربىي، سىياسىي خىزمەتچىلەرنى ئەۋەتىپ پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىزانلىق گۇرۇپپىلارنى تەشكىللەپ كۆچنى زورايتىش. ئاممىنى ئومۇميۈزلۈك ئويغۇتۇپ، زوركۆلەملىك ئىنقىلابقا تەييارلىق قىلىش.**

## 3 > باشقىلار

<1> ئادەم ئىشلەتسە گۇمانلانماسلىق، گۇمانلانسا ئىشلەتمەسلىك.

<2> بىرنى ئۆلتۈرۈپ مىڭگە ساۋاق قىلىش.

<3> سەككىز ئەۋلىيا دېگىنىزدىن ئۆتكەندە ھەر بىرى ئۆز ماھارىتىنى ئۇلاپ كۆرسىتىش ياكى سەككىز ئەۋلىيانىڭ ئەقلىنى بىركاللىغا قاچىلاپ قويۇش.

<4> ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش.

<5> ئۆلۈكنى قوماندان سايلاش، يەنى ـ ھەر قانداق بىرگۇرۇپپا ياكى قىسىمنىڭ باش قوماندانى ئۆلۈپ كەتسە شۇ قېتىملىق ھەرىكەت ئاخىرلاشقىچە ئاشكارە قىلماي، ئۆلۈكنىڭ نامىدىن بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ھەرجەھەتتىكى تۇراقلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق غەلىبىگە كاپالەتلىك قىلىش.

<6> پىلان تۈزگەندە ھەر ئىككى ئىستىقبالغا ئۇيغۇن پىلان تۈزۈش (يەنى ــ غەلىبىنىمۇ، مەغلۇبىيەتنىمۇ چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ ئاندىن بىر ئىشلارنى تەرتىپلەشتۈرۈش ).

<7> ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇپ بولۇش كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغاندا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىراقلام ھۇجۇمغا ئۆتۈش. يەنى ــ قارشى تەرەپ غەلبىنى كۆرۈپ شاتلىنىپ، جىددىيلىشىپ نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ بوشلۇقلارنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. روھىي كەيپىياتى ئەستايىدىل ۋە تۇراقلىق بولمايدۇ. بۇنىڭدىن دەل ۋاقتىدا زەردە بىلەن پايدىلىنىش كېرەك دېمەكچى.

<8> كاللا ئىشلىمىگەندە دۈشمەنگە ئەگىشۋېلىش.

<9> مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماسلىق.

<10> غەلبىنى مۇستەھكەملەپ ئاندىن قەدەم بېسىش، شۇ ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇپ بولۇشنىڭ  ئالدىنى ئېلىش.

<11> ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىك.

<12> دۈشمەننىڭ ئۆزىگە ئۆزىنى ئەخمەق كۆرسەتمەك، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يەڭگىلتەكلىك قېلىشىنى قولغا كەلتۈرمەك.

<13> ئۆتنۈۋېلىپ كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىش، يەنى ـ ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ پايدىلىنىپ بولۇپلا بۇزۇۋېتىش، ئىشلىتىپ بولۇپلا يوقۇتۇۋېتىش.

<14> دۈشمەننى ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر قىلىش.

<15> خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندا كەينىگە يانماي، خاتا پېتى ئىشلەپ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىش. يەنى ـ دەرھال نەخ شۇ ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن پىلان تۈزۈپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئىجرا قىلىش.

<16> بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش.

<17> ئەسكەرنى ئون يىل بېقىپ بىر كۈن ئىشلىتىش.

<18> ياتنى قۇربانلىق قىلىپ، ئۆزى غەلىبىگە ئىگە بولۇۋالماق. يەنى ـ خەتەرلىك ئىشلارنى ھەر ئاماللار بىلەن ياتلارغا قىلدۇرۇپ ھەم ئۇلارنىڭ يوقۇلۇشنى، ھەم غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش.

<19> قوماندان دائىم ئەسكەر ئالدىدا ماڭماق. يەنى ـ « ئاتلىنىڭلار » دەپ ئەمەس، « ئارقامدىن مېڭىڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ خىزمەت قىلىش، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى، ساداقەتمەنلىكىنى، قەتئىيلىكىنى ئاشۇرۇش.

<20> ئۆلۈك ئاتنى داۋالاش ( يەنى ساراڭ بولۇۋېلىش ).

<21> ئاز كۈچ بىلەن ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقماق، يەنى ـــ كۈچ ئاز بولسىمۇ ئىشنى ئۆكسۈتمەي سىجىل داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش.

<22 > ماڭدىغان يول قالمىغاندا قارامىلىق قىلىش.

<23> ئەسلىي قىلماقچى بولغان ئىشنى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز چوڭ بىر ئىشنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ دۈشمەننى غەپلەتتە قويۇپ غەلىبە قىلىش.

<24> خەلقنى ئۆزىگە ناھايىتى ئۇلۇغ قىلىپ ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چەكسىز تېرىشچانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنقىلابنى كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىش.

<25> ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ئارقىغا چېكىنىش، يەنى — بارلىق قوشۇن ياكى ئايرىم گۇرۇپپىلار.

<26> جەم تۇرۇۋېلىپ دۈشمەننى چارچىتىش.

<27> يىپىنى ئۇزۇن قويۇپ بەرمەك، يەنى — ئادەمنى ياكى كىچىكرەك ئەترەتلەرنى قويۇۋېتىپ شۇ ئارقىلىق چوڭ قوشۇن ياكى باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىۋالماق.

<28> دۈشمەننى بىر قەدەم ئىلگىرىلەشكە يول قويۇش ئارقىلىق تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىۋېلىش.

<29> قوش پىلان تۈزۈش، يەنى ـ ئۆز ھەللىسىدە بىر لاھىيە بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، ئەگەر ئەھۋال مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتسا، ئاقىللار دەل ئەشۇنداق پەيتتە پايدىلىنىش ئۈچۈن تۈزۈپ بېرىپ يوشۇرۇن ساقلاشقا بۇيرىغان پىلان بۇيىچە ھەرىكەت قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشمەك.

<30> ئۈۋىسىغا كىرمەي يولۋاس بالىسىنى تۇتقىلى بولمايدۇ.

<31> پىيادە تۇرۇپ ئۆزىنى ئاتلىق چاغلاش (غۇرۇرىنى ئاشۇرۇش).

<32> تومپاي بولۇۋېلىش، يەنى ـ ئىشنى ئەڭ ئاددىي ـ ساددا يول بىلەن بىجىرىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىش. ئىزا ـ ئاھانەت ئۆتمەيدىغان، بىر نەرسىدىن لەززەتلەنمەيدىغان، غۇرۇرلانمايدىغان بولۇۋېلىش. مۇنداقچە ئېيتقاندا خۇشاللىنىشتىن، ئاچچىقلىنىشتىن، ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلىنىش.

<33> ئاۋال قوشۇن ئىچىدە ئۈلگە بەرپا قىلىش، ئاندىن تەربىيەلەش ۋە جازالاش.

<34> ئۇرۇشنى ئىمكان بار ياتلار زېمىنىدا قىلىش.

|<35> ھەر ۋاقىت قاتتىق مۇداپىيەدە تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئىمكان بەرمەسلىك.

<36> ئادەم ئۈچۈن خىزمەت ئىزدىمەي، خىزمەت ئۈچۈن ئادەم ئىزدەش.

<37> ئوردا ـ قەسىرلەرنى كۆپلەپ قۇرۇپ، تەرتىپ ـ تۈزۈمنى قاتتىق تۇتۇش.

<38> چىش ئۆتكەننى غاجىلاپ تۇرۇش.

## 4 ـ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا شەكىللەندۈرگەن تاكتىكا ـ تەجرىبىلىرى

بۇ بەك چوڭ تېما، بۇ ھەقتە يېزىلغان ماتېرىياللارمۇ ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: سوۋېت ۋە رۇسىيىنىڭ « بۇرژۇئا ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار ئىلمى توغرىسىدا »، « غەلىبە قىلىش ئىلمى »، « ھەربىي ئىستراتېگىيە »، « بۈيۈك قوماندان چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي تاكتىكىسى »؛ گېرمانىيىنىڭ « ئۇرۇش توغرىسىدا »، « ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش »؛ ئامېرىكىنىڭ « بۈيۈك ئىستراتېگىيە »، « ئۇرۇش پروگراممىسى »، « سۈنزىنىڭ يادرو ئىستراتېگىيىسى »، « بىر ھەربىينىڭ دوكىلاتى »، « سۈنزۇزى ۋە ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى »، « باشقۇرۇش ئىدىيىسى تارىخى »، « باشقۇرۇش ئىدىيىسى تەرەققىياتى »، « مەڭگۈلۈك چاقىرىق »، « ئەتكى ئىستراتېگىيە »، « ھاۋا بوشلۇقىدىن مۇداپىيەلىنىش »؛ يۇنان ۋە رىمنىڭ « تارىخ »، « پىلوپونىس ئۇرۇشى »، « ئۇزۇن سەپەر خاتىرىلىرى »، « گاللىيا ئۇرۇشى »، « ئىچكى ئۇرۇش »، « پۇرسەت ۋە تەدبىرلەر »، « ئالېكساندىرنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشى »، « ھەربىي ئىشلار توغرىسىدا »؛ ئەنگلىيىنىڭ « ئىستراتېگىيە توغرىسىدا »،« ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش »،

شۋېتسارىيىنىڭ «ئۇرۇش سەنئىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، ئىتالىيىنىڭ «هاۋا بوشلۇقىنى كونترول قىلىش هوقۇقى»، ياپونىيىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى جاھانگىرلىكىنىڭ دۇنيا ئىستراتېگىيىسى» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بايان قىلىپ تۈگىتىشكە ئىمكانىيەت يوق، شۇ سەۋەبتىن مەن ئۆلگە سۈپىتىدە پەقەت بەشلا ھەربىي ئىشلار تاكتىكىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچى.

<1> زەھەرلىك چېكىملىك ـ ئىچىملىكلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىش

بۇ، ئىنگلىزلارنىڭ پۈتۈن دۇنيانى مۇستەملىكە قىلىشتىن ئىبارەت ياۋۇز قارانىيىتى سەۋەبىدىن مەيدانغا چىققان ئىپلاس تاجاۋۇزچىلىق تاكتىكىسى.

زەھەرلىك چېكىملىك ـ ئىچىملىكلەر جىسمانىيەتنى قاتتىق ئاجىزلاشتۇرۇپ، روھىيەتنى تەربىيەسىز قالدۇرىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇنىڭغا بېرىلگەن ئىنسان ھايۋانغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا تۆپىلەپ بۇ نىجاسەت ئومۇمىي خەلقنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىپ تاشلايدۇ. ئەلبەتتە بۇنداق ئاجىزلىق ھەربىي ئىشلار ساھەسىدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ تۈپ سەۋەبى.

شۇڭلاشقا ئىنگلىزلار ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بۇنىڭغا مەھكەم يېپىشقان ـ دە، ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيانى زەھەرلىك چېكىملىك ـ ئىچىملىكلەرگە توشقۇزۇپ، ئامېرىكىدىن تاكى خىتايغىچە بولغان ناھايىتى ئۇزۇن زېمىننى بېسىۋالغان ۋە ناھايىتى ئۇزۇن قەۋملەرنى دۇنيادىن يوق قىلىپ تاشلىغان.

ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ كونا قاتىللىق، تاجاۋۇزچىلىق ئۇسۇلى ـ خىتاي ۋە رۇسلارنىڭ تۈركىستانلىقلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئاساسلىق دۆلەت سىياسىتىگە ئايلىنىپ قالدى.

دېمەك، رەھبەرلىرىمىز جىھادىمىز جەريانىدا، بولۇپمۇ جىھادىمىزنىڭ سىياسىي تەييارلىقى جەريانىدا تاجاۋۇزچى كاپىرلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى

زىيانكەشـلىكلىرىنى خـەلقىمىز ئېڭـىغا چوڭـقۇر سىڭـدۈرۈپ، « ئېتىقـادنى توغرىلاش ئارقىلىق زەھەرلىك چېكىملىك ـ ئىچىملىكلەرگە تاقابىل تۇرۇش » تىن ئىبارەت مۇۋەپپەقىيەتلىك سىياسىي خىزمـەت ئۇسـۇلىنى قـوللىنىپ، بـۇ ساھەدە ئـۆز لايىقىـدىكى ىپتـەرلىك غەلىبىلـەرنى چۇقـۇم قولغا كەلتۈرىشـى كېرەك، بۇ نۇرغۇن ياخشى نەتىجىلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ئىنشاالله.

## <2> الله نىڭ نامىدىن يالغان سۆزلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەربىي نىشانىنى ئورۇنلاش

بۇ پۈتۈن دۇنياغا بەك كەڭـرى تارقالغـان، ھـەتتا ئىسـلام دۇنياسـىدىمۇ يۈز بېرىپ تۇرۇدىغان رەزىل ھەربىي تاكتىكىلارنىڭ قاتارىدىن.

مەسـىلەن: 15 ـ ئەسـىردە ئامېرىكـا قۇرۇقلۇقـى قايتىـدىن بايقىلىـپ ياۋروپالىقلار بـۇ جايغـا ھۇجـۇم قىلىشـقاندا، ئـۇ يـەرنىڭ ئەسـلي ئاھالىسـى بولغان ئىندىئانلارنى پۈتۈنلـەي يـوقۇتۇپ تاشلاشـقا تۇتۇنـدى. بـۇ جەريانـدا ئۇلار ئۆز دىنىنى ئاساس قىلىپ تـۇرۇپ مۇنـداق ئـۈچ تۈرلـۈك يالغـانچىلىقنى مەيداغا چىقاردى:

بىرىنچى ـ « قەيەردىكى كىشلەر ھەققانىيەتتىن يىراقلاپ كەتسـە شـۇ يەردە بۈۋى مەريەمنىڭ ھەيكىلى پەيدا بولىدۇ » دېيىشتى ۋە نۇرغۇن كـەنت ـ بازارلارغـا ئىلگـىرى ئـۆزلىرى كۆمۈشـىپ قويۇشقان ھەيكـەل ـ بۇتلارنـى ئېچىشىپ، شۇ يەردىكى ئىندىئانلارنى يا قىرغىن قىلـدى ياخرىسـتىئان دىنىغـا مەجبۇر قىلىشتى.

ئىككىنچى ـ ئىندىئانلار بىر ئاياچـە ياسـالغان بۇتنـى خـۇدا دېيىشـەتتى (نەئۇزۇبىللاھ ). بۇ ئەسلى شامان دىنى دېگەن كۆپ خۇدالىق دىنىدىكى بىـر بۇت ئىدى. ياۋروپالىقلار بۇنى « بۈۋى مەريەمنىڭ دەل ئـۆزى » دېيىشـىپ، ئىندىئانلارنىڭ ئېتىقادىنى خرىستىئان دىنىغا قوشۇۋەتتى.

ئۈچۈنچى ـ « ئىندىئانلار يەر شارىدىكى جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ نەخ ئۆزى » دېيىشىپ ئۇلارنى قىرغىن قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشىپ، ناھايىتى زور دەرىجىدىكى ۋەھشىيلىكلەرنى مەيدانغا چىقاردى.

بۇيالغانچىلىقلار ئىندىئانلارنى ھاراققا جان بېرىدىغان ھاراقكەشلەردىن قىلىشقا ئۆتتى، مەدەنىيەتتە كېيىن قالدۇرۇش قاتارلىق بىر تۈركۈم تاكتىكىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بىرنەچچە يۈز يىل ئىجرا قىلىنىۋىدى، ئەينى دەۋردىكى 40 مىليون ئىندىئان ئاساسەن يوقۇلۇپ تۈگىدى.

ئون يىللىق ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى مەزگىلىدە(81) ئىران، ئىراق مىنالاشتۇرۇۋەتكەن بىر رايوندىن بۆسۈپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى ـ دە، بىر نەچچە مىڭ بالاغەتكە يەتكەن ـ يەتمىگەن بالىلارغا قىزىل لاتىغا ئورالغان بىردىن ئاچقۇچ تارقىتىپ ئۇنى « جەننەتنىڭ ئاچقۇچى » دەپ چۈشەندۈردى. ئاندىن ئۇلارنى ئىراققا قاراپ مىنالاشتۇرۇلغان رايون بويىچە ئاتلىنىشقا بۇيرىدى. تەكبىر ـ قىرائەتلەر بىلەن يۈرۈش قىلىۋاتقان بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مىناغا دەسسەپ ئۆلۈپ كەتتى. مىنا تازىلىنىپ ئىران ھەربىي مەقسىتىگە يەتتى، ئەمما ناھايىتى چوڭ بىر تۆھمەت دۇنيا تارىخىغا خاتىرىلىنىپ قالدى.

يېقىنقى يىللاردا خاراكتېر جەھەتتىن نەخ مۇشۇلارغا ئوخشايدىغان، خەلقنىڭ دىنىي ـ مەنىۋي قۇرۇلمىسىنى، كېلەچەككە بولغان ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى تۈپتىن ۋەيران قىلىپ تاشلاش مەقسىتىدىكى بىر تۈركۈم يالغانچىلىقلار تۈركىستاندىمۇ تەشۋىقات ۋاراقلىرى سۈپىتىدە تارقىتىلدى.

دېمەك، رەھبەرلەر جىھادىمىز جەريانىدا مۇشۇ يوسۇندىكى ئىشلارنىڭ مەيدانغا چىقىپ قېلىشىنى قاتتىق كونترول قىلىشى، تەشۋىقات يولى بىلەن مۇشۇ خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر خىل

سۇيقەستلەرنىڭ ئەكس تەسىرىنىڭ نەقەدەر زور بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى قەتئىي ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقى كېرەك.

### <3> بىر ئىشقا قارشى تۇرۇشقا مۇمكىن بولمىسا قوللىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ۋەيران قىلىش

بۇ كاپىرلارنىڭ ئىسرائىلىيىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇسۇلمانلارغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش يولىدا قوللانغان تاكتىكىسى.

مۇستەقىل پەلەستىن دۆلىتىنى قۇرۇش ئەسلى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى قول تىقىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردىن بىرى بولغاچ، 60 ـ يىللارغىچە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ، بولۇپمۇ ئەرەبلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تېرىشچانلىقى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. بۇنىڭدىن ئىسرائىلىيىنىڭ كېلەچىكىگە بولغان خەۋپىنى ھېس قىلغان دۇنيا كاپىرلىرى 1964 ـ يىلى ئەراپاتنى(82) ئوتتۇرىغا تاشلاپ، « پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى » دېگەن پارتىيەنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ تەشكىلات پەلەستىن مەسىلىسىنى ئۆزى قول تىقىپ ھەل قىلىدىغانلىقىنى، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق پەلەستىننى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار كۆپ خۇشال بولۇشتى.

ئەمما نەتىجە دەل خۇشاللىقنىڭ ئەكسىنچە بولدى ــ ئىسرائىلىيىنى يوق قىلىپ پەلەستىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ يەلكىسىدىن كىچىككىنە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ زىممىسىگە يۈتكەلگەچ، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تەشكىلاتسىز پەلەستىن مەسىلىسىگە بىۋاستە قول تىقىشى قانۇنسىز بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەلەستىن جىھادى ئاجىز، دائىرىسى كىچىك بىر ھەرىبىي ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قالدى.

كېيىن ئەراپاتنىڭ 1988 ـ يىلى ئىسرائىلىيىنى ئېتىراپ قىلىشنى مەركەز قىلغان خائىنلىقلىرى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ زور ياردىمى بىلەن

يەھۇدىيلارنىڭ كۆچىپ كېتىشى، شۇنچە ئۇزۇن مۇددەت ئېلىپ بېرىلغان جىھادنىڭ كۆندىن - كۆنگە ئەكسىنچە نەتىجە بېرىپ مۇسۇلمانلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشى، پەلەستىن جىھادىنىڭ كۆندىن - كۆنگە ھەربىي تۈسىنى يوقۇتۇپ بەس - مۇنازىرە يىغىنىغا ئايلىنىپ قېلىشى، ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلماسلىقى، 1998 - يىلى 9 - ئايدا ئەراپاتنىڭ جىھادتىن ئومۇمىيۈزلۈك ۋاز كېچىشكە ئورۇنىشى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەمەلىي مەسىلىلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ، ئىش كۆنسېرى مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇبىيىتىگە قاراپ يۈزلەندى ۋە يۈزلىنىپ تۇرۇپتۇ.

دېمەك، جىھادىمىز جەريانىدا كاپىرلارنىڭ شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدىغان ياردىمىدىن، كاپىرلارنىڭ بىزگە قارشى بولغان ئەكسىيەتچى قورالىق گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ چىقىپ تۈركىستاندا ئايىغى چىقمايدىغان سىياسىي دىراما قويۇشىدىن، ئۇلارنى ئۆزىگە تېرەك قىلىپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان سىياسىي پائالىيەتچىلىرىمىزدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك. ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويۇپ ئۇلارنىڭ بىزگە نىسبەتەن بولغان غەرەزلىرىدىن خەۋەرسىز قېلىش ھەم، ئۇلار بىلەن ئېھتىياتنى قايرىپ قويۇپ مۇناسىۋەت قىلىش ھەم بىزگە خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ. بىزنى ئۇلار ئەمەس، ئۇلارنى بىز داغدا قويۇشىمىز لازىم.

**<4> يۇلاتتەك ئىستىھكامدىكى باھادىرلارنى ئۆزلىكىدىن تەسلىم قىلدۇرۇش**

بۇ ئىسرائىلىيىگە شارۇن* دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى بولۇپ تۇرغان 1970 - يىللاردا يەھۇدىيلارنىڭ لىۋانغا قىلغان بىر قېتىملىق تاجاۋۇزى جەريانىدا مەيدانغا چىققان تاكتىكا.

* ھازىرقى ئىسرائىلىيىنىڭ باش ۋەزىرى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇشقاق ۋە ۋەھشىيلىكىدىن «ئوتتۇرا شەرقتىكى ئالۋاستى» دەپ نام ئالغان ئەشەددىي يەھۇدىي مىللەتچىسى.

يەھۇدىيلارنىڭ بۇ نۆۋەتلىك ھۇجۇمىدىن ئالدىدىن خەۋەردار بولغان لىۋان، ھۇجۇم قىلىنىش ئېھتىماللىقى بولغان بارلىق لىنىيگە ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىستىھكاملارنى سېلىپ كۆچلۈك مۇداپىيەدە تۇرغان بولۇپ؛ بۇ جايلاردىن يەھۇدىيلار بۆسۈپ كىرىمەن دېسە قانغا غەرق بولۇشى چوقۇم ئىدى. لېكىن يەھۇدىيلار لىۋانىي پۈتۈنلەي بېسىۋېلىشنى قارارلاشتۇرۇپ بولغان بولۇپ، نېمە بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك ئىدى.

ئاخىرى ھۇجۇم باشلاندى. ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى قىسقىغىنە بىر مەزگىلدىن كېيىنلا لىۋان پايتەختى بېيرۇتقا غەلىبىلىك كىردى. شارۇن ئەسكەرلىرىگە ئىستىھكاملاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىشنى بۇيرىغان ئىدى. پايتەختى قولدىن كېتىپ ۋەتىنى مۇستەملىكە بولغان ئىستىھكامدىكى لىۋان قوشۇنلىرىغا ئىستىھكام پەقەتلا ئۇلارنى يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇرۇشتىن توسۇپ، ئۆزلىرىنى تۇتۇپ بەرگۈچى تۈرمە بولدى، خالاس. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەسلىم بولۇشتى.

دېمەك، دۈشمەن قوشۇنى نوقتۇلۇق ئورۇنلاشقان ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم مۇداپىيە بازىلىرىنى ئالىمەن دېسەك يا مەغلۇپ بولۇدىغان، يا قاتتىق قىرغىنچىلىقتا قالىدىغان تەقدىر يۈز بەرگۈدەك بولسا، ئۇنىڭدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئەتراپىنى قولغا ئېلىپ، ئۇ يەرلەرنىڭ ھەربىي قىممىتىنى نۆلگە چۈشۈرۈپ، ئۆزلىكىدىن تەسلىم قىلدۇرۇش ياكى كۆپ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ئەسكەرلەرگە ئۇ يەرنى قارىغا ئېتىش مەشىق مەيدانى قىلىپ بېرىش كېرەك.

<5> تەربىيەلەنگەن ھەربىي ھايۋان ۋە ھاشارەتلەرنى ئىشلىتىپ جەڭ قىلىش

بۇ قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە پۈتكۈل دۇنيا خەلقى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان مەشھۇر ئۇرۇش تاكتىكىسى.

ئۇلارنى جەڭچى قىلىپ ئىشلىتىشنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك مەنپەئەتى بار:

بىرىنچى ـ ئۇلارنىڭ بىرتۈركۈم ئىقتىدارى ئىنسانلارنىڭكىدىن ۋە قورال ـ سايمانلارنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن. ئىككىنچى ـ ئۇلارنى دۈشمەنلەرنىڭ يوقۇتۇپ تاشلىشى بەك قىيىن. ئۈچۈنچى ـ ئۇلارنى ناۋادا يوقۇتۇپ قويساقمۇ مەنىۋي ۋە باشقا تەرەپلەردىن بىزگە كۆرسىتىدىغان ئەكس تەسىرى ئانچە زور بولمايدۇ.

مانا مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قورالىغا ئايلىنىپ قالغان.

مەسىلەن ـــ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئەسكەرلىرى نېمىسلارنىڭ نەچچە يۈز تانكىسىنى كۆندۈرۈلگەن ئىتلار بىلەن پارتلىتىپ تاشلىدى. بەزى ھەربىي بازىلارغا ئاق فوسفۇر سۈرتۈلگەن چاچقانلار بىلەن ئوت قويۇپ بەردى.

1967 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ۋېتنامدىكى شيەنگاڭ ھەربىي بازىسىدا تۇرۇشلۇق فلوت، بازىغا يېقىن دېڭىزدا تۇيۇقسىز ھادىسىگە ئۇچراپ 100 دەك پاراخۇتى پارتلاپ ۋە چۆكۈپ كەتكەن. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى ئەترىتى مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى تەكشۈرگەن. ئۇلار ئاخىرى پاراخۇتلارنىڭ، ۋېتنام ئالاھىدە خادىملىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان سۇ ئاستى مىناسىدا پارتلاپ كەتكىنىنى بىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا قاتتىق تەربىيەلەنگەن يۇنۇس بېلىقلىرىدىن تەشكىللەنگەن « دېڭىز دېلفىنى » ناملىق قوشۇننى يېتەكلەپ كەلگەن. ئۇلار تېزلا ئەتراپ دېڭىز بىلەن تونۇشۇپ چىققان ۋە ئامېرىكا ھەربىي پارخۇتلىرى يولغا چىققان ھامان ئۇلارنى قوغداپ ماڭغان. ۋېتنام ئارمىيىسىنىڭ سۇ ئاستى 126 ـ ئالاھىدە ئەترىتى بۇ ئىشنى سەزمەي يەنىلا « كۆز ئەينەكلىك يىلان » دېگەن پىلاننى ئىجرا قىلغۇەرگەن.

ئەسلى ۋېتنام « پاقا ئادەملەر » دەپ ئاتالغان ئالاھىدە خادىملارنى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئۇلار پاراخۇتلار ئاستىغا مىنا قويۇپ يۈرگەن. ئامېرىكىنىڭ يۇنۇس بىلىقلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئالاھىدە قوشۇنى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن « پاقا ئادەملەر » نىڭ بىرسىمۇ تىرىك قايتىپ كەلمىگەن ــــ بېلىقلار بېشىدىكى زەھەرلىك يىڭنە بىلەن ئۇلارنى سانجىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا پاراخۇتلىرىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك قوغداپ قالغان.

ھەربىي ھايۋانات ۋە ھاشارەتلەرنىڭ جەڭدىكى ۋەزىپىسى ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ھۇجۇم قىلىش، مۇداپىيە قىلىش، ئىز قوغلاش، تالاپەت پەيدا قىلىش بولۇپ؛ مەنپەئەتى بەك كۆپ. بولۇپمۇ ھازىر ئۇلارنىڭ ئالغان تەلىم - تەربىيە سەۋىيتى يۇقىرى بولۇپ، ناۋادا ئۇرۇش بولغۇدەك بولۇپ قالسا ئۇلارغا خېلى كۆپ ئەسكەرلەرمۇ تاقابىل تۇرالمايدىغان بولۇپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن غەلىبىلەر ئۇلار تەرىپىدىن مەيدانغا چىقىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ ئېھتىياج ۋە مەنپەئەتلەرئاقۋەتتە ھازىرقى زامان ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە ھايۋانات ۋە ھاشارەتلەردىن بولغان ئالاھىدە قوشۇننىڭ بولۇشىنى يۈزدە - يۈز تەلەپ قىلدى.

دېمەك، رەھبەرلىرىمىز جىھادىمىز جەريانىدا يۇقىرقىدەك ئالاھىدە ھەربىي قوشۇننى چۇقۇم تەشكىللىشى، شۇ ئارقىلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاسانلاشتۇرۇشى، تالاپەتنى ئازايتىشى لازىم.

بولۇپمۇ شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ شۇ خىل يوسۇندىكى قۇدرەتلىك قوشۇنى بىزنىڭ يېڭىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

مەن ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى شۇنچىلىك تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچى. گەپىنىڭ يەكۇنى: بىز بۇ قېتىملىق تۈركىستاننى ئىسلامىي مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھادنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز؛ ئۆزىمىزنىڭ، يات مىللەتلەرنىڭ ۋە دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزۈمىزنىڭ جەڭ قىلىش قابىلىيىتىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، غەلىبىمىزگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: « ئۇرۇش ھىيلىدىن ئىبارەت. »*

بۇ جەرياندا بىز تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا چۇقۇم دىققەت قىلىشىمىز لازىم ئەلبەتتە.

بىرىنچى، ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنىڭ ئۆزى قۇدرەتنى شۇنداق زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، غەلىبىگە سەۋەب بولىدىغان نەرسە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي ھاياتىي قۇۋۋىتى يەنىلا يېتەرلىك ئەسكىرىي كۈچتىن باشقا نەرسە ئەمەس. زورلۇق كۈچسىز ئوتتۇرىغا چىققان ھەربىي تاكتىكا ۋاقىتلىق بەزى نەرسىلەرگە ئېرىشتۈرگەن تەقدىردىمۇ لېكىن ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبىنى ھەرگىز ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

ئىككىنچى، تاكتىكىنى بىلىش ۋە چۈشىنىش بىر مەسىلە، ئۇنى ئەمەلىيەت جەرياندا قوللىنىش ۋە ئىشلىتىشنى بىلىش باشقا بىر مەسىلە. يەنى ـــ بىرسى نەزەرىيۋى بىلىم مەسىلىسى بولسا، ئىككىنچىسى ئەمەلىي قابىلىيەت مەسىلىسى. شۇڭا بۇ ئىككىسىنى زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئۆزلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق يا بىر تەتقىقاتچى ئالىمغا، يا بىر قارا قۇرساق كاللا كېسەرگە ئايلىنىپ قالىمىز.

---

* مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئۈچىنچى، تاكتىكىلارنى ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ئۆزلەشتۈرگەندە ــ ئەينەن تەقلىد قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز؛ ئۇنى قۇرئان ـ ھەدىسكە، ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە، ئەينى ۋاقىتقا ماسلاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇ ئەنە شۇنداق كاتتا بىر ئىلمىي ئىجادىيەتنى تەلەپ قىلىدىغان ساھە. بولمىسا بارلىقىمىزنى سەرپ قىلىپ ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلمىغان مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ قويىشىمىز ھەم مۇمكىن.

تۆتىنچى، تاكتىكا ساھەسى بويىچە يېڭىلىقلار ناھايىتى تېز مەيدانغا چىقىپ تۇرۇدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى ئۇچۇرلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى سەۋىيىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. چۈنكى تاكتىكىنىڭ قۇدرىتى ئىككى، بىرى ــ سىناقتىن ئۆتكەنلىكى، يەنە بىرى ــ چۈشىنىشىسىزلىكى.

بەشىنچى، بىز ئۆززۈمىزنىڭ ئەمەلىي ئۇرۇش قابىلىيىتىمىزنى ياخشى مۆلچەرلەپ ئۆزىمىزگە ماس كېلىدىغان، ئارزۇيىمىزغىمۇ ھەم ماس كېلىدىغان تاكتىكىلارنى قوللۇنىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك. بولمىسا يا ئۇنى ئورۇنلىيالماي شەرمەندىلەرچە چوڭ بىر مەغلۇبىيەتكە گىرىپتار بولۇپ قالىمىز، ياكى تارتقان چىقىمغا لايىق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەيمىز.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇرۇش قىلىش قابىلىيىتىمىزنى توغرا مۆلچەرلەشكە قاتتىق ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك. تەھلىل قىلىدىغان بولساق بىزنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئۇرۇش قىلىش قابىلىيىتىمىزدە تۆۋەندىكىدەك كەمچىلىكلەر بار:

بىرىنچى، مۇجاھىدلارنىڭ يەككە جەڭ قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن.

ئىككىنچى، مۇجاھىدلارنىڭ سىياسىي كۆرەش سەۋىيىسى تۆۋەن.

ئۈچۈنچى، ئارىمىزدا ھەر جەھەتتىن تەجرىبىلىك، زامانىۋى ئۇرۇش چۈشەنچىسىگە ئىگە، تۈركىستانىنىڭ ۋە تۈركىستانلىقلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى

توغرىسىدا مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولغان ھەربىي قوماندانلار يوق دېيەرلىك.

تۆتىنچى، ئالاھىدە ۋەزىپىلەرنى بېجىرەلەيدىغان ھەربىي، سىياسىي، پەن ـ تېخنىكا، تىل، مەدەنىيەتتە خەلقئارالاشقان پىدائىيلار قوشۇنىمىز يوق.

بەشىنچى، مۇكەممەل، جەڭگىۋار ھەربىي قوشۇنىمىز ئارزۇيىمىزغا نىسبەتەن كىچىك.

ئالتىنچى، دۈشمەنگە سېلىشتۇرغاندا قورال ـ ياراغ، ئارقا سەپ تەمىناتى جەھەتتە بىز خېلى تۆۋەن.

يەتتىنچى، خەلقىمىزنىڭ بىزنى ھەر جەھەتتىن تەمىنلەپ تۇرۇشىغا شارائىت يار بەرمەيدۇ. نامرات ۋە نادان.

بىز ئەلبەتتە ئۇلارنى ھەرگىز ئەستىن چىقارمىغان ھالدا ئاندىن دۈشمەنگە قاپقان قۇرۇشىمىز ھەمدە بۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ كەمچىلىكلىرىمىزنى تولۇقلاشقا قولدىن كەلگەنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. بۇنداق قىلىش ئەلبەتتە بىزنى چۆشكۈنلىككە ئەمەس، بەلكى غەلىبە قازىنىش نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان باتۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ.

## قىستۇرمىلار

### 1 ـ تۈركىستان توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

تۆۋەندە تۈركىستاننى چۈشىنىشتە زۆرۈر بولغان بىر نەچچە مەسىلە ئېنىقلاشتۇرۇلۇپ قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ. تارىخنىڭ سىر ـ ھېكمەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان اللە، خاتالىقلىرىمىزنى ئەپۇ قىلسۇن، نىيەتلىرىمىزنى پەقەت ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن بولغىلى نەسىپ قىلسۇن، ئامىين!

<1> «تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئىستېمال مەنىسى

تۈركىستان دېگەن بۇ ئاتالغۇ «تۈرك» دېگەن تۈركچە سۆز ۋە «ىستان» دېگەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تەشكىل تاپقان.

بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بۆلىكى بولغان «تۈرك» سۆزى كەڭ ۋە تار ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ ــ ھەر خىل شېۋە، بىر خىل تىلدا سۆزلەشكۈچى 35 تىن كۆپرەك قەبىلە ۋە قەۋمنى كۆرسىتىدۇ. تار مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ ــ پەقەتلا ھازىرقى تۈركىيە تۈركلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

«ىستان» دېگەن بۇ قوشۇمچە پارس تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، «جاي، ماكان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، «تۈركىستان» دېگەن سۆزنىڭ ئىستېمال مەنىسى «تۈركلەرنىڭ جايى، تۈركلەرنىڭ ماكانى» دېگەنلىك بولىدۇ.

<2> «تۈرك» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە سۆز مەنىسى

تۈركلەرنىڭ قەدىمىي ماكانى بولغان ئالتاي تېغىدا، بۇرۇندىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم تۈرك قەبىلىلىرى بار ئىدى. بۇلار، مانجۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان جۇجانلار مىلادىيە 402 ـ يىلى قۇرغان، شەرقتە قېدىرخان تاغلىرىدىن غەربتە تاكى كاسپىي دېڭىزىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن جۇجان خانلىقىغا بويسۇنۇپ ياشايتتى. بۇ تۈرك قەبىلىلىرى 552 ـ يىلى جۇجان خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ دۆلەت قۇردى ۋە ئۆزلىرىنى «كۆك تۈرك» دەپ

ئاتاشتى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ تىلى ۋە زېمىنى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولغان ناھايىتى كۆپلىگەن قەبىلە ـ ئۇرۇقلار « تۈرك » دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. بۇ تاكى ھازىرغىچىلىك داۋاملىشىپ كەلدى.

بەزى ئالىملار « كۆك تۈرك » دېگەن بۇ سۆزنى، قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى « كۆك » (يەنى ئاسمان ) ۋە « تۈرۈك » ( يەنى ئۆيىنىڭ تۈرۈكىدىكى تۈرۈك ) دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئومۇمىي مەنىسى « ئاسماننىڭ تۈرۈكى » دېگەنلىك بولۇدۇ دەپ قارايدۇ.

يەنە ئەسكەرتىپ قويۇدىغان بىر نوقتا شۇكى ــ تۈرك خەلقلەرنىڭ تىلىدا، ئاددىي خەلق ئۆزىنى « مەن قارا تۈرك، مەن تۈرك ئادەم » دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكنى ئىپادىلەيدىغان ئادەت بار. تارىخقا قارايدىغان بولساق، ئىسلامدىن بۇرۇن تۈركلەر تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلقلەرنى « قارا تۈرك » دەپ ئاتاشقان بولسا؛ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئەرەب ۋە پارس خەلقلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دىنىنى قوبۇل قىلغان تۈرك خەلقلىرى، ئۆزىنىڭ دىنىي ساھەدە بىلىمسىزلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن « مەن تۈرك » دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا كېلىپ چىققان بۇ سۆز ئادەتلىرى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا مۇقىملىشىپ قالغان.

## <3> « تۈرك » بىلەن « تۈركىي » دېگەن سۆزنىڭ ئىككى ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى

ھازىرقى ماتېرىياللاردا« تۈرك» ۋە « تۈركىي » دېگەن ئىككى خىل ئاتالغۇنى ئۇچرىتىمىز. كىشىلەر « تۈرك » سۆزىنى تۈركىيە تۈركلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن؛ « تۈركىي » سۆزىنى تۈركىيە تۈركلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن دۇنيا تەۋەلىكىدىكى ھەرخىل شېۋە، بىر خىل تىلدا سۆزلەشكۈچى 35 تىن ئارتۇق قەبىلە ـ قەۋمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن

ئىشلىتىدۇ. ئىلمىي جەھەتتىكى بۇ چوڭ خاتالىق، تۈرك خەلقلىرى ئىچىدىكى قۇللۇقنىڭ ۋە دۈشمەنلەرنىڭ قۇۋۇلۇق ـ شۇملۇقلىرىنىڭ نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئوسمانىيلار خىلاپىتىگە قارايدىغان بىر پۈتۈن تۈرك زېمىنىنىڭ شەرقى، 1884 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مانجۇ ـ ختايلارنىڭ چىڭ ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. بۇ تۈرك زېمىنىنىڭ غەربتىكى ناھايىتى كۆپ قىسمى ۋە پۈتكۈل شىمالى،1550 ـ يىللاردىن 1870 ـ يىللارغىچە ئورۇسلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. تاجاۋۇزچى كاپىرلار قوللۇقا چۈشكەن بۇ زېمىندىكى « تۈرك » ۋە « تۈركىستان » دېگەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي بىرلىكنى ئىپادىلەيدىغان بۇ ئاتالغۇلارنى ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق، چىداپ تۇرغىسىز زۇلۇم، شەيتاننى خۇشال قىلىدىغان ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن يوق قىلىپ تاشلاپ؛ بۇنىڭ ئورنىغا ـ ئويغۇر، تۈركمەن ( مەن تۈرك )، قىرغىز ( قىر ئوغۇز )، تاتار، ئۆزبېك، قازاق ( ياۋايى، ئىسيانكار ) دېگەندەك قەبىلە ئىسىملىرىنى ۋە شىنجاڭ ( يېڭى چېگرا )، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، تاتارىستان، ئۆزبەكىستان، قازاقىستان دېگەندەك ياسالما يەر ناملىرىنى دەسسەتتى. شۇنىڭ بىلەن « تۈرك » ۋە « تۈركىستان » دېگەن سۆز پەقەت ھازىرقى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تەۋەلىكىدىلا ساقلىنىپ قالدى.كاپىرلار « تۈركىي خەلقلەر » دېگەن نامنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق، تۈركىيە تۈركلىرى بىلەن قالغان تۈرك قەۋملىرىنىڭ ئارىسىدا سۈنئىي سىياسىي پارچىلىنىشنى داۋاملىق ساقلاپ قالماقچى بولدى ـ دە، « تۈركىي » دېگەن ئاتالغۇ بىلەن « تۈرك » دېگەن ئاتالغۇ پەرقلىق بولۇپ قالدى. « تۈركىي » دېگەن سۆز ئەسلى « تۈرك » سۆزىنىڭ پارسچە تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، ھەرگىز باشقا مەنانى ئىپادىلىمەيتتى.

<4> ھازىرقى ۋاقىتتا تۈركىستانغا تەۋە دەپ قارىلىۋاتقان زېمىنلار

شەرقىي تۈركىستان ــ بۇ زېمىن هازىر خىتايلارنىڭ قۇللۇقىدا بولۇپ، شىنجاڭ ( يېڭى چېگرا ) نى مەركەز قىلغان هالدا چېگىخەي ( كۆكنۇر )، گەنسۇ ( كەڭسۇ ) قاتارلىق ئۆلكىلەرگە تەقسىم قىلىۋېتىلگەن.

غەربىي تۈركىستان ــ بۇ زېمىن هازىر مۇستەقىل، غەربچە تۈزۈمدىكى بەش جۇمهۇرىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ـــ قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستان.

شىمالىي تۈركىستان ــ بۇ زېمىن هازىر رۇسىيەنىڭ قۇللۇقىدىكى يېرىم مۇستەقىل، غەربچە تۈزۈمدىكى 10 ئاپتونوم جۇمهۇرىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ـــ ياقۇتىستان، ئالتاي، خاكاسىيە، تۇۋا، تاتارىستان، باشقىرتىستان، چۇۋاشىيە، داغىستان، قاراچاي ـ چىركېس، كاباردىن ـ بۇلغار.

جەنۇبىي تۈركىستان ــ بۇ زېمىندا هازىر بىر دۆلەت، ئىككى رايون بار. ئۇلار ــ مۇستەقىل، غەربچە تۈزۈمدىكى ئەزەربەيجان جۇمهۇرىيىتى، رادىكال شىئەلەر قولىدىكى ئىران تۈركىستانى ۋە ئافغانىستان تەۋەلىكىدىكى تۈركىستان رايونىدىن ئىبارەت.

ئوسمان تۈركلىرى ـــ بۇ زېمىن هازىر، غەربچە تۈزۈمدىكى ئىككى مۇستەقىل جۇمهۇرىيەتنى، غەربچە تۈزۈمدىكى بىر ئاپتونوم جۇمهۇرىيەتنى ۋە غەربچە تۈزۈمدىكى بىر ئاپتونوم ئوبلاستنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ـــ تۈركىيە جۇمهۇرىيىتى ۋە قىبرىس جۇمهۇرىيىتى، ئۇكرائىنانىڭ قولىدىكى يېرىم مۇستەقىل قىرىم ئاپتونوم جۇمهۇرىيىتى، مولداۋىيىنىڭ قولىدىكى گاگائۇز ( يەنى كۆك ئوغۇز ) ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىبارەت .

<5> نوپۇسى بىرقەدەر كۆپرەك بولغان تۈرك خەلقلەر

ئۇيغۇرلار ـــ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. 1998 ـ يىلى ئومۇمىي نوپۇسى ــ 33 مىليون 708 مىڭ 800 دەپ ئېلان قىلىنغان ( بۇ سانلىق مەلۇماتتا تەخمىنەنلىك بار ).

تۈركىيە تۈركلىرى ــ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى ــ

58 مىليون 739 مىڭ 750 دەپ ئېلان قىلىنغان ( ئەمەلىيەتتە تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ نوپۇسى خېلىلا كۆپ بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشتىن ئىبارەت خەلقئارا سىياسەت سەۋەبلىك تۈركىيە جومھۇرىيىتى ئۆز نوپۇسىنى ئاز ئېلان قىلغان دەپ قارىلىدۇ ).

ئەزەربەيجانلار ـــ زور كۆپچىلىكى شىئە مەزھەبكە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمي نوپۇسى ـ تەخمىنەن 25 مىليون دەپ ئېلان قىلىنغان.

ئۆزبېكلەر ـ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمي نوپۇسى ـــ 21 مىليون 900 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

تاتارلار ـ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمي نوپۇسى ـــ 19 مىليون 614 مىڭ 40 دەپ ئېلان قىلىنغان (ئەمەلىيەتتە رۇسىيە نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 30 % دىن كۆپرەكىنى مېتىس تاتارلار تەشكىل قىلىدۇ، تۈركىيەگە كۆچۈپ بارغان تاتارلارنىڭ زور كۆپچىلىكى تۈركلىشىپ كەتكەن ).

قازاقلار ـ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمي نوپۇسى ـ 9 مىليون 895 مىڭ 479 دەپ ئېلان قىلىنغان.

تۈركمەنلەر ـ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمي نوپۇسى ـــ 7 مىليون 541 مىڭ 200 دەپ ئېلان قىلىنغان.

باشقىرتلار ـ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمي نوپۇسى ـــ 5 مىليون دەپ ئېلان قىلىنغان.

چۇۋاشلار ـ خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمي نوپۇسى ـــ 3 مىليون 800 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

قىرغىزلار ـ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمي نوپۇسى ـــ 2 مىليون 686 مىڭ 500 دەپ ئېلان قىلىنغان.

ياقۇتلار ـ زور كۆپچىلىكى ئىپتىدائىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمي نوپۇسى ـ 1مىليون 500 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

سېرىقئۇيغۇرلار ـ لاما دىنىغا ئېتقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى ــ 1مىليون 500 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

ئالتايلار ، خاكاسلار ، تۇۋالار ــ زور كۆپچىلىكى بۇددا دىنىغا ئېتقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى ــ1مىليون دەپ ئېلان قىلىنغان.

قۇمىقلار ــ ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى ــ 680 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

سالالار ــ ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى ــ 400 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

قارا قالپاقلار ــ ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى ــ 400 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

نوغايلار ــ ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى ــ 350 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

گاگائۇزلار ــ خرىستىئان دىنىغا ئېتقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى ــ 350 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

قاراچايلار ــ ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى ــ 300 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

بۇلغارلار ــ ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى ــ 150 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

ئىدىيە ـ غەرەز، نىيەت دېگەن سۆزلەرگە مەنىداش بولۇپ؛ ئايرىم شەخس ياكى بىر تۈركۈم ئىنسانلار گۇرۇھىنىڭ، ئۆزىنىڭ ياكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ماددىي ۋە مەنىۋىي تەلەپلىرىنىڭ قانائەتلىنىشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسەتلىرىنىڭ ئىخچام نەزەرىيىۋى قائىدىسى.

ئىدېئولوگىيە ـــ بىزچە ئەقىدە، ئۇ ئىدىيىنىڭ نېگىزى. بىر ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغۇچىلارنىڭ؛ ئۆز ئالدىغا قويغان نىشان، مەقسەتلىرىنىڭ ھەقىقەتكە ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئېتىقادىي چۈشەنچە.

نەزەرىيە ـــ ئىدىيە ۋە ئىدېئولوگىيەگە ئائىت مەۋجۇت دەلىل ۋە تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنلىرىنى ئىجابىي تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى كەڭ كۆلەمدە ۋە ئاممىباب چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئاممىنى جەلپ قىلىشنىڭ پىكرىي ئامىلى.

ھەقىقەت ـ دۇنيانىڭ ئەسلىي ماھىيەتلىك قانۇنىيىتى. ئىدىيىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس بولىدىغان ئىدېئولوگىيەلىك مەنبە.

ئەمەلىيەت ـ ھەقىقەتنىڭ سىرتقى كۆرىنىشى.

سىياسەت ـ ئىدېئولوگىيە ۋە ئىدىيىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن ئاساسىي سىياسىي پروگرامما، سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسى ۋە ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن لاھىيەلەنگەن نەزەرىيىۋى تاكتىكا.

ئىستراتېگىيە ـ ھەلقىلغۇچ، مۇھىم دېگەن مەنىلەردىكى سۆز بولۇپ؛ ئاساسىي سىياسىي پروگراممىا ۋە سىياسىي ھەرىكەت پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان مەركىزىي ئۇسۇل ياكى پۈتكۈل ئۇسۇللارنىڭ بىرلەشمە يۆنىلىشى.

تاكتىكا ــ تاللانغان نىشانغا يېتىش ئۈچۈن لاھىيەلەنگەن مۇكەممەل ئۇسۇل، تەدبىر، پائالىيەت تەرتىپى.

ئاسسىمىلياتسىيە ـ سىياسىي ساھەدە ــ بىرەر خەلق ياكى قەۋمنىڭ يەنە بىرەر مىللەت ياكى قەۋمگە ئىختىيارىي ـ تەبىئىي سىڭىپ يوقۇلۇشى ياكى مەجبۇرىي سىڭدۈرۈلۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەجبۇرىي سىڭدۈرۈلۈش ــ ئاسسىمىلياتسىيە سىياستى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ گېنوتسىد سىياستىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گېنوتسىد ـ مەۋجۇت بىئولوگىيىلىك تۈرلەرنى يوقىتىش دېگەن مەنادىكى ئاتالغۇ بولۇپ، سىياسىي ساھەدە ـ بىر خەلق ياكى بىرەر قەۋمنى ھەر تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن قەستەن ۋە مەجبۇرىي يوقىتىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ گېنوتسىد سىياستى دەپ ئاتىلىدۇ.

## خاتىمە

مەن كىتابنى تۈركىستانلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا قىلغان بىر نەچچە تۈرلۈك تەۋسىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن:

بىرىنچى، قېرىنداشلارنىڭ تۈركىستاننىڭ ئىچى - سىرتىدا چىققان ۋە چىقىۋاتقان ھەرخىل نەشىر بۇيۇملىرىنى قۇرئان - ھەدىسكە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، دۆلەتچىلىك ساھەسىدىكى كەسپىي بىلىم سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، بۇ نۆۋەتلىك تۈركىستان جىھادى ئۈچۈن ئۆزىگە يارىشا تۆھپە قوشۇشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ئىككىنچى، قېرىنداشلارنىڭ بۇ كىتابنىڭ داۋامىنىڭ تېزراق نەشىردىن چىقىشىغا دۇئا قىلىپ قويۇشىنى سورايمەن.

ئۈچىنچى، قېرىنداشلارنىڭ مېنىڭ دۇنيا - ئاخىرىتىم ئۈچۈن چىن قەلبىدىن دۇئا قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈنىمەن.

**1998** - يىلى قىشتا يېزىلغان، **2002** - يىلى تولۇقلاپ تۈزىتىلگەن.

## ئىزاھاتلار

<1> تۈركىستان ــــ ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان قوشۇلۇپ ئىلگىرى «تۈركىستان» دەپ ئېيتىلاتتى. رۇسلار تۈركىستاننىڭ غەربىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن 1867 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بۇ زېمىندا «تۈركىستان گېنېرال گۇبېرناتورلۇقى» نى قۇرغان. 1918 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بۇ زېمىننى چاررۇسىيەنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان كاممۇنىستلار، تۈركىستان گېنېرال گۇبېرناتورلۇقىنىڭ ئورنىغا تۈركىستان ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، تاشكەنتنى مەركەز قىلىپ بەلگىلىگەن. 1924 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر قاتار ئايرىم سۈنئىي مىللىي ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرغان ــــ 1924 - يىلى ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستان، 1929 - يىلى تاجىكىستان، 1936 - يىلى قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، غەربىي تۈركىستان دېگەن نامنىڭ ئورنىغا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان دېگەن نام ئالماشتۇرۇلغان.

مانجۇ - خىتايلار تۈركىستاننىڭ شەرقىنى 1878 - يىلى تولۇق بېسىۋالغاندىن كېيىن 1884 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بۇ يەرنى «شىنجاڭ» دەپ ناملاپ، مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق ئۆلكە قىلىپ قۇرۇپ چىققان. شەرقىي تۈركىستان خەلقى مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن تېڭىلغان بۇ ھاقارەتلىك نامنى پەقەتلا قوبۇل قىلماي، شەرقىي تۈركىستان دېگەن ۋەتەن نامىدىن قەتئىي ۋاز كەچمىگەن ۋە ۋازكەچمەي كېلىۋاتىدۇ.

ﷲ بۇ ۋەتەن پەرزەنتلىرىنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرۈپ، ئۆز يۇرتىنى ئەسلىي ئىسمى بىلەن ئاتىغلى نەسىب قىلسۇن.

<2> ( 1 ) قارلۇق خانلىقى ــــ خانلىقنىڭ ئاساسلىق پۇقراسى ھېسابلانغان قارلۇقلار تۈرك خەلقىگە مەنسۇپ قەبىلە. بۇ خانلىق 766 -

يىلـى بالاساغۇندا قۇرۇلغـان. 806 ـ يىلـى، ئۇيغـۇرلار ۋە تىبەتلـەر بىلـەن بىرلىشــىپ ئاباســىيلار خــەلىپىلىكىنىڭ ئــوتتۇرا ئاســىيانى پەتــھ قىلغۇچــى مۇجاھىدلار قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشـقان. كېيىنچـە قارلۇقلارغـا ئىسـلام دىنـى خېلى كۆپ كىرگەن بولسىمۇ ئەمما كۆپچىلىكى يەنىلا شامان دىنىـدا قالغـان. 942 ـ يىلـى قاراخـانىيلارنىڭ مۇجاھىـدلار قوشـۇنى قـارلۇقلارنى تـولۇق بويسۇندۇرغان. (2) سامانىيلار خانلىقى ـ سـامانىي مىلادىيـە 8 ـ ئەسـىردە ھىراتتا باش كۆتۈرگەن ئاق سۆڭەك تاجىك ئىدى. ئۇ ئوتپـەرەس تـاجىكلارنى ئىسلامغا ئەكىرگەچ مەشھۇر بولۇپ كەتكەن. خەلىپە ھارۇن رەشـىد (786 ـ 800) نىڭ ۋاقتىدىن باشلاپ سامانىيلار جەمەتىگـە مەنسـەب بېرىلىشـكە باشـلىغان. 875 ـ يىلـى بۇخاراغـا ۋالىيلـىق قىلىۋاتقـان ئىسـمايىل سـامانىي، تەبەرىستانغا كىرىپ شىئە، مۇھەممەد بىننى زاھىدنىڭ ھۆكۈمىتىنى يوق قىلىپ سـامانىيلار خـانلىقىنى قۇرغـان. زېمىنـى جـەنۇبتا پـارس قولتۇقـى، شـىمالدا كاسـپىي دېڭــىزى، شـەرقتە ھىنـدى دەرياسـى، غەربتـە باغـدات يېنىغىچـە كېڭەيگەن. 992 ـ يىلـى قاراخـانىيلار سـامانىيلارغا ھۇجـۇم قىلىـپ 999 ـ يىلى پۈتۈنلـەي يېـىپ ئالغـان. (3) قاراخـانىيلار خـانلىقى ـ 870 ـ يىلـى قۇرۇلغان. 932 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخـان، پادىشـاھ ئوغۇلچـاقنى ئۆلتـۈرۈپ تەختنى ئېلىپ، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنـى قىلغـان. قاراخـانىيلار خـانلىقى 942 ـ يىلى قارلۇق خانلىقىنى يوق قىلغان. 961 ـ يىلى ئىدىقۇت خـانلىقىنى جىزىيە تۆلەشكە مـەجبۇر قىلغـان. 999 ـ يىلـى سـامانىيلار خـانلىقىنى يـوق قىلغان. 1007 ـ يىلى خۇراسانىي ئالغان. 1008 ـ يىلـى خوتـەن خـانلىقىنى ئالغـان. 1042 ـ يىلـى بـۆرەتېكىننىڭ سـەۋەبى بىلـەن شـەرقىي ۋە غـەربىي قاراخانىيلار خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلىنىپ كەتكـەن. 1212 ـ يىلـى قـارا ختـايلار ھــەر ئىككــى قاراخــانىيلار خــانلىقىنى تــولۇق يېــۋالغان. (4) غەزنەۋىيلەر خانلىقى ـ 961 ـ يىلى سـامانىيلارنىڭ نىشـاپوردىكى ۋالىيسـى ئالپ تېكىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرغانلىقىنى جاكارلىغان.

977 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سوبۇق تېكىن تەختكە چىققاندا خانلىقتا ئىسلام دىنى ئومۇملۇشۇپ بولغان. زېمىنى شىمالدا ئامۇ دەريا، جەنۇبتا ھىندىقوش تېغى، شەرقتە پىشاۋۇر، غەربتە خۇراسانغىچە ئىدى. 998 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى27 يىشىدا تەختكە چىققان. ئۇ ھىندىستانغا 27 قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭ غەربى ۋە شىمالىنى بېسىۋالغان. 1192 ـ يىلى گۇرىلار خانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلغان. (5 ) گۇرىلار خانلىقى ــ گۇر ئەسلى ھىراتتىن كابۇلغىچە بولغان تاغلىق رايوننىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ يەرنىڭ خەلقى گۇرى دەپ ئاتالغان. بۇلار تاجىكلاردىن ھېسابلىناتتى. 1148 ـ يىلى غەزنەۋىيلەردىن ئاجراپ مۇستەقىل بولغان. قۇرغۇچىسى ئالائىددىن مۇھەممەد. شەرقتە پامىر ۋە شىمالي ھىندىستانغىچە ئالغان. 1192 ـ يىلى غەزنەۋىيلەر خانلىقىنى يوق قىلغان. 1206 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ھىندى دەريا بويىدا شاھ شاھابىددىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئاخىرلاشقان. (6 ) خارەزىم خانلىقى ــ ئەسلى ئارئانلارنىڭ جايى بولۇپ، كېيىن تۈرك زېمىنغا ئايلىنىپ كەتكەن. قاراخانىيلار ۋاقتىدا بۇلار تېخى تۈرك تاجىكلار دەپ ئاتالغان ئىدى. 1072 ـ يىلى تۇنجى قېتىم سەلجۇق خانى سۇلتان مەلىك خارەزىملىكلەردىن ئانۇش تېكىننى خارەزىمگە ۋالىي قىلغان. بۇ ۋالىيلىق كېيىن ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلات داۋاملاشقان. 1140 ـ يىلى بۇلاردىن ئاتسىز مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان. 1194 ـ يىلى سەلجۇقىيلار خانلىقىنىڭ ھەممە زېمىنىنى تارتىۋالغان. خەلىپىلىكمۇ خەۋپ سالغان. 1220 ـ يىلى چىڭگىزخان تەرىپىدىن يوق قىلىنغان. ( 7 ) سەلجۇق خانلىقى ــ سەلجۇقىيلار 1000 ـ يىلى رەھبىرى سەلجۇقىينىڭ يېتەكلىشىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. 1037 ـ يىلى 10 ـ ئايدا توغرۇلبەگ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ مەرۋنى پايتەخت قىلغان. ئۇ زېمىنىنى غەربتە ئاناتولىيە، شەرقتە ئامۇ دەرياغىچە كېڭەيتكەن. 1055 ـ يىلى باغداتقا باستۇرۇپ كىرىپ، خەلىپىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ ئۇنى قورچاققا ئايلاندۇرۇپ

قويۇپ ئىشلارنى ئۆزى باشقۇرغان. 1063 ـ يىلى تەختكە چىققان توغرۇلبەگنىڭ ئوغلى ئالىپ ئارسلان مەككە ـ مەدىنىنىمۇ تارتىۋېلىپ زېمىنىنى قىزىل دېڭىزغا يەتكۈزگەن. 1071 ـ يىلى كافكازنى ئالغان. 1072 ـ يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان مەلىكشاھ زېمىنىنى شەرقتە شەرقي تۈركىستان، غەربتە سۈرىيە، شىمالدا ئەرەبلەر ئالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كېڭەيتكەن. قاراخانىيلار دۆلىتى بىلەن رۇم پادىشاھلىرىنى ئولپان (باج) تۆلەشكە مەجبۇر قىلغان. 1092 ـ يىلى مەلىكشاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن دۆلەت ئاجىزلاشقان. 1136 ـ بەدەخشاندا، 1141 ـ يىلى قەتۋاندا سۇلتان سەنجەر قارا قىتانلاردىن قاتتىق يېڭىلگەن. 1153 ـ يىلى سۇلتان سەنجەرنى خەلقى ھوقۇقتىن ئېلىۋەتكەن. قالغان كۈچ 1194 ـ يىلى خارەزىملارنىڭ قولىدا يۇتۇنلەي يوق بولغان.

<3> چىڭگىز ئىستېلاسى — 1196 ـ يىلى موڭغۇل قەبىلە باشلىقلىرى يىغىن چاقىرىپ موڭغۇل خانلىقىنىڭ قۇرۇلغىنىنى، تېمۇچىنىنىڭ چىڭگىزخان نامى بىلەن خان بولغىنىنى قارارلارشتۇرغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا قېدىرخان تاغلىرىدىن ئالتاي تېغىغىچە، سىبىردىن گوبى چۆلىگىچە بولغان زېمىن قارايتتى. چىڭگىزخان ئاۋال غەربكە ھۇجۇم قىلىپ بالقاش كۆلىگىچە ئالغان. 1207 ـ يىلى قىرغىزلار ئۆزلىكىدىن ئەل بولغان. 1208 ـ يىلى ئېنىساي ۋادىسىدىكى ئۇيراتلار ئۆزلىكىدىن ئەل بولغان. 1211 ـ يىلى ئىدىقۇتلار ئۇنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكەن.

چىڭگىزخان 1213 ـ يىلغىچە شىمالىي ختاينىڭ خېيى، سەنشىلەرنى بېسىۋالغان. 1217 ـ يىلى ئىدىقۇتلار بىلەن بىرگە قاراخانىيلارنى ئالغان. 1220 ـ يىلى بۇخارانى، سەمەرقەنتنى، ئوترارنى ئالغان. 1221 ـ يىلدىن باشلاپ خارەزىم، نىشاپور، مەرۋ، غەزنى، پامىر، ھىمالايا ئەتراپىي ۋە تىبەتنى ئېلىپ 1224 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. جەبە نويان ۋە سۇبۇتاي باشچىلىقىدىكى زور قوشۇن چىڭگىزخاننىڭ

بۇيرىقى بىلەن غەربكە داۋاملىق مېڭىپ 1222 ـ يىلى گىرۇزىيە، قىرىمنى ئالغان. باتۇخان ئىدىلدىكى بۇلغار، قىپچاق، مالداۋالارنى ۋە كىيېپ شەھرىنى ئالغان. رۇسلار پۈتۈن قۇللۇققا چۈشكەن. 1238 ـ يىلى باشقا تارماق قوشۇنلار پولشا، ھونگىرىيە، چېخ، سىلاۋاكىيەنى ئالغان. ھىلاكۇ ئافغان، ئىراننى ئالغان ۋە 1258 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلىپىنى تەسلىم قىلدۇرۇپ ئابباسىيلار خىلاپىتىنى يىقىتقان.

چىڭگىزخان 1227 ـ يىلى نىڭشانى مەركەز قىلغان تاڭغۇتنى ئالغان. 1227 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۆلگەن.

چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى 1234 ـ يىلى ئالتان خانلىقىنى، 1279 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسىنى، 1289 ـ يىلى جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنى بېسىۋالغان. ئۇنىدىن كېيىن مۇڭغۇللار پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن ۋە زوركۆپى ناھايىتى تېزلا مۇسۇلمانلىششقا يۈزلىنىپ ئاسسىملىياتسىيە بولۇپ كەتكەن ھەمدە شۇلار 19 ـ ئەسىرگىچە نۇرغۇن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى قۇرغان.

بۈگۈن ناھايىتى ئاز بىر قىسىم موڭغۇللارلا موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى، رۇسىيەنىڭ بۇريات ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ۋە قالماق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى، خىتاينىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايىنغولىن ۋە بۆرتالا موڭغۇل ئوبلاستىدا قېلىپ قالغان.

مانا بۇ چىڭگىز ئىستېلاسى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

<4> بارلاس قەبىلىسى ـــ موڭغۇل قەبىلىسى. كېيىن ئىسلامغا كىرگەن. ئەمىر تۆمۈر شۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى ئىدى. بۇ قەبىلە چىڭگىزخاننىڭ جەمەتىگە چېتىلمايدىغان سىرتقى قەبىلىلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. موڭغۇللارنىڭ قائىدىسىدە ئەينى ۋاقىتتا مەيلى مۇسۇلمان، مەيلى كاپىر موڭغۇللار بولسۇن چىڭگىزخان جەمەتىدىن بولمىغانلارنىڭ خان بولۇش ھوقۇقى بولمايتتى. شۇڭا ئەمىر تۆمۈر ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنى

ئاشۇرۇش ئۈچۈن چىڭگىزخان قېنىدىن كەلگەن بىر ئايالنى ئېلىپ، ئۆزىنى كوراگان ــ شاھزادە دەپ ئاتىغان، خان دەپ ئاتىيالمىغان. بۇ بىر جەھەتتىن ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئىسلامنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەپ بەرسە، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ ئۆزىنى موڭغۇل مىللىتىدىن بولغان چىڭگىزخاننىڭ قەۋمىدىن ھېسابلايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

<5> باتۇر تەڭرىقۇت ــ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلى دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىققان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 174 ـ يىلى ئۆلگەن. ئەڭ گۈللەنگەن ھون ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان.

<6> يەنى،1 ـ ھونلارغا خوتۇن ـ قىز، مەلىكىلىرىنى تارتۇق قىلغان قىياپەتتە قاتتىق تەربىيەلەنگەن ئايال جاسۇسلارنى ياتلىق قىلىپ، تۇغۇلغان شاھزادە ـ بەگزادىلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە چىقىشىنى تەشەببۇس قىلىش، شۇ ئارقىلىق ھون ھاكىمىيىتىنى ئىچكى نىزاغا پاتتۇرۇش ۋە ئاخىرى پارچىلاپ تاشلاش. 2 ـ ھەر خىل يوللار بىلەن سۈپەتلىك ئاتلارنى كىرگۈزۈپ، خىتاي ئاتلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاپ ئاتلىق قوشۇننى بولماسلىقتەك ھەربىي ئاجىزلىقىغا خاتىمە بېرىش. 3 ـ دۆلەت ئىقتىسادىنى قاتتىق تەرەققىي قىلدۇرۇش. 4 ـ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيەنى ئالاھىدە كۈچەيتىش. 5 ـ ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى 30 نەچچە شەھەر بەگلىكىنى قۇترىتىپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتكە قارشى چىقتۇرۇش ئۈچۈن قابىلىيەتلىك سىياسىي جاسۇسلارنى ئەۋەتىش. شۇنىڭ بىلەن ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ يېزائىگىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مېتاللچىلىق بازىسى بولغان بۇ رايوندىن ھون ھۆكۈمىتىنى مەنپەئەتلىنەلمەيدىغان قىلىۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىقتىسادىنى ئاجىزلاشتۇرۇش. 6 ـ تەرەپ ـ تەرەپكە ئەلچى يوللاپ، خەلقئارا سىياسىي ئىتتىپاقداشلىقنى شەكىللەندۈرۈپ؛ ھونلارغا بولغان ھۇجۇمنىڭ دائىرىسى، مىقدارى، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش.

<7> ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن ئىسيانى ـــ ئۆڭلۈك ـــ ھازىرقى بېيجىڭ، تەيیۇەن، چاۋياڭنىڭ بىگى؛ تۈرك. تاڭ پادىشاھىنىڭ ئىپلاس قېيىنى ئاغىسى ياڭنى ئۆلتۈرۈش شۇئارىدا 755 ـ يىلى 150 مىڭ ئەسكەر بىلەن قوزغىلاڭ قىلغان. تاكى شىئەنگىچە قىستاپ بارغان. نۇرغۇن ئۆلكىنى تارتىۋالغان. ئۆزىنى يەن خانى دەپ ئاتىغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەرگەردان پادىشاسى 757 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىدىن ياردەم سورىغان. ئۇيغۇرلار ئۆڭلۈكنىڭ بۇ ئىسيانىنى تىنچىتىپ بەرگەن. 758 ـ يىلى ئۆڭلۈكنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى سۆيگۈن يەنە ئىش قوزغاپ لوياڭنى ئېلىپ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغان. 762 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى يەنە ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىدىن ياردەم سورىغان. 763 ـ يىلغىچە ئۇيغۇرلار سۆيگۈننىڭ بۇ ئىسيانىنى يەنە تىنچىتىپ بەرگەن. بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويۇدىغان مۇنداق ئىككى نەرسە بار ـــ ( 1 ) تارىخچىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىچە ئۇيغۇرلار شۇ ۋاقىتتا تەخمىنەن 54 مىليون دەپ قارىلىدىغان خىتايلارنىڭ 37 مىليوننى توپىلاڭنى باستۇرۇش باھانىسىدا قىرىپ تاشلىغان. ( 2 ) ئۇيغۇرلار، ئالغان يەرلەردىكى زېمىن بىلەن ئۆي تاڭ سۇلالىسىغا، مال ـ مۈلۈك بىلەن خوتۇن ـ قىزلار ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولىدىغان ھەمدە ھەر يىلى 20 مىڭ توپ يىپەك تۆلەيدىغان توختام بىلەن كىرگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار جەڭدىن كېيىن نۇرغۇن خىتاي خوتۇن ـ قىزلارنى ئېلىپ كەتكەن. خىتايلار قاتتىق كەملەپ كەتكەن. تەپسىلاتىنى تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى 195 ـ جىلتتىن كۆرىۋالسىڭىز بولىدۇ.

<8> تۆمۈر خەلپە ـــ قۇمۇل قورايلىق، دادىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان، ياغاچچى. 1912 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ زۇلۇمىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن قورايدا قوزغىلاڭ قىلغان. شا مەخسۇت ۋاڭ ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قوزغىلاڭچىلاردىن قايتا ـ قايتا مەغلۇپ بولغان. قوزغىلاڭ ئەتراپتىكى ھەممە تاغقا كېڭەيگەن. ياڭ زىڭشىن ( 1868 ـ

1928 ) 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان يىگىجاڭ لى شۇفۇنى ئەۋەتىپ ھىيلە ئىشلىتىپ تۆمۈر خەلىپە بىلەن ئالتە ماددىلىق توختام تۈزگەن. توختامنىڭ روھىغا ئاساسەن تۆمۈر خەلىپە 1913 ـ يىلى باش يازدا 130 سەبدىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋە چېگرانى تېنچلاندۇرغۇچى ئاتلىق 3 ـ يىڭنىڭ يىڭجاڭى بولغان. بىللە كەلگەن قوزغىلاڭچىلار ئەسكەر بولغان. كېيىن ئالدانغىنىنى بىلگەن تۆمۈر خەلىپە ئۈرۈمچىدىن كەتمەكچى بولغان. ياڭ زىڭشىن بۇنى بىلىپ قېلىپ 1913 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەبدىشى مۆيدىن خەلىپە بىلەن بىللە قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. جەڭچىلەرنى قايتۇرىمىز دەپ گۇچۇڭ بىلەن مورى ئارىلىقىدىكى چوڭ تاشتا قىرىۋەتكەن.

<9> خۇجىنىياز ھاجى ـــ قۇمۇللۇق، 1907 ـ يىلقى تورپاق قوزغىلىڭى، 1912 ـ يىلقى تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. 1931 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قۇمۇلنىڭ شوپۇل تېغىدا سالىي دورغا قوزغىغان ئىنقىلابقا قوشۇلغان. 1932 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ سايلانغان. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بىلەن كۆپ ئۇرۇشقان. ئەسكەرلىرى كۆپىيىپ نامى مەشھۇر بولۇپ كەتكەن. 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سوۋېت كونسۇلىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن خۇجىنىياز ھاجى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن توختام تۈزگەن. توختام بويىچە شەرقىي ۋە جەنۇبىي تۈركىستاننى خۇجىنىياز ھاجى، شىمالىي تۈركىستاننى شىڭ شىسەي باشقۇرۇدىغان بولغان ۋە خۇجىنىياز ھاجى جەنۇبىي تۈركىستاننىڭ قوغدىغۇچى باش قوماندانى بولغان. شۇنىڭ بىلەن خۇجىنىياز ھاجى 6 ـ ئايدا ئەسكەرلىرى بىلەن جەنۇبقا يۈرۈپ كەتكەن. 1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى بولۇشنى رەت قىلغان ۋە سوۋېتنىڭ بۇيرىقى بىلەن سابىت داموللىنى تۇتۇۋېلىپ شىڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. 1937 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىڭ شىسەي خۇجىنىياز ھاجىنى ئۈرۈمچىدە قولغا

ئېلىپ، 1938 - يىلى سىرتماقتا بوغۇپ ئۆلتۈرگەن. قەبرىسى - ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ شەرقىدىكى كونا شەھىدلىقتىكى يالغۇز گۈمبەزلىك قەبرە.

<10> زەكىي ۋەلىدى توغان — رۇسىيىلىك تۈركولوگ. مىللىتى باشقىرت. ئۇ 1920 - يىللارنىڭ بېشىدىكى تۈركىستان جىھادى پەيتىدە بۇخارا ئەمرى بىلەن بىللە رۇس قىزىل ئارمىيىسىگە تەسلىم بولغان بولسىمۇ، 1920 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ستالىن يەنىلا چەتئەلگە قوغلىۋەتكەن. «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، «بۈگۈنكى تۈرك ئېلى — تۈركىستان ۋە ئۇنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى» دېگەن مەشھۇر ئەسەرلىرى بار. ئاخىرقى ئۆمرى تۈركىيەدە ئۆتكەن.

<11> ساتۇق بۇغراخان — ئىسلامىي نامى ئابدۇلكەرىمخان. 914 - يىلى ئوردىدا يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلى قېچىپ يۈرگەن سامانىيلار شاھزادىسى ئەبۇناسىر سامانىينىڭ قولىدا 920 - يىلى ئىمان ئېيتقان. 932 - يىلى تاغىسى ئوغۇلچاقبېگنى ئۆلتۈرۈپ تەختنى ئېلىپ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان. قارلۇق خانلىقىنى پۈتۈن ئالغان، ئىدىقۇتلارنىڭ قولىدىن قاراشەھەرگىچە پەتھ قىلغان. 955 - يىلى ۋاپات بولۇپ ئاتۇش مەشھەدتىكى ئۇستازى ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ئىسلام دىنىنىڭ تۈرك خەلقلەر ئىچىدە مۇقىم يىلتىز تارتىشىغا ئاساس سالغان. تۇرغۇن ھالەتتىكى ئىسلام دۇنياسىغا يېڭى قان بولغان. ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

<12> يۈسۈپ خاس ھاجىب — 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر دۆلەتشۇناسى، قاراخانىيلارغا قاراشلىق بالاساغۇندا تۇغۇلغان. 1069 - يىلدىن 1070 - يىلغىچە 18 ئايدا يازغان «قۇتادغۇبىلىك» يەنى — بەخت كەلتۈرگۈچى ھاكىمىيەت دېگەن 13 مىڭ 290 مىسرالىق ئەسىرى بار. قاراخانىيلارنىڭ خاس مەسلىھەتچىسى بولغان. قەبرىسى قەشقەردە.

<13> سابىت داموللا ــ 1883 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ئازاق يېزىسىدا تۇغۇلغان. قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ۋە بۇخارادا ئوقۇغان. كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. 1925 ـ يىلى سۇيىقەست نىشانى بولۇپ قالغاچ چەتئەلگە كەتمەكچى بولۇپ ئىلىغا كەلگەن. 1930 ـ يىلى مۇھەممەد ئىمىن بوغرا بىلەن كۆرۈشكەن. 1931 ـ يىلى ھەجگە بارغان. ئۇ يەردە مۇسا جارۇللاھ بىلەن كۆرۈشكەن. سەئۇدىيە، تۈركىيە، مىسىر، ھىندىستاندا زىيارەتتە بولغان. 12 ـ ئايدا قاغىلىققا كېلىپ تۈز خوتەنگە بارغان ۋە مەمتىمىن بوغرانىڭ تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان. 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەمىر ئابدۇللاھ بىلەن 2 مىڭ مۇجاھىدنى باشلاپ قەشقەرگە كەلگەن. 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى قەشقەر باشقارمىسىنى قۇرغان. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مۇھەممەد ئىمىن بوغرانىڭ مەسلىھەتسىزلا جۇمھۇرىيەت قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت، شىڭ شىسەي، تۇڭگان باندىتلار، ئىسھاقبېك، خوجىنىياز ھاجى تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان. 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سابىت داموللا ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ئۈرۈمچىگە قامالغان. 1947 ـ يىلى تۈرمىدە ۋاپات بولغان. قەبرىسى ــ ئۈرۈمچى كونا شەھىدلىكتە، خوجىنىياز ھاجى قەبرىسىگە يېقىن.

<14> كۆك تۈرك خانلىقى ــ 552 ـ يىلى ئاشىنا تۇمەن قۇرغان. پۈتۈن تۈرك تىللىق قەبىلىلەرنى ئاساسەن بىرلەشتۈرگەن. شەرقتە ئۇلۇغ ئوكياندىن غەربتە كاسپىيغىچە، شىمالدا سىبىردىن جەنۇپتا ئامۇ دەريا ۋادىسىغىچە باشقۇرغان. شامان دىنىدا بولغان. بۆرە باشلىق ھاۋارەڭ بايراق تۇتقان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەيرى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۈركلىشىشىنى ئاساسقا ئىگە قىلغان. 583 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلىنىپ كەتكەن. سىرتاردۇش قەبىلىلىرىنىڭ 628 ـ

يىلى تاڭغا ئەل بولۇشى، 629 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شاھزادىنىڭ تاڭغا ئەل بولۇشى ـــ شەرقىي تۈرك خانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرغان. 630 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى 100 مىڭ ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ شەرقىي تۈرك خانلىقىنى يوقاتقان. 630 ـ يىلى غەربىي تۈرك خانلىقىمۇ ئىككىگە پارچىلانغان. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى يەنە ھۇجۇمغا ئۆتكەن. 658 ـ يىلى غەربىي تۈرك خانى تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولغان. 679 ـ تۈركلەر يەنە باش كۆتۈرۈپ چىققان ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆپ يېرىنى ئالغان. 745 ـ يىلى ئۇيغۇرلار غەربىي تۈرك قاغانىنى ئۆلتۈرۈپ خانلىقنى يىقىتقان.

<15> مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ـ قۇرەيش قەبىلىسىدىن. دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا، ئانىسىنىڭ ئامىنە. 570 ـ يىلى دۈشەنبە مەككىدە ئەبۇتالىپنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان. قۇرساقتىكى ۋاقتىدا دادىسى، 6 ياشتا ئانىسى ۋاپات بولغان. 25 يېشىدا توي قىلغان. 610 ـ يىلى 2 ـ ئاي رامىزاندا پەيغەمبەر بولغان. 615 ـ يىلى ئاشكارە دەۋەتكە ئۆتكەن. 621 ـ يىلى رەجەپنىڭ 27 ـ كۈنى مىئراجغا چىققان. 622 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ھىجرەت قىلغان. 624 ـ يىلى 3 ـ ئاي رامىزاندا بەدىر جىھادىنى، 625 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇھۇد جىھادىنى، 627 ـ يىلى خەندەك جىھادىنى، 628 ـ يىلى خەيبەر جىھادىنى، 629 ـ يىلى مۇتئە جىھادىنى قىلغان. 632 ـ يىلى ھەج قىلغان. 632 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دۈشەنبەدە مەدىنىدە ئائىشە ئانىمىزنىڭ ھوجرىسىدا ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

<16> ئەبۇبەكرى سىددىق ـــ 572 ـ يىلى مەككىدە تۇغۇلغان، قۇرەيش قەبىلىسىدىن. 632 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن 1 ـ خەلىپە بولغان. 634 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىنغان. ھايات ۋاقتىدا جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن 10 ساھابىنىڭ بىرسى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەيناتىسى ۋە ئەڭ راستچىل دوستى.

<17> جۇغراپىيىلىك سىياسىي ـــ بىرەر زېمىننىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ۋە ئۆزىگە خاس جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مەيدانغا كەلگەن، شۇ ۋەتەنگە تەئەللۇق بولغان ئىچكى ـ تاشقى سىياسىي ئالاھىدىلىك ۋە سىياسىي پائالىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

سىياسىي جۇغراپىيە ـ بىرەر مىللەت ياكى قەۋم ئۆزى تەئەللۇق بولغان دىن، قان ـ قېرىنداشلىق، مەنپەئەت چېتىشلىقىغا ياكى شۇ ساھەدىكى دۈشمەنلىكىگە ئاساسەن تۈزۈۋالغان ۋە پەيدا قىلغان سىياسىي مۇھىتنى كۆرسىتىدۇ.

<18> چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ـ 1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى مانجۇ ـ خىتايلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا باشلاپ كىرىپ، خوجىلار خانلىقىنى يىقىتىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان قۇللۇق دەۋرىنى بىرىنچى بولۇپ باشلاپ بەرگەن مەشھۇر مەلئۇن ـ بۇرھانىددىن خوجا بىلەن ئۇنىڭ كۈرەشچان ئىنىسى تارىختا چوڭ ـ كىچىك خوجىلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار 1758 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى چىقىپ، 1758 ـ يىلدىن 1759 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ھۆكۈم سۈرگەن باتۇخان دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان. كېيىن مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇلار ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادىدىن.

سەئىد جاھانگىرخوجا ـــ دادىسى خوجا مۇھەممەد ئىمىن، ئۇنىڭ دادىسى خوجا بۇرھانىددىن ( چوڭ خوجا )، ئۇنىڭ دادىسى ئەخمەت خوجا، ئۇنىڭ دادىسى يەھيا خوجا، ئۇنىڭ دادىسى ھىدايىتۇللاھ ئىشان.

جاھانگىر خوجا كابۇل، سەمەرقەنت، بۇخارا، قوقەنتلەردە دىنىي تەلىم ئالغان ۋە تەلىم بەرگەن، ئاق تاغلىق. 1820 ـ يىلدىن 1828 ـ يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇشقان.

1826 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەڭ چوڭ ئەسكىرىي بازا قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئالغان ۋە سەئىد جاھانگىر خوجا دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغىنىنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن دەرھال يېڭىسار، يەركەن،خوتەنمۇ پەتىھ بولۇپ؛ ئاقسۇ چېگرا بولغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 4 ـ 5 ئاي تەييارلىق قىلىپ ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئەڭ ئاخىرى 1827 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خوتەننىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن دۆلەتنىڭ بارلىق زېمىنى تاجاۋۇزچى مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، سەئىد جاھانگىر خوجا دۆلىتى يىقىلىپ، ئۆزى پامىرغا چېكىنىپ كىرىپ كەتكەن. ھۆكۈمەت پامىرغا مىڭلىغان ئەسكەر كىرگۈزۈپ خوجىنى ئىزدىگەن. 1828 ـ يىلى چاغاننىڭ ھارپىسىدا جاھانگىر خوجا كۈچالىق مەشھۇرخائىن مىرزا ھىدىنىڭ ئوغلى ئىسھاق تەرىپىدىن ھۆكۈمەتكە تۇتۇپ بېرىلگەن ۋە 1828 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

ياقۇپبەگ ــ ھازىرقى ئۆزبېكىستانغا قاراشلىق پىسكەنت دېگەن يەردە شۇ يۇرت قازىسىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان. ئالمۇتاغا، كېيىن ئاقمەچىتكە ھاكىم بولغان. 1865 ـ يىلى بۇزرۇك خوجا بىلەن قەشقەرگە كەلگەن. ئۇلار ئاۋال قەشقەرنى كونترول قىلغان. ياقۇپبەگ بۇزرۇك خوجىنىڭ بۇيرىقى بىلەن 1866 ـ يىلى ئەتىيازدا قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئالغان. بۇزرۇك خوجا بۇنىڭ ئۈچۈن ياقۇپبەككە ئاتىلىق غازى دەپ نام بەرگەن. ئاندىن يېڭىسار، يەركەننى ئالغان. خوتەننى ئېلىشتا خاتالىق ئۆتكۈزگەن، بۇزرۇك خوجا ياقۇپبەگنى ھوقۇقىدىن ئالغىنىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭغا جاۋابەن ياقۇپبەگ خوجىنى نەزەربەندكە ئېلىپ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ بەدۆلەت دەپ ئاتىغان. 1867 ـ يىلدىن باشلاپ ياقۇپبەگ كەلپىن، ئاقسۇ، كۇچا، ئۈچتۇرپاننى ئالغان. كېيىن تۇڭگان داۋۇت خەلپىنى تەسلىم قىلغان.

ياقۇپبەگ يېقىنلاپ كەلگۈچە ئىلى سۇلتانلىقىنى ئورۇسلار بېسىۋالغان بولغاچ، ئۇ يەرنى قوشۇۋالالمىغان. چىڭ سۇلالىسى بىلەن سۈلھى قىلىش نىيىتى بولغاچ قۇمۇلغا تەگمىگەن.

1870 - يىلى ئەمرۇلمۇئمىنىنگە ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلغان. سۇلتان ئابدۇلئەزىز ئۇنىڭغا «ئەمىرىلمۇسلىمىن» دېگەن ئۇنۋانى بەرگەن. 1874 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەنگىلىيە قەشقەر خانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ياقۇپبەگ بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ ئىككى دۆلەتتە باش ئەلچى دەرىجىلىك كونسۇلخانا قۇرۇدىغان بولغان. 1874 - يىلى چارروسىيەمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتىنى مۇستەقىل دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلغان. ئۇ ۋاقىتتا قەشقەر خانلىقىنىڭ 80 مىڭ كىشىلىك دۆلەت ئارمىيىسى بار ئىدى.

1875 - يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى رۇسىيەنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا قەشقەر دۆلىتىگە قوشۇن يوللاش قارارىنى ئالغان. 1876 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جيايۈگۈەندىن ئۆتۈپ قۇمۇلغا كېلىپ كۈچ يىغىپ پۇرسەت كۈتكەن. 1876 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگنى زەھەرلەپ شەھىد قىلغان. 1877 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئومۇمي ھۇجۇمنى باشلىغان. 1878 - يىلى پۈتۈن قەشقەر دۆلىتىنى چىڭ سۇلالىسى بېسىۋالغان.

ياقۇپبەگنىڭ مازىرى - قەشقەر ھەزرەتتە ياقۇپبەگ مەسجىدىنىڭ يېنىدا.

ئېلىخان تۆرە 1885 - يىلى قىرغىزىستاننىڭ توقماقتا تۇغۇلغان. ئۆزبېك دىيندار ئالىم. سەئۇدىيە ۋە بۇخارادا دىينىي تەلىم ئالغان ۋە تىبابەت ئۆگەنگەن. 1927 - يىلى غولجىغا كېلىپ دىين - تىبابەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1937 - يىلى شىڭشىسەي تۈرمىگە تاشلىغان. 1941 - يىلى تۈرمىدىن چىقىپ غولجىدىكى بەيتۇللاھ مەسجىدىگە ئىمام بولغان.

1940 ـ يىللاردىكى ئىنقىلابتا «غۇلجا ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ رەئىسى بولغان ۋە دۆلەت قۇرۇلغاندا ھۆكۈمەت رەئىسى بولغان. مارشاللىق ھەربىي ئوردېنى بېرىلگەن. 1945 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سوۋېت ك گ ب سى ئەخمەتجان باشلىق كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىشىپ ئوغرىلاپ كەتكەن. سوۋېتتا ئۆي قاماقتا تۇرغان. 1976 ـ يىلى تاشكەنتتە كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان. تەپسىرى ھىلال، تارىخى مۇھەممەدىيە دېگەن كىتابى بار. لەقىمى ساغۇنى. ئەزىز پاشا دېگەن قىزى 1946 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى خانىم ـ قىزلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان.

<19> ئاپپاق خوجا ـــ 1537 ـ يىلى يەركەنگە كەلگەن خوجا ئەخمەت بىننى خوجا بۇرھانىددىن ( خەلق ئىچىدىكى ھۆرمەت نامى مەخدۇم ئەزەم ) ـــ نەقشىبەندىچىلەرنىڭ پىرى دەپ ئاتالغان. 1542 ـ يىلى ماۋەرائۇننەھرنىڭ كاساندا ئۆلگەن. ئۇ كىشىنىڭ 13 ئوغلى بار بولۇپ، ئۇلار كاساندا ئۆز ـ ئارا ئىمتىياز تالاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاخىرى خوجا ئىسھاق پاتماي 1583 ـ يىلى يەركەنگە كېلىپ شۆھرەت تاپقان. بۇنىڭغا چىدىمىغان ئاكىسى خوجا مۇھەممەد ئىمىن ھەم 1587 ـ يىلى يەركەنگە كېلىپ خوجا ئىسھاققا قارشى مۇرت توپلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئىسھاقىيە، ئىشقىيە دېگەن ئىككى بەدمەزھەب پەيدا بولغان. مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇلارغا ئەگىشىپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. كېيىن خانلار ئىسھاقىيەنى قوللىغاچ ئۇ كۈللەنگەن. ئىشقىيەنىڭ ئەۋلادىدىن خوجا مۇھەممەد يۈسۈف قۇمۇلغا بارغان. 1626 ـ يىلى بالىسى ھىدايىتۇللاھ تۇغۇلغان. ئۇ تارىختا ئاپپاق خوجا دەپ ئاتالغان. 1638 ـ يىلى تەختكە چىققان ئابدۇللاھخان ھەر ئىككى ئېقىمغا يول قويغان. شۇنىڭ بىلەن ھىدايىتۇللاھ قەشقەرگە جايلاشقان ۋە ئىككى ئېقىم ئۆز ـ ئارا جەڭنى باشلىغان، بۇ جەڭ 1660 ـ يىللار ئەۋجىگە چىققان. خانلار ئاخىرى ئىشقىيەلەرنى باسقان.

ھىدايىتۇللاھنى دۆلەتتىن ھەيدىگەن. ھىدايىتۇللاھ 12 يىل دەرۋىش بولۇپ 1682 ـ يىلى لاساغا بارغان ۋە دالاي v تىن ياردەم ئېلىپ جۇڭغار خانى غالدانىنى باشلاپ كېلىپ سەئىدىيە خانلىقىنى يىقىتقان. غالدانغا ئايدا 400 مىڭ تەڭگە باج تۆلەش شەرتى بىلەن قورچاق پادىشاھ بولغان. 1694 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يەركەندە ئىسھاقىيە باشلىقى شۇئەيىپ ئۆلتۈرىۋەتكەن. قەبرىسى قەشقەر ھەزرەتتە. خان ئەۋلادىدىن بولغان خانىم پاشا، ھىدايىتۇللاھنىڭ خوتۇنى.

<20> ئاباسىيلار خىلاپىتى ـ 750 ـ يىلى ئۇمەۋىيلەرنىڭ ( 673 ـ 750 ) ئورنىغا قۇرۇلغان. بۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىن قېرىندىشى ۋە تاغىسى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۇتاشقاچ، ئاباسىيلار دەپ ئاتالغان. 1258 ـ يىلى موڭغۇللار قولىدا يىقىلغان.

<21> قىتانلار ـ ھونلار ئەۋلادىدىن، قىتان ئۆز تىلىدا ـ خەنجەر دېگەن مەنىدە. 916 ـ يىلى قىتان دۆلىتىنى قۇرغان. ئۇنىڭغىچە ئاساسەن تۈرك خەلقلەرنىڭ قول ئاستىدا بولغان. قىتانلار كېيىن تېز خىتايلاشقان. 1115 ـ يىلى قۇرۇلغان ئالتان خانلىقى 1125 ـ يىلى قىتان خانلىقىنى يوق قىلغان. 1124 ـ يىلى قاچقۇن بولۇپ چىققان قىتانلارنىڭ خان ئەۋلادى بولغان يېلۈي تايشىنى غەربىي قاراخانىيلار، يەتتەسۇدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن بالاساغۇندا يەر بېرىپ ئورۇنلاشتۇرغان. 1132 ـ يىلى يېلۈي تايشى ئىراننىڭ كىرمانىنى ئېلىپ قارا قىتان ( غەربىي قىتان ) خانلىقىنى قۇرۇپ ئۆزىنى گورخان ( خانلارنىڭ خانى ) دەپ ئاتىغان. قاڭلى، قارلۇق، سەلجۇق، غەربىي قاراخانىيلار، شەرقىي قاراخانىيلار، بۇخارا، خارەزىم، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە خۇراساننى ئالغان. 1218 ـ يىلى چىڭگىزخان تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

قەدىمىي تۈرك تىلى كېيىنكى ۋاقىتقا كەلگەندە ئۆزگىرىش ياساپ، سۆز ئاخىرىدىكى «ن» ـ «ي» غا ئالماشقان. شۇ سەۋەبتىن قىتان ـ قىتايغا

ئۆزگەرگەن. قىتاي كېينچە خىتايغا يەڭگىللىشىپ ئومۇملاشقان. بۇ دەل قىتان دېگەن نامنىڭ هازىرقى شەكلى ئىدى.

<22> مۆيدىن خەلپە ــ تۇرپان ئاستانىدىن. كىچىكىدىن باشلاپ دىنىي تەلىم ئالغاچ، چوڭ بولغاندا موللا بولغان. خەلققەكۆپ كۆڭۈل بۆلگىنى ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى پالانغان. 1912 ـ يىلى كۈزدە تۆمۈر خەلپىگە ماسلىشىپ ئاستانىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. تۆمۈر خەلپە بىلەن ئۆز ـ ئارا ئالاقىلاشقان، سەپنى كېڭەيتكەن. تەسرىگە بەزى يەرلەر كىرگەن. تۆمۈر خەلپە بىلەن بىللە ئالدىنىپ ئۈرۈمچىگە يىگچاڭ بولۇپ كېلىپ شەهىد بولغان. يۇرتىغا كۆمۈلگەن.

<23> شا مەخسۇت ــ قۇمۇل چىنۋاڭى. 1930 ـ يىلى ئۆلگەن. 1928 ـ يىلى قۇمۇل ۋاڭلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جىن شۇرىن قۇمۇلنى ئۈچ ناهىيە قىلىپ قۇرۇپ چىققان، خىتايلار ئەمەلدار بولغان. چىنۋاڭ ئەسلىدە قۇمۇلدىكى يەر ۋە ئاهالىنى تولۇق باشقۇرۇش هوقۇقىغا ئىگە بولغان بولۇپ يەرلىك هوكۈمەتنىڭ چىشى پاتمايتتى.

ئىمىن جۈنۋاڭ ــ تۇرپاننىڭ ۋاڭى. ئايالى قۇمۇل چىنۋاڭىنىڭ قىزى. شەرقىي تۈركىستاندا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋاڭلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئوردىسىنى تۇرپاندىن لۈكچۈنگە كۆچۈرگەن. جۈنۋاڭىنىڭ ئەسلىي هوقۇقى چىنۋاڭ بىلەن ئوخشاش بولغان.

<24> هاكىمبەگ خوجا ــ 1871 ـ غولجىدا تۇغۇلغان. ئەسلى ئىسمى غىياسىدىن، مىللىتى ئۇيغۇر. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى هاكىم بېگى بۇۋاقىنىڭ يالغۇز قىزىنى ئالغان. بۇۋاق ئۆلگەندە ئورنىغا هاكىمبەگ بولغان. 1944 ـ يىلقى شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان. خىتاي كوممۇنىستلىرى 1949 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ش. ئۇ. ئا. ر

لۇق سىياسىي كېڭەشىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1957 ـ يىلى كېسەل بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان. شەرقىي تۈركىستاندا ۋە قازاقىستاندا ئەۋلادلىرى بار.

ئۇنىڭ ئوغلى قەييۇمبەگ خۇجا مىللىي ئارمىيىنىڭ پولكوۋنىكى بولغان. 1949 ـ يىلى خىتاي كوممۇنىستلار شەرقىي تۈركىستاننى ئالغاندىن كېيىن ئىلىنىڭ ۋالىيسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سانائەت ـــ كان ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1954 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

هاكىمبەگنىڭ خوتۇنى هاكىم ئاغىچا 1893 ـ يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان، ئۇيغۇر. 1944 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا دۆلەت قۇرۇلغاندا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى خانىم ـ قىزلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي باشلىقى بولغان. 1949 ـ يىلى خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننى باسقاندىن كېيىن غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1977 ـ يىلى غۇلجىدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

<25> جۇڭغارلار ـــ موڭغۇللارنىڭ ئۇيرات قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى. چىڭگىزخانغىچە باشقا كىچىك ئالتاي هاكىمىيەتلىرىنىڭ قول ئاستىدا ياشاپ كەلگەن. كېيىن 17 ـ ئەسىرگىچە موڭغۇللار دۆلىتىنىڭ پۇقراسى بولۇپ ياشاپ ئۆتكەن. 1640 ـ يىلى 9 ـ ئايدا باتۇر خۇنتەيجى تارباغاتايدا جۇڭغار خانلىقىنى قۇرغان. 1671 ـ يىلى غالدان تەختكە چىقىپ 1678 ـ يىلى گەنجۇدىكى سېرىقئۇيغۇرلارنى؛ 1679 ـ يىلى قۇمۇل، تۇرپاننى؛ 1682 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنى؛ 1684 ـ يىلى قازاق خانلىقىنىڭ زور بىر قىسىم يېرىنى بېسىۋالغان. قارا دېڭىز بويىغىچە بېرىپ نوغاي خانلىقىنى قاتتىق تالاپەتكە ئۇچراتقان. 1685 ـ يىلى قىرغىزىستاندىكى قىرغىزلارنى بېسىۋالغان. 1690 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇشنى باشلىغان ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى موڭغۇللارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ پۈتۈن موڭغۇللارنىڭ خانى بولغان. 7 ـ ئايدىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسى هۇجۇمغا ئۆتكەن ۋە غالداننى يەڭگەن.

خۇجىلار خانلىقى مۇستەقىل بولۇۋالغان. سىۋاڭ ئارپىتان دېگەن قوماندان غالدانغا قارشى چىققان. 1697 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى غالدان ئۆلۈۋالغان. ئۇنىڭ ئورنىنى سىۋاڭ ئارپىتان ئالغان ۋە خېلى كۆپ يەرلەرنى قايتۇرۇۋالغان. 1745 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنىڭ ئىچىدىكى ئامۇر سانانى يۆلەپ هاكىمىيەتنى ئالغۇزغان. 1757 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى يەنە ئامۇر سانانى يوقىتىپ جۇڭغار خانلىقىنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي قوشۇۋالغان.

<26> قازاق خانلىقى ـ قازاقلار ئۇيسۇن، قىپچاقلارنى يىپپىشتۇرغان هالەتتە قاسار دېگەن قەبىلىدىن كەلگەن. 16 ـ ئەسىرگىچە سىبىر، مەركىزىي ئاسىيادىكى هەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ قول ئاستىدا ياشىغان. 16 ـ ئەسىردە ئۇلار ئىسلاملىشىپ بولغان ۋە بىر نەچچە كىچىك بەگلىكلەرنى قۇرۇۋالغان. 1511 ـ يىلى قاسىمخان ئۆزىنى پۈتۈن قازاقنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلغان ۋە هەممىنى ئۆزىگە قاراتقان. 1523 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقى قازاق خانلىقىنى ئۆز هامىيلىقىغا ئېلىۋېلىپ ئابدۇرەشىدخاننى ۋالىي قىلىپ قويغان. 1560 ـ يىلى ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇلار هامىيلىقىدىن چىققان. 1630 ـ يىلى جۇڭغارلار قازاق خانلىقىنىڭ كۆپ جايلىرىنى بېسىۋالغان. 1652 ـ يىلى جۇڭغارلارغا بېقىندى بولۇپ قالغان. 1731 ـ يىلى كىچىك جۈز، 1740 ـ يىلى ئورتاجۈز، 1748 ـ يىلى هەممە قازاقلار رۇسقا بويسۇنغان.

قازاقلارنىڭ بۇ خانلىقى هەرجەهەتتىن بەك ئاجىز بولغان.

ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك خەلقلەر ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك مىلتىق قوللانغان.

<27> قازاقلار ــ ئۇلۇغ، ئورتا، كىچىك جۈز دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئۇلۇغ جۈز ئالتە ئەل ــ ئۇيسۇن، قاڭلى، دوغلات، ئالبان، سۇۋان، جالايىر. ئورتا جۈز هەم ئالتە ئەل ــ ئارغىن، قىپچاق، قوڭۇرات، نايمان، كېرەي، ئۇۋاق. هازىرقى قازاقىستان هاكىمىيىتىنىڭ كۆپى ئورتا جۈزلۈك. ئۇلار بىر دەرىجە ئۈستۈن ئىمكانىيەتكە ئىگە. كىچىك جۈز ــ بىر

ئۇرۇق، ئىككى ئوغۇل. بىر ئۇرۇق ــ تابىن، تاما، جاغالبايلى، كەردەرى دەپ تۆتكە بۆلۈنگەن. ئىككى ئوغۇلنىڭ بىرىنچىسى ــ سۆمەكەي، كەتە، تۆرتقاراساقال قاتارلىق ئالىم ئوغۇللىرى. ئىككىنچىسى ــ تانا، ئىشەكتى، ئالشىن، سەركەش قاتارلىق باي ئوغۇللىرى.

<28> جىزىيە ــ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، سۆز مەنىسى ـ تۆلەم. شەرىئەتتە ـ ئىسلام دۆلىتىدە ئىسلامىي ھاكىمىيەتكە بويسۇنۇپ ياشاۋاتقان كاپىرلاردىن ( بولار شەرىئەتتە زىممىي دەپ ئاتىلىدۇ ) ئېلىنىدىغان قەرەللىك تۆلەمنى كۆرسىتىدۇ.

<29> ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ـ بۇ خانلىقنى 866 ـ يىلى ئۇيغۇر باسمىل قەبىلىسىدىن بۇقاتېكىن قۇرغان. باسمىل قەبىلىسىنىڭ ئەنئەنىسىگە كۆرە ئىدىقۇت خانلىقى دەپ ئاتالغان. قاراغۇجا ( ھازىرقى تۇرپانغا 45 كىلومېتىر كېلىدۇ ) ۋە بېشبالىق شەھىرى ( جىمسار ) نى پايتەخت قىلغان. شەرقتە كەڭسۇ، غەربتە كۇچا، شىمالدا جەنۇبىي جۇڭغار، جەنۇبتا تارىم ۋادىسىغىچە باشقۇرغان. 949 ـ يىلى قاراخانىيلار خانلىقى ئۇرۇش ئېچىپ قارا شەھەرگىچە ئېلىۋالغان. 961 ـ يىلى قاراخانىيلار خانلىقى ئىدىقۇت خانلىقىنى جىزىيە تۆلەشكە مەجبۇر قىلىپ بېقىندى قىلىۋالغان. 1042 ـ يىلى قاراخانىيلار خانلىقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىدىقۇت خانلىقى جىزىيە تۆلىمەيدىغان بولىۋالغان. كېيىن غەربىي قىتانغا باج تۆلەشكە مەجبۇر بولغان. 1209 ـ يىلى ئىدىقۇت خانى بارچۇق قارا قىتانلارنىڭ ئىدىقۇتتىكى ۋەكىلىنى ئۆلتۈرۈپ چىڭگىزخاننىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكەن. موڭغۇللارنىڭ غەربنى ئالغان قوشۇنىنىڭ ئەڭ ياخشى كۈچى ئىدىقۇتلار بولغان. ئۇلار يەنە كۆپ تەرەبلەرگە قىلىنغان يۈرۈشلەرگە قوماندان بولغان. 1224 ـ يىلى چىڭگىزخان زېمىنىنى تۆت ئوغلىغا بۆلگەندە، ئىدىقۇت خانلىقىنى ئىدىقۇتلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان. 1393 ـ يىلى موغۇلستان خانلىقى ( 1326 ـ 1514 ) نىڭ مۇسۇلمان موڭغۇللاردىن بولغان خانى

خىزىر خوجا ئىدىقۇت خانلىقىنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي قوشۇۋالغان ۋە شۇنىدىن كېيىن بۇ زېمىندا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقان.

<30> ئەمەت ـ مۆيدىن خەلپىنىڭ يېقىن سەبدىشى ۋە يۇرتدىشى، شۇ ۋاقىتتىكى ساتقۇنلۇقتا قولغا ئېلىنغان. مۆيدىن خەلپە دەپىن قىلىنغاندىن كېيىن تۈرمىدىن قېچىپ، 1914 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قوراللىق ھەرىكەتنى رەسمىي باشلىغان. ئۇنىڭغا تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىنىسى شاكىرمۇ قاتناشقان. يالقۇنتاغدىكى ئۇرۇشتا كۆپ قوزغىلاڭچىلار ئەسىرگە چۈشكەن، شۇ قاتاردا شاكىر ھەم ئەسىر بولۇپ تۇرپاندا ئۆلتۈرۈلگەن. قالغانلار شۇنىڭ بىلەن جىمسار ـ گۇچۇڭنىڭ تېغىغا كىرىپ كەتكەن ئەمما يېمەكلىك قاتتىق قىينىغان. 1914 ـ يىلى قىشتا ئۇزۇق تېپىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن سىيت، تاجى دېگەن ئىككى كىشى ئەسىرگە چۈشۈپ ئەمەتنى پۇلغا ئۆلتۈرۈشكە ماقۇل بولۇپ قايتىپ كەلگەن. 1914 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەمەتنى ئېتىپ بېشىنى خىتايلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. قالغانلار تاغلاردا يۈرۈپ خوجىنىياز ھاجى قوزغىلىڭىغا قاتناشقان.

<31> تىبەتلەر ــ مەھمۇد قەشقىرى ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بەزى ئالاھىدە مەلۇماتلارنى بەرگەن. ئۇلار تارىختا ئاستا ـ ئاستا كۆچىيىپ شەرقىي تۈركىستانغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغان ۋە قايتا ـ قايتا قوغلاپ چىقىرىلغان. ئەينى ۋاقىتتا خوتەن خانلىقى ۋە ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئىسلامغا قارشى ئۇرۇشىغا قاتتىق ياردەم بەرگەن. شەرقىي تۈركىستان، كەشمىر قاتارلىق جايلاردىن ئۆز ۋاقتىدا كۆچمەي قالغان بىر قىسىم تىبەتلەر كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ كەتكەن. تارىخچى ئەنۋەر بايتۇر ئۇلارنىڭ سانى ھازىر 300 مىڭ ئەتراپىدا دەپ مەلۇمات بەرگەن. تىبەتلەر ھازىر ـ تىبەت، چىڭخەي، سىچۈەن، نېپال، كەشمىرگە تارقىلىپ جايلاشقان. ئاساسلىقى لاما دىنىدا، دىنىي مەركىزى تىبەتنىڭ لاسا شەھرى. دىنىي رەھبىرى دالاي لاما ۋە بەنچەن دەپ ئاتىلىدۇ. كەشمىردىكى بالتىلار ـ مۇسۇلمان تىبەتلەر. ئۇنىدىن

باشقا تبەت نامى بلەن ئاتالغان مۇسۇلمانلامۇ ھەر قايسى جايلاردا خېلى كۆپ. تبەتنى مەركەز قلغان ھالدا چىڭخەي، سچۇەنلەرگە تەقسم قلۋېتلگەن ھازرقى تبەت ئاپتونوم رايونلرنى 1879 - يلى چىڭ سۇلالسى ئەسكەر چقرىپ بېسۋالغان. بۇ زېمن 1950 - يلى ختاي كوممۇنستلارغا قالغان.

<32> مانى دينى — بابل دۆلتىدە ئارساكت دېگەننىڭ ئائلسىدە تۇغۇلغان مانى، ملادىيە 216 - يلدىن 275 - يلغىچە ياشغان. بۇ دينىنى شۇ مەلئۇن ئوتتۇرغا قويغاچ، ئۇنىڭ ئسمى بلەن مانى دينى دەپ ئاتالغان. ئىراندا بۇ دىن تازا كۆچەيگەن ۋە ملادىيە 241 - يلدىن 271 - يلغىچە ھوقۇق تۇتقان ساسانيلار شاھى شاپۇر ئۇنى دۆلەت دينى قلغان. كېين بۇ دىن ئوتتۇرا ئاسياغا تارقالغان. ملادىيە 5 -، 6 - ئەسىردە تارم ۋادسغا كرگەن. 694 - يلدىن باشلاپ تاڭ سۇلالسغا تارقالغان. ئۆتكۈلۈك - سۆيگۈن ئسيانى ( 755 — 763 ) نى باستۇرغلى بارغان ئېلتېكىن قاغان تۆت مانى دينى راھبىنى ئۇيغۇر دۆلتىنىڭ پايتەختىگە ئېلپ كەلگەن. ئۆزى ھەم بۇ دينغا كرگەن، دۆلەت دينى دەپ ھەم ئېلان قلغان. بۇنى ئۇيغۇرلار شامان دينى بلەن ئارلاشتۇرۇپ قوبۇل قلغان. تاڭ سۇلالسى ۋە ئۇيغۇر ئمپېرىيىسىنىڭ يقلشى بلەن مانى دينى ئاستا - ئاستا يوق بولغان.

بۇ — ئائلۋى ئەر - ئاياللق مۇناسىۋەتنىڭ تېپتىن ئەمەلدىن قېلشغا سەۋەبچى بولۇدىغان بۇزۇق دىن بولغاچ، قوبۇل قلغانلىكى خەلقنىڭ مەنۋى ئۆستۈنلكى، ئىززەت - غۇرۇرى، شجائەت - باتۇرلۇقنى يوق قلىپ تاشلغان.

<33> ماۋەرائۇننەھرى — ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، دەريانىڭ كەينى دېگەن مەنانى ئاڭلتدۇ. تارىخ، جۇغراپىيە ساھەسىدە ئامۇ دەريا بلەن سر دەريانىڭ ئارلقدىكى كەڭرى زېمننى ئىپادىلەشكە ئشلتلدۇ.

ئامۇ ۋە سىر دەريا توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنداق بىر ھەدىسى بار: « جەيھۇن ( ئامۇ )، سەيھۇن ( سىر )، فۇرات ۋە نىل دەريالىرىنىڭ ھەممىسى جەننەتنىڭ دەريالىرىدىن. » ــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

<34> ئۆزبېكلەر ــ ھازىرقى ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئەسلى نامى تارىختا قارلۇق بولغان. ئاق ئوردىدا ( 1255 ـ 1395 ) شاھزادە ئۆزبېكخاننىڭ 1312 ـ يىلى تەختكە چىقىشى بىلەن ھاكىمىيەت ئۆزبېك ھاكىمىيتى، قوشۇن ئۆزبېك قوشۇنى دەپ ئاتالغان. ئەمىر تۆمۈر ئۇرۇشۇپ ئۆزبېكلەرنى قېتىۋالغان. ئەمىر تۆمۈرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆزبېكلەرنىڭ ۋەكىلى شايبانىخان 1428 ـ يىلدىن 1468 ـ يىلغىچە ئۇنىڭ ئورنىغا خان بولغان. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئۆزبېك دەپ ئاتالغان، قارلۇق دېگەن نام يوقالغان.

<35> نەقشىبەندىچىلەر ــ باھاۋۇددىن نەقشىبەندى ( 1318 ـ 1389 ) ئاساس سالغان سۇفىستىك ئېقىم. بۇ كىشى ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانى ( ۋاپاتى 1221 ـ يىل ) ئەھمەد يەسەۋى ( 1105 ـ 1166 ) بىلەن بىرگە سۇفىزمنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتىكى ئۈچ چوڭ ۋەكىلى دېيىلىدۇ. بۇ سۇفىلارنىڭ تۆت باسقۇچ تەلىماتى بار. شەرىئەت، تەرىقەت ــ ھەممە ئارزۇلاردىن مۇتلەق ۋازكېچىپ پىرلارغا تولۇق ئىتائەت قىلىش باسقۇچى، مەرىپەت ــ ئىلھام ـ قەلب ئىبادىتى باسقۇچى، ھەقىقەت ــ بىرلىشىپ ئەبەدىيلىشىش باسقۇچى. نەقشىبەندىنىڭ ئەسلى ئىسمى ـ سەئىد مۇھەممەد ئىبنى جالالىددىن مۇھەممەد فازىل بۇخارى. بۇخارا يېنىدىكى قەسرى ئارىغان دېگەن جايدا تۇغۇلغان. قەبرىسىمۇ شۇ يەردە. ئۇ نەقشىبەندى ــ نەقش سالغۇچى، بالاگەردان ــ ئاپەت يوقاتقۇچى دەپ ئاتالغان. ئۇ الله بىلەن تەبىئەتنىڭ بىردەكلىكىدىن ئىبارەت شىرىك ئەقىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ پىكرىي پرىنسىپى تۆت ــ ( 1 ) خىلۋەت دەرئەنجۇمەن ( خىلۋەتنى جەمئىيەت ئىچىدە قىلماق )، ( 2 ) سەفەر دەرۋەتەن ( ۋەتەندە زىيارەت

قلماق )، ( 3 ) نەزەر دەرقەدەم ( هەر بىر ئىش ۋە باسقان قەدەم، پىكىر ـ نەزەر بىلەن ئاڭلىق ئورۇندىلىشى لازىم.) ( 4 ) خۇش دەردەم ( هاياتنى خۇشال ئۆتكۈزۈش ).

بۇ ئېقىم كېيىن سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان بولغان ـ هىدايىتۇللاھ ئىشان بۇ ئېقىمنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتىكى ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى.

<36> بۇ ۋاقىتتا ـــ كۇچا خانلىقى ( 1864 ـــ 1867 ) قەشقەرخانلىقى ( 1864 ـ 1865 ) خوتەن خانلىقى ( 1864 ـ 1866 ) ئىلى سۇلتانلىقى ( 1865 ـ 1871 ) بەزى مۇستەقىل بەزى بېقىندى هالدىكى داۋۇت خەلىپە بۆلىنمە هاكىمىيتى ( 1865 ـ 1872 ) چۆچەك هۆكۈمىتى ( 1868 ـ 1879 ) قاتارلىق هاكىمىيەتلەر تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىدى.

<37> ئىلى سۇلتانلىقى ـــ 1865 ـ يىلى 8 ـ ئايدا چىلپەڭزىدە مۇزەمزاتنى سۇلتان قىلىپ قۇرۇلغان. 1866 ـ يىلى ئەتىيازدا پۈتۈن ئىلى ئازات قىلىنغان. ئۇلار جەنۇبىي تۈركىستاندىكى مۇجاهىدلار بىلەن ئالاقىلىششقا هەرىكەت قىلغان بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. سۇلتان مۇزەمزاتنى ئەخمەتجان سىڭاكۆز قېلىچ بىلەن شەهىد قىلغان. ئورنىغا مەخمۇد پوچى سۇلتان بولۇۋالغان. ئۇنى مۇجاهىدلار ئۆلتۈرۈپ ئەلاخاننى سۇلتان قىلغان. 1871 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى رۇسىيە هۇجۇم قىلغان. 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سادىر پالۋان ۋاپات بولغان. هۇجۇمدىن ئاۋۋال ئىلى سۇلتانلىقىغا چاررۇسىيە، « چاررۇسىيە 25 » دېگەن جاسۇسلۇق ئورگىنىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ياللانمىلارنى ئىشلەتكەن. باش تاجاۋۇزچى ـــ گېنېرال كالپاكوۋىسكى.

رۇسلار باشتا مەغلۇپ بولغان. كېيىن كەتمەن، ئاقكەنت، قورق ئالماتا ، سۈزۈك سۇ، سۈيدۈڭ، بايانداينى ئالغان. 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەلاخان سۇلتاننى شەرتسىز تەسلىم قىلغان. غولجىدا 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

تەسلىمنامىگە قول قويۇش مۇراسىمى بولغان. ئالتۇن رەڭ كەلىمە يېزىلغان يېشىل بايراق كالپاكوۋسكىغا تاپشۇرۇلغان.

<38> شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ــ 1945 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى غولجىدا ئابدۇلكەرىم ئابباسوپ مەخپىي قۇرغان ۋە ئۆزى رەئىس بولغان. 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەنجىڭ مىللىي قۇرۇلتىيىغا بارغاندا زىيا سەمەدى بىلەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭ ئىش بېجىرىشىگە بېرىپ دۇڭ بىۋو بىلەن كۆرۈشكەن ۋە بۇ پارتىينى جۇڭگۇ كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى سورىغان. ئەمما ماۋزېدۇڭ  شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇنى رەت قىلغان.

باشتىن ئاخىر شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ئەكسىيەتچىل تەشكىلات. ئەخمەتجان رەھبەرلىكىدىكى موسكۋاپەرەس كوممۇنىستلار 1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى دېگەن بىرلىكسەپ تەشكىلاتىنى قۇرۇش ئارقىلىق بۇ خىتايپەرەس پارتىيەنى تەشكىلات سۈپىتىدە يوق قىلىۋەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇ پارتىيىگە قاتناشقان ئىمىنوپ باشلىق بىر تۈركۈم مىللىي كوممۇنىستلار 1970 ـ يىللار بۇ پارتىينى قايتىدىن تىرىلدۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، مەركىزىي رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى بىر خائىننىڭ ۋاستىسى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت سەۋەبلىك مەغلۇپ بولغان. بۈگۈنكى كۈندە بىر تۈركۈم شەرقىي تۈركىستان داۋاكەشلىرى سىياسىي تەسىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى بۇ ئەمەلدىن قالغان پارتىيىگە چېتىپ كۆرسىتىشكە تىرىشماقتا.

<39> مۇبەييەن ــ بۇ كىتابنىڭ ئەسلى تولۇق ئىسمى مۇبەييىنۇل ئىسلام، مەنىسى ئىسلامنى رۇشەنلەشتۈرگۈچى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا

يېزىلغان دىينىي مەسنەۋىيلەر توپلىمى. پۈتكۈل تۈركىستاندا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىلىرىغىچە مەدرىسىلەردە دەرسلىك قىلىنغان.

<40> داۋۇت خەلىپە ــ جوڭغار موڭغۇللىرىنى يوقۇتۇشتا چىڭ سۇلالىسىغا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئىمام مافۇلۇڭ ئاخۇننىڭ ئەۋلادى. ئەينى ۋاقىتتا قارا شەھەردىن باشلاپ ئۇرۇمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا ھازىرقى پۈتۈن سانجى، تۇرپان ۋىلايىتىنى كونترول قىلىپ تۇرغان. 1870 ـ يىلدىن باشلاپ قەشقەر دۆلىتىگە قارشى توختىماي ئۇرۇش قىلغان. 1872 ـ يىلى قەشقەر دۆلەت ئارمىيىسى ماناسقىچە قوغلاپ قىستاپ بارغاندا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

<41> زوزۇڭتاڭ ــ 1812 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خۇنەندە تۇغۇلغان. 1850 ـ يىلى خۇنەنگە گۇبېرناتور بولغان. خىتايلارنىڭ 1852 ـ يىلى باشلانغان تەيپىڭ ـ تيەنگو ئىسيانىنى ۋە تۇڭگانلارنىڭ 1860 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى يۈننەن ۋە گەنسۇدىكى ئىنقىلابىنى باستۇرغان مەشھۇر جاللات.

چىڭ سۇلالىسى 1875 ـ يىلى ئۇنى شەرقىي تۈركىستاننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنىڭ باش ۋالىيسى قىلىنغان. ئۇ 400 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەر دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، رۇس، ئىنگلىزلارنىڭ ۋە خائىنلارنىڭ زور دەرىجىدە ياردەم بېرىشى بىلەن پۈتۈن دۆلەتنى بېسىۋالغان. نەچچە مىليون شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرىپ تاشلىغان ۋە نەچچە مىليون شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ قانخور سەۋەبلىك تەرەپ ـ تەرەپكە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان. 1884 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ «شىنجاڭ» دېگەن نام بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. 1885 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۆلگەن.

<42> پانتۈركىزم ئىدىيىسى ــ 1908 ـ يىلى ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى ئىنقىلابىدىن كېيىن مەيدانغا چىققان. ئەنۋەر، تەلەت، جامال پاشالار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاساسلىق مەقسىتى ــ پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۈركىينى قۇتقۇزۇپ قېلىش، ئوسمانىيلارنىڭ يوقالغان دىنىي تەسىرىنىڭ ئورنىنى مىللىي تەسىر بىلەن تولۇقلاش، ياۋروئاسىياچى رۇسلارغا تاقابىل تۇرۇپ ئىدىيىۋى جەھەتتە يېڭىش، رۇسىيەنى پارچىلاش.

بۇ ئىدىيىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ئەنۋەر پاشا ـ 1881 ـ يىلى تۈركىيەدە تۇغۇلغان. گېرمانىيەدە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالغان. 1908 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنىڭ قوزغىلىڭى بولغاندا ئۈچ كىشىلىك رەھبەرنىڭ بىرى بولغان. ئۇ، سۇلتان مۇھەممەد V نى قورچاققا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ ھوقۇقنى تارتىۋالغان. 1914 ـ يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى بولغان ۋە ئوسمانىيلارنىڭ گېرمانىيە بىلەن بىللە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا كىرىشىگە سەۋەبچى بولغان. 1918 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى تەختتىن چۈشكەن. كېيىن تۈركىستانغا كېلىپ جەڭگە قاتنىشىپ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دۆلىتى» قۇرماقچى بولغان. 1922 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە قارشى جەڭدە قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، 8 ـ ئايدا جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەن.

ياۋروئاسىياچىلار ــ ياۋروپا ۋە تۈركلەرگە قارشى چىققان رۇس مىللەتچىلىرى. ئۇلار، رۇسىيە شەرقمۇ، غەربمۇ ئەمەس. رۇسىيەدە ياشىغۇچى مىللەتلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە يىلتىزى بىر. 15 ـ ئەسىردىن باشلاپ رۇس بىلەن ياۋروپا ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى يولغا ماڭغان دەپ قارايدۇ. مەقسىتى ــ سىڭىشىپ ياكى پارچىلىنىپ كەتمەي رۇس ئىمپېرىيىسىنى ساقلاش؛ تۈرك، رۇس ۋە باشقا سلاۋيانلارنى خەلقئارالىق ئىتتىپاق ئاستىغا يىغىش؛ ئوسمانىيلارنىڭ تەسىرىگە، پانتۈركىزمگە قارشى تۇرۇش.

ياۋروئاسىيا ئىدىيىسىنىڭ ئاساسچىلىرى — ( 1 ) سېۋىتسكى فىيوتۇر نىكولايېۋىچ ( 1895 - 1968 )، تارىخ - جۇغراپىيىچى. ئەسەرلىرى — جۇغراپىيىلىك سىياسىي، ئىككى دۇنيا، دالا ۋە تۇرغۇنلۇق. ( 2 ) پۇشكارىيوپ ( 1984 - يىلى ئۆلگەن )، ئەسەرلىرى — رۇسىيەنىڭ تارىخى، تارىختىكى رۇسىيە ۋە ياۋروپا. ( 3 ) تىروبېتسكوي نىكولاي سىرگېيېۋىچ ( 1890 - 1938 ) (4 ) بىتسىللى فىيوتۇر مىخايلوۋىچ ( 1883 - 1953 )، ئەسەرلىرى — كونا دۇنيا تارىخىدىكى شەرق ۋە غەرب، ياۋروئاسىيانىڭ كۆرسەتكۈچى، ياۋروئاسىيانىڭ تەستىقلىنىشى. ( 5 ) گومىلېپ ( ل . ن )، 20 - ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن. ئەسەرلىرى — قەدىمقي تۈركلەر، رۇستىن رۇسىيەگىچە. (6 ) ۋ. ئى. كلىيوچېۋسكى ( 1841 — 1911 ) ( 7 ) سولوۋيوپ ( 1820 - 1879 ) (8 ) گالكىست گاۋېن ( 1792 - 1866)، گېرمانىيىلىك.

<43> ئىھساقبېك مونونوپ — ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ سىمخانا دېگەن يېرىدە 1902 - يىلى تۇغۇلغان. مىللىتى قىرغىز، ئىسمەندەر قەبىلىسىنىڭ بېگى. 1928 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە سوۋېتتا ھەربىي - سىياسىي تەلىم ئالغان. 1933 - يىلى سوۋېت، شەرقىي تۈركىستاندىكى « باسمىچىلار » نى تازىلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر پولك قۇرۇپ بەرگەن. 1934 - يىلى 3 - ئايدا سوۋېت - خوجىنىياز سۆھبىتىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى يوقىتىشقا كۆپ كۈچ چىقارغان. تۆھپىسىگە 1936 - يىلى ئۇلۇغچاتقا ھاكىم بولغان. 1937 - يىلى شىڭ شىسەي ۋە سوۋېت ئىسھاقبېككە ئىككى ئالتۇن ئوردېن بەرگەن. 1937 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئابدۇنىياز قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان. شىڭ شىسەي قورقۇپ 1940 - يىلى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىۋالغان. 1942 - يىلى سوۋېت بىلەن بىرلىشىپ تاشقورغان ئازاتلىق تەشكىلاتى ۋە پارتىزانلار ئەترىتىنى قۇرغان. 1944 - يىلى 11 - ئايدا بىر قىسىم كۈچ بىلەن ئىلغا

يۆتكەلگەن. كۆرە، جىڭ ئۇرۇشىغا قوماندان بولغان، گېنېرال مايۇر. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولغان. بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوۋېتتا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. مىللىي كوممۇنىست.

خوتۇنى ئايىشە مونۇنوۋا ـ تېكەسلىك قىرغىز. 1944 ـ يىلى دۆلەت قۇرۇلغاندا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى خانىم ـ قىزلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1952 ـ يىلى قىرغىزىستانغا كېتىپ، بېشكەككە ئورۇنلاشقان.

<44> ئاپتونومىيە ـ ئاپتونومىيە ئادەتتە ئالىي ئاپتونومىيە، ئەمەلىي ئاپتونومىيە ۋە مەدەنىي ئاپتونومىيە دەپ ئۈچكە بۆلىنىدۇ.

ئالىي ئاپتونومىيە ـ بۇ مۇستەقىللىقنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمەلىي ئاپتونومىيەدە ياشىغۇچى خەلق ئەڭ ئالىي دىنىي ھوقۇق، ئارمىيە ھوقۇقى، دىپلوماتىيە ھوقۇقى ۋە زېمىن ھوقۇقىدىن ئايرىلغان؛ ئەمما قالغان ئىنسانىي ھوقۇقلاردىن كەڭ كۇشادە بەھرىمەن بولغان بولىدۇ.

ئەمما مەدەنىي ئاپتونومىيەدە ياشىغۇچى خەلقنىڭ پەقەت قاتتىق كونتروللۇققا ئېلىنغان چەكلىمە ئاستىدىكى يەن ـ مەدەنىيەت ھوقۇقىدىن باشقا ھېچقانداق ھوقۇقى بولمايدۇ. بۇلار زامانىمىزدىكى قۇللار بولۇپ، خىتاي تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاپتونومىيە تۈزۈمى مانا مۇشۇ خىل شەكىلدىكى ئاپتونومىيەگە كىرىدۇ.

دۆلەتلەر ئىتتىپاقى ـــ كونفېدېراتسىيە دەپ ئىشلىتىلىدۇ، مەنىسى ـــ دۆلەتلەر ئىتتىپاقى. بۇ تەڭ دەرىجىلىك بىر نەچچە دۆلەتلەردىن تەشكىللەنگەن ھاكىمىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

<45> بېقىندى دۆلەت ـــ بۇ، كۈچلۈك بىر دۆلەت تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك كونتروللۇققا ئېلىنغان، ھەر تەرەپلىمە ئېغىر چەكلىمىلەر ئاستىدا

بويسۇنۇش بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، مۇستەقىللىقى نۇقسانغا ئۇچرىغان يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن ــ تارىختىكى خۇجىلار خانلىقى ( 1682 ــ 1757 ) غا ئوخشاش.

<46> خوتەن خانلىقى ــ ھونلار دەۋرىدىن باشلاپ كۆپىنچە يېرىم مۇستەقىللىق ھالەتتە تۇرغان. ۋىسا جەمەتى باشتىن ـ ئاياغ دېگۈدەك ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 1008 ـ يىلى قاراخانىيلار مۇكەممەل ئالغان. خەلقى ئەسلى ئارىئان، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە تولۇق ئۇيغۇرلاشقان.

<47> بۇلغارلار ــ 5 ـ ئەسىردە بۇلغار شەھرىنى پايتەخت قىلىپ دۆلەت قۇرغان. بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى قازان شەھرىدىن 60 ـ 70 كىلومېتىر يىراقلىقتا. كېيىن بۇلغارلار غەربىي ۋە شەرقىي دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. بۇ ۋاقىتتا شەرقىي ۋە جەنۇبىي ياۋروپادا بۇلغارلارسىز ھېچ ئىش قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شەرقىيلەر 10 ـ ئەسىردە يىقىلغان خەزەرلەرنىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ كۈچەيگەن. رۇسلار ئۇلارغا باج تاپشۇرۇپ ياشىغان. بۇ دۆلەتنى 1236 ـ يىلى باتۇخان يىقىتقان ئەمما بۇ موڭغۇللار تېزلا بۇلغارلارغا سىڭىشىپ كەتكەن. كېيىنچە بۇ بۇلغارلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ قولى بىلەن يەنە خانلىقى داۋاملاشقان ئەمما ئەمىر تۆمۈر بۇلغار زېمىنلىرىنى ئېلىش ئىشتىياقىدا كۆپ قېتىم باستۇرما قىلىپ، ئۇلارنى ئالالمىغان بولسىمۇ كۆپ ھالىدىن كەتكۈزىۋەتكەن. بۇ زەئىپلىك رۇسلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا كەڭ ـ كەڭرى شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن رۇسلار ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە خۇجايىن بولۇپ، ئاخىرى ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

<48> ماۋ زېدۇڭ ــ چوڭ خىتاي مىللەتچىلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەشھۇر خىتاي كوممۇنىست. 1893 ـ يىلى خۇنەندە تۇغۇلغان. 1941 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ 4 يىلدەك يەنئەندە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان. 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى

يولغا قويغان. 1950 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە باندىت تازىلاش؛ يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش؛ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش؛ تەتۈر ئىنقىلابچىلارغا قارشى تۇرۇش؛ پانتۈركىستلارغا قارشى تۇرۇش؛ پانئىسلامىستلارغا قارشى تۇرۇش؛ ئىستىل تۈزىتىش؛ ئېچىلىپ سايراش؛ 3 كە قارشى تۇرۇش؛ 5 قارشى تۇرۇش؛ 4 كونىنى يوقۇتۇپ، 4 يېڭىنى تىكلەش؛ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش؛ قارا يىپ دىكتاتورىسىغا زەربە بېرىش؛ تېرىلىش تەتۈر ئېقىمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش؛ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى؛ پومېشچىك، بۇزۇق ئۇنسۇر، خىيانەتچى يولۋاس، سېسىق 9 ـ، باي دېھقان، خائىن، قوش يۈرەك، بۇرژۇئازىيىنىڭ سېسىق مايسىلىرىغا زەربە بېرىش؛ پېڭ دېخۇەينىڭ ئوڭ ئاغمىچىلىق لۇشەنىگە قارشى تۇرۇش؛ ليۇ شاۋچىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي مۇرەسسەچىلىك لۇشەنىگە قارشى تۇرۇش؛ ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارشى تۇرۇش؛ ئوڭچىل ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇنسۇرلارغا قارشى تۇرۇش؛ خۇيپىڭغا قارشى ھەرىكەت؛ پېڭ دېخۇەي ـ خۇاڭ كېچېڭ ـ جاڭ ۋېنتيەن ـ جۇ شياۋجۇ پارتىيەگە قارشى ئوڭ ئاغمىچىلار گۇرۇھىغا زەربە بېرىش؛ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارغا زەربە بېرىش؛ سېرىق كىتابلارنى كۆيدۈرۈش؛ مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇش؛ 4 ـ ئاپرېل ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش؛ دېڭ شياۋپىڭنى تەنقىد قىلىپ، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش؛ پارتىيەگە قارشى پېڭ جېن ـ لۇ رۇيچىڭ ـ لۇ دىڭيى ـ ياڭ شاڭكۈن گۇرۇھىغا زەربە بېرىش قاتارلىق بىر قاتار ۋەھشىيانە ھەرىكەتلەرگە يولباشچىلىق قىلىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاساس قىلغان ھالدا نەچچە 100 مىليون ئادەمنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 1976 ـ يىلى 9ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئۆلگەن. 5 توم تاللانما ئەسىرى بار.

<49> يەنئەن ــ سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان كىچىك شەھەر. 1935 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە خىتاي كومپارتىيىسى مەركىزىي

كومتېتى تۇرغان، خىتاي كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولغان. خىتاي كومپارتىيىسى، پۈتۈن مەملىكەت بويىلاپ قىزىل تايانچ بازىلارنى قۇرۇش، 100 پولك ئۇرۇشى، يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قاتارلىق ئىستراتېگىيىلىك پائالىيەتلەرگە مۇشۇ شەھەردە تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلغان. ئەڭ مۇھىمى بۇ شەھەر، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى، ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تولۇق كونترول قىلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي كومپارتىيىسىگە ئەمەلىي ياردەمنى باشلىشى تۈپەيلىدىن خىتاي كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

<50> گومىنداڭ ـ سۇنجۇڭشەن قۇرۇپ چىققان خىتاي مىللەتچىلەر پارتىيىسى. 1912 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قۇرۇلغان. 1925 - يىلى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سۇنجۇڭشەن ئۆلگەندىن كېيىن جاڭ جېشى 1 - رەھبىرى بولغان. 1928 - يىلى خىتاي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمەت تەختىگە چىققان. 1937 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە خىتايغا بېسىپ كىرگەن ياپون بىلەن ئۇرۇشقان. 1946 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە خىتاي كوممۇنىستلار بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولۇپ تەيۋەنگە قاچقان. جاڭ جېشى 1975 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۆلگەن. ئورنىغا ئوغلى جاڭ جىڭگو چىققان. جاڭ جىڭگو 1988 - يىل ئۆلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن تەيۋەندە تەختتىن چۈشۈپ مۇخالىپ پارتىيەگە ئايلىنىپ قالغان. ھازىرقى رەھبىرى لىيەنجەن.

<51> جۇ ئېنلەي ـ 1898 - يىلى جياڭسۇدا تۇغۇلغان. پارىژدا، موسكۇۋادا ئوقۇغان. 1927 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەنچاڭ قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان. 1935 - يىلى ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. 1949 - يىلى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەتنىڭ باش ۋەزىرى بولغان. 1953 - يىلى 12 - ئايدىن 1954 - يىلى 4 - ئايغىچە ھىندى - خىتاي مەسىلىسى ئۈچۈن بېيجىڭدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزگەندە، سۆھبەتتە تېنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ 5 پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنى

پۈتۈن دۇنيا قوبۇل قىلغان. 1976 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۆلگەن. خىتايلار جۇگىلياڭ دەپ ماختىشىدۇ. چوڭ خىتاي مىللەتچىلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان دۇنيادا تەسىرى بار كوممۇنىست.

<52> مىلىتارىست — ئۇيغۇر ئېلىغا رۇسلار ئارقىلىق ياۋروپادىن كىرگەن سۆز.

پەقەت ھەربىي ئىنتىزام ۋە ئۇرۇش ئارقىلىقلا ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى يولغا قويغۇچى ھەممە ھوقۇقنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرىۋالغان ھەربىي رەھبەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

<53> جاڭ جېشى — 1887 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تۇغۇلغان. 1925 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خىتاي مىللەتچىسى سۇنجۇڭشەن ئۆلگەندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ 1 ـ رەھبىرى بولغان. خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىگە مۇدىر بولغان. كاممۇنىستلارغا قارشى ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان. 1949 ـ يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ ھۆكۈمەت مەركىزىنى تەيۋەنگە كۆچۈرگەن. 1975 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۆلگەن. چوڭ خىتاي مىللەتچىلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھەربىي مۇستەبىت.

<54> بەش قېتىملىق قورشاپ يوقىتىش — جاڭ جېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ، ئامېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن 1935 ـ يىلغىچە ئېلىپ بارغان خىتاي كوممۇنىستلىرىنى تۈپتىن يوق قىلىش مەقسىتىدىكى ئومۇمىي ھەربىي تازىلاش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

<55> ئادۇلكېرىم ئابباسوپ — خىتايپەرەس كوممۇنىست، تېگى ئاتۇش مەشھەتتىن، 1921 ـ يىلى ئۈچتۇرپاندا تۇغۇلغان، ئۇيغۇر. سەيپىدىن ئەزىز بىلەن تۇققانچىلىقى بار. ئالتە يېشىدا ئىلىغا كەلگەن. 15 يېشىدا ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋە شىنجاڭ شۆيۈەنى قارمىقىدىكى مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. خىتايچىنى پۇختا

ئۆگەنگەن. خىتاي كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان. 1939 - يىلى خىتايلارنىڭ شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان. 1942 - يىلى غۇلجىدا ئوقۇتقۇچى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەرجىمانى بولغان. «غۇلجا ئازاتلىق تەشكىلاتى» غا قاتناشقان. 1944 - يىلى دۆلەت قۇرۇلغاندا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ۋە قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار نازىرى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىبى بولغان. 1945 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مەخپىي قۇرۇلغان خىتايپەرەس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېت رەئىسى بولغان. كېيىن شىنجاڭ تېنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقىنىڭ خەۋەر-ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا بىرىنچى بولۇپ ئۇل سالغان. 1948 - يىلى 8 - ئايدا سوۋېتتا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. خوتۇنى — خىتاي، 3 بالىسى بولغان، 2 ئوغلى گۆدەكلا ئۆلۈپ كەتكەن. قىزى ھازىرمۇ ھايات، مەۋقەسىز ئىنسان.

<56> نەنجىڭ مىللىي قۇرۇلتىيى — گومىنداڭ تەرىپىدىن 1946 - يىلى 11 - ئايدا نەنجىڭدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قۇرۇلتىيى. ئەخمەتجان، ئابدۇلكەرىم، زىيا سەمەدى قاتارلىقلار بېرىپ قاتنىشىپ كەلگەن. شەرقىي تۈركىستانغا كوممۇنىست خىتايلارنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ۋەدە بېرىلگەن.

<57> ئەخمەتجان قاسىم — مىللىي كوممۇنىست، 1914 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. سوۋېتقا بېرىپ موسكۇۋا ئەمگەكچىلەر كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 1942 - يىلى 6 - ئايدا شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ ئىلى - تارباغاتايدا مەخپىي سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان. 1943 - يىلى 12 - ئايدا شىڭ شىسەي ( 1897 - 1970 ) تۈرمىگە تىققان. 1944 - يىلى 10 - ئايدا قويۇۋېتىلگەن. مىللىي ئارمىيىدە ئاشپەز، گېزىت

تـەھرىرى، ھۆكۈمـەتنىڭ بـاش كـاتىبى ، ھـەربىي ئىشـلار نـازىرى، ختـاي ـ شـەرقىي تۈركىسـتان جۇمھۇرىيىتـى سـۆھبەت ۋەكىلـى، شـىنجاڭ بىرلەشمـە ھۆكۈمـەتنىڭ مۇئـاۋىن رەئىسـى، شـىنجاڭ تىنچلىقنـى قوغـداش خـەلقچىل ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايـدا سوۋېتتا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. دادىسىنىڭ ئىسمى نـادىر ئـاخون، قاسىم تاغىسـىنىڭ ياملىسـى، ئەخمـەتجان شـۇنى ياملـە قىلىـپ ئىشـلەتكەن. ئايـالىنىڭ ئىسـمى مـاھىنۇر قاسـىم ، ئـۇ ختـاي ھۆكۈمىتـدە خىلـى يۇقـىرى سياسىي ئورۇنغا ئېرىشكەن.

ئەخمـەتجاننىڭ ئىككـى بالىسـى بـار ـــ ئادالـەت قاسـىم تېببىـي پەنلـەر دوكتورى، ئادىل قاسىم ـ ختاي مەمۇرى كادىرى. بۇ ئىككىسى ھېچقانـداق بىر ئېنىق سياسىي مەۋقەگە ئىگە ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ تەربىيىسى ئىنتايىن ناچار.

ئەخمەتجان ـ ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ناتىق.

<58> ختاي كومۇنىستىك پارتىيىسى ـ 1921 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كـۈنى شاڭخەيدە قۇرۇلغـان. چـېن دۇشـيۇ ( 1879 ـــ 1942 ) تۇنجـى رەئىـس بولغـان. ھـازىر 60 مىليونچـە ئەزاسـى بـار. ختـاي مىللەتچىلىرىـدىن تەشكىللەنگـەن قـاتخور كومۇنىسـتلار ئۇيۇشمىسـى. مـاۋ زېـدۇڭ ۋە دېـڭ شياۋپىڭ بۇ بەدبەختلەرنىڭ تارىختىكى مەشھۇر روچلىرى.

<59> دۇڭ بىۋو ـ 1886 ـ يىلـى 3 ـ ئـاينىڭ 6 ـ كـۈنى خـۇبېينىڭ خۇاڭئەندە تۇغۇلغان. ياپونىيەدە ئوقۇغان. 1911 ـ يىلى شىنخەي ئىنقىلابىغا قاتناشـقان. 1921 ـ يىلـى ختـاي كومۇنىسـتىك پارتىيىسـىنىڭ قـۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتناشقان. 1927 ـ يىلدىن 1931 ـ يىلغىچـە موسـكۇۋا جۇڭشـەن ئىنستىتۇتىدا ۋە لېنىن نامىدىكى ئىنسـتىتۇتتا ئوقۇغـان. 1945 ـ يىلـى لـوس ـ ئانجىلىستا ب د ت نىڭ قۇرۇلىشىغا قاتناشقان. 1949 ـ يىلـى ختـاي خـەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1975

ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئۆلگەن. « دۇڭ بىۋو تاللانما ئەسەرلىرى » دېگەن كىتابى بار.

<60> پېڭ چاڭگۈي ـ تۈركىستاندىكى ئىسمى ۋاڭ ئەندى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جاسۇسى. ساختا سالاھىيتى ئابدۇلكەرىمنىڭ ئايالى لۇسۇشىننىڭ تۇققىنى.

<61> خەندەك غازىتى ـ ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى قۇرەيش مۇشرىكلىرى، بەنى نۇزەير ۋە بەنۇ قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى، غەتفان قەبىلىسى ھەمدە مۇناپىقلار بىرلىشىپ مەدىنىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئىسلام تارىخىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇستىگە كەلگەن ئەڭ قىيىن سىناقلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئايال ـ باللىرىنى قوغدايدىغان بىرمۇ ئەركىشى قالمىغانتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالام ھەتتا پېشىن، ئەسىر، ناز شاملارنى جەملەشكە مەجبۇر بولغان ئىدى.

<62> ئەھلى كرىست ئۇرۇشى ـ بۇ ياۋروپا خرىستىئانلىرى قۇددۇس شەھىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قوزغىغان مەشھۇر ئۇرۇش. بۇ شەھەرنى مۇسۇلمانلار ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ( 548 ـ 644 ) نىڭ ۋاقتىدا خرىستىئانلاردىن ئالغان. ئۈچىنچى ھەرەم ھېسابلىنىدۇ. ياۋروپا خرىستىئانلىرى 1096 ـ يىلدىن 1271 ـ يىلغىچە 8 قېتىم نەچچە 100 مىڭ كىشىلىك ئارمىيە بىلەن قۇددۇسقا ھۇجۇم قىلغان. بەك پاجىئەلىك مەغلۇپ بولغان. ياۋروپا خرىستىئانلىرىنىڭ 1 مىڭ 500 يىللىق ئارزۇسى 9 ـ قېتىملىق كرىست ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىدە 1918 ـ يىلى ئەمەلگە ئاشقان. ياۋروپا خرىستىئانلىرى قۇددۇسنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە 1948 ـ يىلى ئىسرائىلىيىنى قۇرۇپ قۇددۇسنى ئۇلارغا بەرگەن. 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن كېيىن 10 ـ قېتىملىق ئەھلى

كرېست ئۇرۇشى رەسمىي باشلاندى. الله ئۇنىڭ نەتىجىسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىغا قىلىپ بەرسۇن، ئامىن!

<63> ۋىلادىمىر ئىلىئىچ ئۇليانوۋ ــ لېنىن لەقىمى. 1870 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ ئۇليانوۋ شەھىرىدە تۇغۇلغان. سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە رەھبىرى.1917 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى قوزغاپ، رومانوپ پادىشاھلىقىدىكى چاررۇسىيىنىڭ ئورنىغا سەيۇز سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىققان. كومۇنىستلارنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ماركىستىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ كاتتۋېشى ۋە چوقۇنۇدىغان رەھبىرى. 1924 ـ يىلى ئۆلگەن. ھازىرغىچە كۆمۈلمەي ماسكۇۋادا مۇمىيا قىلىپ ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەۋلادى يوق.

ئىئوسىپ لارىئونوۋىچ ستالىن ــ مىللىتى گىرۇزىن، ستالىن لەقىمى. 1879 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گىرۇزىيىدە تۇغۇلغان. دۇنيا كوممۇنىستلىرىنىڭ ماركس ۋە لېنىندىن كېيىنكى 3 ـ چوڭ رەھبىرى. 1924 ـ يىلى لېنىن ئۆلگەندىن كېيىن سەيۇز سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ( 1939 ــ 1945 ) دا دۇنيا كوممۇنىستلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ گېرمان فاشىستلىرى ۋە ياپونىيە بىلەن ئۇرۇشقان. ناتوغا قارشى دۇنيا كوممۇنىستلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ۋارشاۋا شەرتنامىسىگە ئەزا دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىققان. 1953 ـ يىلى موسكۇۋادا ئۆلگەن.

<64> 38 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەرقىي تۈركىستانغا 120 كادىر ئەۋەتكەن. بۇلارنى شىڭ شىسەي تەكلىپ بىلەن ئەكەلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىنىڭ 2 ـ يەنئەن دېگەن نامى بار ئىدى. بۇلار شىڭشىسەينىڭ مۇستەقىللىق ئويۇنىنىڭ قۇربانى بولغان. شۇلارنىڭ ئىچىدە چېن تيەنچۇ، لىنجىلۇ، ماۋزېمىنلارمۇ بار ئىدى. 1943 ـ يىلى 9 ـ

ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بۇ ئۈچىنى شىڭشىسەي قولغا ئالغان. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن. بۇلارنىڭ قەبرىسى ئۈرۈمچىدە.

<65> لۇتپۇللا مۇتەللىپ ــ قازاقىستاننىڭ ئۇيغۇر ناھىيىسىدە 1922 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تۇغۇلغان. ئاۋۋال خىتاي پەرەس كوممۇنىست شائىر بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن. كېيىن مىللىي كوممۇنىست بولۇپ كەتكەن. 1945 ـ يىلى ئاقسۇدا «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ غۇلجا ئىنقىلابىنى قوللىغان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاقسۇدا ھەمراھلىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

<66> ئۇھۇد غازىتى ـ ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى شەۋۋالدا مەدىنىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى ئۇھۇد دېگەن تاغ باغرىدا ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوتتۇرىسىدا بولغان غازات. بۇ غازاتتا ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيى باشچىلىقىدىكى ئوقچىلار قىسمىنىڭ غەپلەت بىلەن ئورنىدىن ئىجازەتسىز يۆتكىلىپ كېتىشى بىلەن مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولغان. پەيغەمبىرىمىز جاراھەتلەنگەن. 70 تىن كۆپرەك ساھابە شەھىد بولغان. ﷲ نىڭ يولۋىسى دەپ ئاتالغان زات ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ، مەشھۇر يەر ئاستى سىياسىي پائالىيەتچى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير مۇشۇ غازاتتا شەھىد بولغان. بۇ غازات ھەققىدە ﷲ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا سۈرە ئال ئىمراننىڭ 60 ـ ئايىتىنى نازىل قىلىپ مۇسۇلمانلارغا نەسىھەتنى بايان قىلغان.

<67> ھۇدەيبىيە سۇلھىسى ـ ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا پەيغەمبىرىمىز بىلەن 1 مىڭ 400 ساھابە ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە ئاتلانغان. ھۇدەيبىيە دېگەن جايغا كەلگەندە مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبىرىمىز بىلەن، مەككىگە بۇ يىل ئەمەس كېلەر يىلى كىرىپ ھەج قىلىش ھەققىدە توختاملاشقان. بۇ توختام بويىچە ھەر ئىككى تەرەپ 10 يىل ئۇرۇش توختىتىشقا كېلىشكەن. مانا بۇ ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر

هۇدەيبىيە سۇلھىسى. بۇ جەرياندا يەنە اﷲ سۇبھانە ۋەتائالا پەتھ سۈرىسىنىڭ 18 ـ، 19 ـ ئايەتىدە ماختىغان رىزۋان بەيئىتى قىلىنغان.

<68> مەككىنىڭ پەتھ بولۇشى ــ ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى رامىزاننىڭ 20 ـ كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ 10 مىڭدىن كۆپرەك ساھابىلەرنى باشلاپ كىرىشى بىلەن تاماملانغان. بۇنىڭ بىلەن مەككە كۇپرىنىڭ ئۇۋىسىدىن ئىسلامنىڭ قورغىنىغا ئايلانغان. اﷲ يەنە ئۇنى ئۆزىنىڭ سادىق مۇجاھىدلىرىغا قايتۇرۇپ بەرسۇن، ئامىن!

<69> ئۈچ كىشىنىڭ ئارقىمۇ ـ ئارقا قوماندان قىلىنىشى ــ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەلچىسى ھارىس ئىبنى ئۇمەير «مۇئتە» دېگەن جايدا شەھىد قىلىنغان. پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن زەيد ئىبنى ھارىس باشچىلىقىدا 3 مىڭدىن كۆپرەك ساھابىلەردىن بىر قوشۇن تەشكىللەپ ئەۋەتكەن. ئەۋەتىش ئالدىدا ــ ئەگەر زەيد ئىبنى ھارىس شەھىد بولسا جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىپ، ئۇمۇ شەھىد بولسا ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە قوماندان بولسۇن، ئەگەر ئۇمۇ شەھىد بولسا ئىچىڭلاردىن بىرىنى قوماندان قىلىپ سايلاڭلار دېگەن مەزمۇندا ۋەسىيەت قىلغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۈچ ئەمىر شەھىد بولغان. كېيىن ساھابىلار اﷲ نىڭ قىلىچى خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوماندان قىلىپ سايلاپ جەڭدە غەلىبە قىلغان.

<70> ھۇنەيىن غازىتى ــ مەككە پەتھىدىن كېيىن مەككە ئەتراپىدىكى ھەۋازىن ۋە سەقىپ ئەرەبلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش. بۇ غازاتقا يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن مەككە خەلقى ۋە بىر قىسىم مۇشرىكلار ھەم غەنىمەت تاماسىدا چىققان. جەڭ باشلىنىپ ـ باشلانمايلا بۇلارنى ئاساس قىلغان زور كۆپچىلىك قوشۇن ئارقىغا قاچقان. جەڭ مەيدانىدا كونا مۇجاھىدلاردىن 300 دىن كۆپرەك ئادەم مەھكەم تۇرۇپ ئۇرۇشۇپ 4 مىڭدىن كۆپرەك كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان.

<71> لاتۋىيە ــ زېمىنى 63 مىڭ 700 كۇۋادىرات كىلومېتىر. نوپۇسى 2 مىليون 566 مىڭ. 95 % تىن كۆپ كىشى لاتىش تىلىدا سۆزلەيدۇ. دىنى ــ پروتېستانت. رۇسلارغا ئۆچ. پايتەختى رىگا. 900 مىڭ نوپۇسى بار. سانائىتى ئوتتۇرىچە. جەنۇپتا لىتۋا، شەرقتە رۇس ۋە ئاق رۇس، شىمالدا ئېستونىيە، غەربتە بالتىق دېڭىزى بىلەن چېگرالىنىدۇ. لاتۋىيەدە لاتىش مىللىتى 52%، رۇسلار34% ، قالغانلار 14% . لاتىشلار 17 - ئەسىردە مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن. 1940 - يىلى لاتۋىيىنى سوۋېت بېسىۋالغان. 1991 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مۇستەقىل بولغان.

<72> ۋلادىۋاستوك ــ ياپون دېڭىزىنىڭ بويىدا. خىتايچە ئىسمى خەيشەنۋېي. چاررۇسىيە 19 - ئەسىردە چىڭ سۇلالىسىدىن تارتىۋالغان. هازىر رۇسىيەنىڭ پرىمورسكى كرايىنىڭ مەركىزى. سوۋېتنىڭ مەشهۇر تېنچ ئوكيان فلوتى جايلاشقان شەھەر. مۇهاجىر چېچەنلەر ياشايدۇ. هازىر خىتاي ئاققۇنلارنىڭ تەھدىتىدە قالغان.

<73> مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي - تاكتىكا تەجرىبىلىرى ــ بۇ مەخسۇس بىر پەن بولۇپ، ئۇنى كىچىككىنە بىر كىتابچىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنىڭ پەقەتلا مۇمكىنچىلىكى يوق. قېرىنداشلارنىڭ بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىگە ئاساس بولسۇن ئۈچۈن مەن تۆۋەندە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي - تاكتىكا تەجرىبىلىرىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشىنى ئەسكەرتىپ قويدۇم: <1> مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلغان ۋاقىتتىكى ھەربىي - تاكتىكا تەجرىبىلەر. <2> قانۇنلۇق تۆت خەلىپە مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلغان ۋاقىتتىكى ھەربىي - تاكتىكا تەجرىبىلەر. <3> ئۇمەۋىيلەر مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلغان ۋاقىتتىكى ھەربىي - تاكتىكا تەجرىبىلەر. <4> ئابباسىيلار مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلغان ۋاقىتتىكى ھەربىي - تاكتىكا تەجرىبىلەر. <5> ئۇممەت پارچە

ھاكىمىيەتلەرگە بۆلىنىپ تۇرغان بۆلۈنمە مەزگىلىدىكى ھەربىي ـ تاكتىكا تەجرىبىلەر. <6> ئوسمانىيلار مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلغان ۋاقىتتىكى ھەربىي ـ تاكتىكا تەجرىبىلەر. <7> خىلاپەتسىز قالغان ھازىرقى ۋاقىتتىكى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەربىي ـ تاكتىكا تەجرىبىلىرى.

بۇ يەتتە باسقۇچ يەنە ئۆز ئىچىدىن مىللەتلەر ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بويىچە تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ.

<74> ھونلار دەۋرى ــ بۇ دەۋر ئۈچكە بۆلۈنىدۇ ــ (1) ئىپتىدائىي خانلىق دەۋرى. بۇ مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 15 ـ ئەسىرلەردىن مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 3 ـ ئەسىرگىچە. (2) ئىمپېرىيە دەۋرى. مىلادىيىدىن بۇرۇن باتۇرخان تەختكە چىققاندىن مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگىچە. (3) پارچىلىنىش، سىڭىشىش دەۋرى. مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن 6 ـ ئەسىرگىچە.

ھونلار ئۆز دەۋرىدە ــ تۈرك تېررىتورىيىسى، تۈرك روھىيىتى، تۈرك دىپلوماتىيىسىنى مىراس قىلىپ كەتكەن.

<75> غەربىي ھونلار ــ 2 مىڭ 500 يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن ھون دۆلىتىنى خىتايلار مىلادىيە 48 ـ يىلى شىمالىي ۋە جەنۇبىي ھونلار دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىغان. مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 108 ـ يىلدىن مىلادىيە91 ـ يىلغىچە ئۇرۇشۇپ، خەنلەر شىمالىي ھونلارنى ئوتتۇرا ئاسىياغا قوغلىغان. شىمالىي ھونلار ئۇ يەردە 91 ـ يىلدىن 376 ـ يىلغىچە ھون دۆلىتىنى قۇرۇپ تۇرغان. 375 ـ يىلى بالامىر يېتەكچىلىكىدە شەرقىي ياۋروپانى ئالغان. مىلادىيە 400 ـ يىلى ئاتىللا رىمغا ھۇجۇم قىلىپ 405 ـ يىلى ئۇ يەرنى ئېلىپ غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنى يوق قىلغان. 1453 ـ يىلى بۇ ھون دۆلىتى پارچىلانغان. ۋارىسى ــ ھونگىر، ھوللاند، فىنلار.

<76> ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ــ ماكىدونىيەدە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 356 ـ يىلى تۇغۇلغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 323 ـ يىلى 33 يېشىدا ئۆلگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 336 ـ يىلدىن باشلاپ شەرققە ئومۇمىي

ھۇجۇم باشلاپ ئاخمانىيلار سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 330 ـ 550) نىڭ يېرىمىنى، ھىندى تېررىتورىيىسىنى ئالغان. ئەسلى ئىسمى ئالېكساندىر ماكىدونسكى. پەيغەمبەرلىكىدە ئىختىلاپ بار. ئوتتۇرا ئاسىيانى ئالالمىغان.

<77> راشىدىن خوجا ـ كۇچا خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. بۇ خانلىق 1864 ـ يىلدىن 1867 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. 1867 ـ يىلى ياقۇب بەگ قەشقەر دۆلىتىگە قوشۇۋالغان ۋە راشىدىن خوجىنى ـ دۆلەت تەۋەلىكىدە قىمارنى يولغا قويغان، جازانىخورلۇق قىلغان، نىكاھى بار خوتۇننى نىكاھلىۋالغان دېگەن ئەيىب بويىچە ئۆزىنى ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ئىجرا قىلغان.

<78> كۇچا خانلىقىنىڭ قوماندانى ئىسھاق بەگ كورلىنى ئىگەللەپ قاراشەھەرگە ماڭغاندا قارا شەھەر دەرياسىنىڭ بويىدا، ئۈرۈمچىنىڭ 470 زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان 20 مىڭ چېرىكى بىلەن قاراشەھەرنىڭ نەچچە مىڭ چېرىكىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغاندا، 2 مىڭ مۇجاھىدنى يېتەكلەپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۈچ كۈندە يوق قىلىپ قارا شەھەرنى پەتىھ قىلغان.

<79> تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەربىي تاكتىكا ـ تەجرىبىلىرى ـــ بۇ يېڭىدىن تەتقىق قىلىنىۋاتقان بىر تېما، شۇڭا بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مەن قېرىنداشلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىغا پايدىسى تېگەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە تۆۋەندە بىر تۈركۈم تەتقىقات ماتېرىياللىرىنىڭ تىزىملىكىنى يېزىپ قويدۇم: مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى، ئوغۇزنامە، تەزكىرەئى بۇغراخان، قۇتادغۇبىلىك، بابۇرنامە، تارىخى رەشىدى، تارىخى رەشىدى زەيلى، تارىخى شاھ مۇھەممەد جۇراس، تارىخى ھەمىدى، ئۇرۇش ۋە قوماندان، سۈن ۋۇزىنىڭ ھەربىي تەدبىرلىرى بىلەن قۇتادغۇبىلىكتىكى ھەربىي ئىلىمگە ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات، ئۇرۇش ۋە تېنچلىق مەنتىقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ئىشلار مەدەنىيەت تارىخىدىن تېزىسلار.

<80> ناپالېيون ــ 1769 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تۇغۇلغان. فرانسىيىنىڭ پادىشاھى بولغان. 1798 ـ يىلى مىسىرغا يۈرۈش قىلغان. 1804 ـ يىلى ھىندىدا ئەنگلىيىگە يېڭىلگەن. 1812 ـ موسكۋانى ئىشغال قىلغان ئەمما كېيىن مەغلۇپ بولغان. 1821 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ ئاتلانتىك ئوكياندىكى ھېلېنا ئارىلىدىكى تۈرمىدە ئۆلگەن.

<81> ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى ــ 1979 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە ئىران، ئىراق ئوتتۇرىسىدا بولغان مىللىي ـ دىنىي ئۇرۇش. ئىككى تەرەپتىن 1 مىليون ئەتراپىدا ئادەم ئۆلگەن. ئاقۋەت ئىراق سوۋېتنىڭ ياردىمى بىلەن مۇئەييەن تېررىتورىيىنى بېسىۋالغان ۋە ئىراننى شۇنىڭ بىلەن 1979 ـ يىلى رۇسنىڭ ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن كېلىپ چىققان ئافغانىستان ۋەقەسىگە ئارىلاشتۇرمىغان.

<82> ئەرەپات ــ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد ئابدۇرەۋۇف. 1929 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قاھىرەدە تۇغۇلغان. پەلەستىن ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى. 1968 ـ يىل پ ئا ت نىڭ رەئىسى بولغان. 2004 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى فرانسىيىدە ئۆلگەن. مىللىي دېموكرات.